# 3


# 1998





ISSN 1004-1745


## هاياتلىقنىڭ بارلىق ھەرىكىتىدە كالتسىي كەم بولسا بولمايدۇ


– روسى ئېيدى (ئامېرىكا نېرۋا بىئولوگىيە ئالىمى)









# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1998 - يىل 3 - سان ئومۇمىي 68 - سان


## مۇندەرىجە

### ھېكايىلەر


بۆرە جىلغا ........ مەمتىمىن ھوشۇر 1

قاغدام ........ ئەركىنجان ئەمەت 9

بالا ۋە ئۇنىڭ تورۇق ئېتى ........ ۋەلى داۋۇت 15

سۇلايمان لايغەزەل ........ ئەركىن سابىر 18


### پوۋېست


چىنار ........ پەرھات تۇرسۇن 64


### ۋەتەن ۋە بۇرچ


ئۇرۇش ۋە «قۇملۇقتىكى ئاي» ........ ھۇسەيىن تاش 35


### شېئىرلار


بوغدا ئابدۇللا، مۇھەممەت سەلەي، مۇھەممەتروزى ئابدۇقادىر ........ 11


### ئەدەبىي خاتىرىلەر


سىمۇول ئېگى ۋە مەدەنىيىتىمىزدىكى بۆھران ........ باتۇر روزى 88


### ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


كېرىمجان سۇلايمان، ئەزىزى، ئابلىكىم ھەسەن، ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن)، تۇرا ئوبۇل، تۇراخان توختى، ئابدۇرەشىت ئېلى، قۇربان ئابلىمىت، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت ........ 27


### ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرە


شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىت گۈزەللىكى ........ دولقۇن ئەلى 48

ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدىكى زور نەتىجە ........ كېرىمجان ئابدۇرېھىم 101

## ستۇدېنتلار


شېئىرلار ......................... ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم، كەنجى خۇمارجان، مۇشتاق كامال 51
جەننەتكە تۇتاشقان دەريا (ھېكايە) ......................... ئەمەتجان مۇھەممەت 54
چىنتۆمۈر باتۇر (ھېكايە) ......................... ياسىن مۇھەممەتنىياز 58


## كلاسسىكلىرىمىز


بابا رەھىم مەشرەب غەزەللىرىدىن ......................... مۇھەممەت پولات 99


## مەخسۇس سەھىپە


بالىلار ئەدەبىياتى ......................... 96
مەرھابا يېڭى ئىستېمال ......................... 109


## چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر


ئون ئىككى (داستان) ......................... ئالېكساندىر بلوك [روسىيە] 104


## ئەدەبىي ئۇچۇرلار


ئەدەبىي ئۇچۇرلار ......................... 108


**مۇقاۋا 1 - بەتتە: ۋاسكىتبول شاھى ئادىلجان سۇلايمان**

## تەھرىر ھەيئەتلەر


ئىمىن ئەھمىدى، مەمتىلى ئابدۇرېھىم، ئەكبەر ئېلى، ئازات سۇلتان، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، تۇرسۇن توختى، تۇردى ھاشىم، بوغدا ئابدۇللا، غوپۇر نۇر، ئىدرىس بارات، مۇختار مەخسۇت، پولات ھېۋزۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر.

باش مۇھەررىر (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر ئۆمەر، ئەكبەر سالىھ (ياردەمچى مۇھەررىر)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت




(ھېكايە)

**مەمتىمىن ھوشۇر**

بۇ يىل يازلىق دەم ئېلىشنى مەن «بوستان» يېزىسىدا ئۆتكۈزدۈم. بۇ تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، ئىسمى جىسمىغا لايىق چىرايلىق مەھەللە ئىدى. مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يىراقلارغا سوزۇلغان ئېتىزلىق، ئارقا تەرىپىدە بولسا يايپېشىل دۆڭلۈكلەر كۆزگە تاشلىنىپ ياتاتتى. بۇ دۆڭلۈكلەر بارغانسىرى ئېگىزلەپ قارىغايلىق تاغلارغا، قىشى - ياز ئاپئاق قار بىلەن چۈمكۈلۈپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك چوققىلارغا تۇتىشاتتى. تاغ ئىچىدىكى چوڭقۇر جىلغىدىن تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، كۆۋەجەپ چىقىپ كېلىدىغان مۇزدەك تاغ سۈيى چوڭ بىر ئۆستەڭ ھاسىل قىلىپ مەھەللىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. باغلىق ھويلىلار ئىچىدىكى ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى، مەھەللە ئەتراپىدىكى زىرائەتلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان بولۇق ئېتىزلار، رەڭمۇ رەڭ دالا گۈللىرى بىلەن بېزەلگەن ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر، كۆكۈش تۇمان ئىچىدە ياتقان قارىغايلىق چوققىلار، مەھەللە ئىچىدىن دۆڭلۈكلەرگە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن ئەگرى - بۈگۈر ئاياغ يوللار، ئۆستەڭ ئۈستىگە سېلىنغان سالاسۇنلۇق كونا ياغاچ كۆۋرۈك يىراقتىن قارىغان ئادەمگە بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۇستا بىر رەسسام سىزغان قەدىمىي ماي بوياق رەسىملەرگە ئوخشاپ كېتەتتى.

بۇ مەھەللىنىڭ تارىخىنى ھاشىم بوۋايدىن ئۇختىراق بىلىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە: بۇ مەھەللە ئىلگىرى مالچىلار ماللىرىنى قىشتىن ئۆتكۈزىدىغان بىر قىشلاق ئىكەن، كۈن ئىللىپ قارلار ئېرىشى بىلەنلا مالچىلار كىگىز ئۆينىڭ جابدۇقلىرىنى ئات - ئۆكۈزلىرىگە ئارتىپ، ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ تاغقا كۆچۈشكە باشلايدىكەن؛ ماللىرىنى ئوتلىتىپ تاغدىكى قارلىق چوققىلارنىڭ ئەتراپىغىچە يېتىپ بېرىپ، كۈن سوۋۇشقا باشلىغاندا يەنە ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ قىشلاققا قايتىپ كېلىدىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، قىشلاقنىڭ تۆۋىنىدىكى تۇزلەڭلىكلەر ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلۇپ، قىشلاق بىر مەھەللە بوپتۇ. ھازىرمۇ بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق قىلسا، يەنە بىر قىسمى مال باقىدىكەن.

مېنى ھەممىدىنمۇ بەك قىزىقتۇرغىنى سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى ئوخچۇپ ئېقىپ چىقىۋاتقان ئاشۇ جىلغا. كىشىلەر بۇ جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دېيىشىدۇ. جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن ماڭماق قىيىن. جىلغا ئىچى بىلەن ماڭغىنىڭدا سۈيىگە قېنىپ ھەر تەرەپكە شاخ تارتىپ ئۆسكەن تاغ تېرەكلىرى، بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن چاتقاللار، تىك قىيا، ئاقباش چوققىلاردىن شارقىراپ چۈشۈپ جىلغا سۈيىگە قېتىلىۋاتقان تارماق ئېقىنلار ئالدىڭىزنى توسۇپ قويىدۇ. بۇ ھەيۋەتلىك جىلغىنى جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكلەرنى ياقىلاپ مېڭىپلا ئۈستىدىن تاماشا قىلىشقا بولىدۇ. جىلغىنى ياقىلاپ يۇقىرىلىغانسېرى قارىغايلىق تاغلارغا بېرىپ ئۇلىشىسىز. قارلىق چوققىلاردىن جىلغا ئىچىگە شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇلار يىراقتىن قارىغان كىشى-

گە تۆۋەنگە تاشلانغان كۆمۈش لېنتىدەك كۆرۈنە-
دۇ. شۇ چاغدا سىز: ئېھتىمال شائىرلار تاغ
سۇلىرىغا بېغىشلاپ يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى
مۇشۇنداق مەنزىرىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ يازغان
بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالىسىز. . . ئەنە شۇ
چوققىلاردىن ئەسىرلەردىن بېرى ئېقىپ چۈشۈ-
ۋاتقان تاغ سۇلىرى بۇ يەردە شۇنداق ھەيۋەتلىك
جىلغىلارنى ھاسىل قىلغان. يۇقىرىدىن تۇرۇپ
قارىسىڭىز بەزىدە چوڭقۇر جىلغا ئاستىدىكى سۇ-
لارمۇ كۆرۈنمەي قالىدۇ؛ قۇلاق سالسىڭىز بۇژ-
غۇنلار چاچرىتىپ، گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان تاغ
سۇلىرىنىڭ بوغۇق ئەكس ساداسىنىلا ئاڭلايسىز.

بىر كۈنى تۇيۇقسىز خىيالىمغا: نېمىشقا بۇ
جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دەپ ئاتايدىغاندۇ؟ دېگەن
سوئال كېلىپ قالدى. سوراپ كۆرمەكچى بولۇپ
ھاشىم بوۋاينىڭ ئۆيىگە باردىم. بوۋاينىڭ نەۋرە
قىزى ئالدىمغا داستىخان سالدى. ھاشىم بوۋاي
يېشى سەكسەنلەردىن ھالقىپ كەتكەن، ئۆمرى
مۇشۇ تاغ ئىچىدە مال بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن
ئادەم ئىدى. ئۇ قەددىنىڭ سەل پۈكۈلگىنىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاپئاق ساقال - بۇرۇتلىرى
ئۆزىگە يارىشىپ، ھېلىمۇ تېمەن تۇرۇپتۇ. شۇ
كۈنلەردىمۇ يولى كەلگەندە قىمىزنى ياشلاردىن
كۆپرەك ئىچەلەيدىكەن. بىز قىمىز ئىچىپ ئول-
تۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

- قېرىلىق يەتتى، - دېدى بوۋاي، - سىنىڭ-
دەك ۋاقىتلىرىمىزدا بىر ئاتنىڭ ئۈستىدە يۈرەت-
تۇق. ھازىر مالنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان
بولۇپ قالدىم. ئەمما تاغنىڭ خۇمارى دېگەن يەنە
باشقا گەپكەن. ياز كەلدىمۇ، ئۆيدە ئولتۇرالماي-
مەن، ئاتنى ئىگەرلەپ، ئېتىزنىڭ ئىشىنى باللا-
رغا تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن. تاغلارنى بىر ئايلى-
نىپ، مالچى ئاغىنىلىرىمنى يوقلاپ، يايلاقتا ياي-
پاشلاپ يېتىپ قىمىز ئىچىپ كەلمىسەم كۆڭلۈم
ئۇنىمايدۇ. . . ماۋۇ ئاخشاملا ئېلىپ چۈشكەن
قىمىز ئىدى، ئېغىز تەگ.

ئاپقۇردىكى مايلىشىپ تۇرغان قىمىزنى قو-
لۇمغا ئېلىپ، قېنىپ - قېنىپ سۈمۈردۇم. پۈ-
تۈن بەدىنىم ياپراپ كەتكەندەك بولدى.

- ھاشىم بوۋا، مەھەللىنىڭ يېنىدىكى جىل-
غىنى نېمىشقا «بۆرە جىلغا» دەيدۇ؟ - دەپ سورى-
دىم مەن ئاغزىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ھە، سەن جىلغا تەرەپكە باردىڭمۇ؟ -
دېدى بوۋاي كۈلۈپ.

- باردىم، ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك جىلغا ئە-
كەن.

- سەن خېلى ئوقۇغان ئادەمغۇ، ئۆزۈڭ دەپ-
باققىنە، نېمىشقا بۇ جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دەي-
دىغاندۇ؟

- بىلمىدىم، - دېدىم مەن، - ئېھتىمال،
بۇرۇنلاردا بۇ جىلغىنىڭ ئەتراپىدا بۆرە تۇرغۇن
بولسا كېرەك.

- بۆرىسى يوق تاغ بولامدۇ؟

- ئەمىسە، نېمىشقا يالغۇز مۇشۇ جىلغىنىڭلا
نامى «بۆرە جىلغا» دەپ ئاتىلىپ قالغان؟

ھاشىم بوۋاي ئالدىدىكى قىمىزدىن تازا بىر
سۈمۈرۈپ، ساقال - بۇرۇتىنى ئالقىنى بىلەن
ئېرتىپ، خىيالغا چۈشۈپ تۇرۇپ كەتتى - دە:

- بۇرۇن بۇ جىلغىنى «گۆر جىلغا» دېيەت-
تۇق. ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ، بۇ جىلغىنىڭ يۇقىرى
تەرىپى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر، قىش - ياز كۈن
نۇرى چۈشمەي گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدۇ.
كېيىن نېمىشقا بۇ يەرنى «بۆرە جىلغا» دەيدىغان
بولۇپ قالدى؟ دېسەڭ، بۇ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر
ھېكايە، - دېدى.

* *

- بىز كىچىك چاغلاردا، بۇ ئەتراپتا ياقۇپباي
دېگەن بىر كاتتا باينىڭ ماللىرى يايلايدىغان، -
دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى بوۋاي، - ياقۇپباي مال
دۇنياسىنىڭ ھېسابىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان چوڭ
باي دەپ ئاڭلايتتۇق. باينىڭ يەنە باشقا يايلاقلاردى-
مۇ نۇرغۇن ماللىرى، شەھەردە ھەشەمەتلىك سې-
لىنغان ئىچكىرى - تاشقىرى قورۇ - جايلىرى
بار ئىكەن. تاشقىرىقى قورۇدا ئۇنىڭ خىزمەتچىلى-
رى، شەھەرگە ئىش - كۈش بىلەن چۈشكەن
مالچىلار تۇراتتىكەن؛ ئىچكىرىكى ياسىداق ئۆي-
لەردە باي ئۆزى چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرى بىلەن
تۇرىدىكەن. يەنە بىرقانچە يەرلەردە ئەنجان تاملار
بىلەن قورشالغان چوڭ مېۋىلىك باغلىرىمۇ بار
ئىكەن. راستىمنى ئېيتسام، ياقۇپباي دېگەن ئاق
ئادەممۇ - قارىمۇ؟ بويى ئېگىزمۇ - پاكارمۇ؟
مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان. بىزنىڭ تولىراق كۆرى-
دىغىنىمىز، باينىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى
قىلىدىغان خىزمەتچىلىرى ئىدى. باينىڭ ھېسا-

باتچىلىرى ھەر يىلى بىر ـ ئىككى قېتىم كېلىپ، ئۆلگەن، يۇتكەن، تۇغۇلغان ماللارنىڭ سانىنى دەپتىرىگە خەتلەپ، مالچىلار بىلەن بولغان ھېساب ـ كىتابىنى پۈتتۈرۈپ كېتىشەتتى. ياقۇپبايىنى مەن تالا ـ تۈزگىمۇ چىقماي، ساندۇقلىرىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى شاراقلىتىپ ساناپلا ئولتۇرىدىغان ئادەممىكىن دەپ ئويلايتتىم.

ئۇ كەملەردە تاغنىڭ بۆرىلىرى ھازىرقىغا قارىغاندا ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. بۆرىلەر تۇتۇپ يەيدىغان ياۋايى ھايۋانلارمۇ يېتىپ ئاشاتتى. مالچىلارنىڭ ھەر بىر قورۇ ماللىرىنى قورۇقدايدىغان ئېشەكتەك يوغان ئىتلىرى بولىدىغان، بۆرىلەر ئېچىرقاپ بولالمىغان چاغلىرىدىلا مالچىلارنىڭ مالىرىغا چېقىلاتتى. بەزىدە تاغ يوللىرىدا يالغۇز قالغان يولۇچىلارنى بۆرى يەپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدىغان. تەجرىبىلىك مالچىلار بۆرىلەرنىڭ دائىم ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يوللىرىنى بىلەتتى. شۇنداق يەرلەرگە قاپقان قويۇپ بۆرە تۇتاتتى. تۇتقان بۆرىلىرىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، تېرىسىنى يىغىپ، شەھەردىكى ياقۇپبايغا كىرگۈزۈپ بېرىشەتتى. ئېمىشقا دېسەڭ، ئۇ زامانلاردا قىشنىڭ سوغۇقى ناھايىتى قاتتىق، بايلار ياقىلىق بۆرە جۇگىلارنى كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۆرىلەرنىڭ تېرىسىنى بايغا تاپشۇرىدىغان ئىشنى باينىڭ يايلاقتا پات ـ پات چىقىپ تۇرىدىغان ھېلىقى ھېساباتچى غالچىلىرى ئويلاپ تاپقانىدى. مالچىلار ياقۇپبايغا قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ غالچىلىرىدىن بەكرەك قورقۇشاتتى. بۇ ئىككى پۇتلۇق بۆرىلەر تاغنىڭ تۆت پۇتلۇق بۆرىلىرىدىن يامانراق ئىدى. ئۇلار تاغقا ھەر بىر چىققىنىدا كۆنىگە بىرنەچچە قوينى سويۇپ يەپ، قايتقاندا يەنە ھارغىچە گۆشىنى غانجۇغىلاپ مېڭىشاتتى. ئۆلتۈرۈلگەن بۇ قويلارنىڭ ھېسابىنى «بۆرە يېدى» دەپلا دەپتەرگە يېزىشاتتى. ئاندىن مالچىلارنىڭ تۇتقان بۆرىلىرىنىڭ تېرىسىنى ئاپىرىپ بايغا كۆرسىتىپ، زىياننىڭ ھەقىقەتەن بۆرىلەردىن بولۇۋاتقىنىغا ئىشەندۈرۈشەتتى.

ياقۇپبايغا ھەر بىر يايلاقتىن مۇنداق كېلىپ تۇرىدىغان بۆرە تېرىلىرى ئازمۇ دەيسەن، ئۇنىڭ ھەممىسىنى باي جۇگا كىيىپ تۈگىتەلەمتى؟ . . . ياقۇپباينىڭ يامۇلدىكى ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىكەن. باي يىغىلغان بۆرە تېرىلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ، يامۇلغا سوۋغات قىلىپ كىرگۈزۈپ بېرەتتىكەن. شۇ چاغلاردا بۆرە تېرىسىدە جۇگا كىيىش بىر مەزگىل ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن دېيىشىدۇ. ياخشى ئەيلەنگەن بۆرە تېرىسى كۆركەم، ئىسسىق ھەم يېنىك بولىدۇ. بايلار، ئەمەلدارلار، سۆلەتۋاز بايۋەچچىلەر، ئۇلارنىڭ خېنىملىرى ھەممىسى دېگۈدەك بۆرە جۇگا كىيىدىغان بوپتىكەن. شۇ زاماننىڭ تىككۈچىلىرىنىمۇ بازار تالىشىپ، بۆرە جۇگىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ پوسۇنلىرىنى ئويلاپ تېپىشقان دېيىشىدۇ. بولۇپمۇ خېنىملارنىڭ جۇگىلىرىنى تىككەندە تېرىنىڭ رەڭگى پار كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ، ناھايىتىمۇ تۈجۈپلەپ تىكەتتىكەن. بەزى تىككۈچىلەر تولۇمچىلاپ سويۇلغان ئىككى بۆرە تېرىسىنى تاللاپ، بۆرىنىڭ تۇمشۇق تەرىپىنى جۇگا ياقىسىنىڭ ئىككى بېشىغا توغرىلاپ تىكىپ چىقىدىكەن، مۇنداق جۇگىنى كىيگەن خېنىم ياقىسىنى تۈگمىلىسە، بۆرىنىڭ ئىككى تۇمشۇقى دەل خېنىمنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەيدىسى ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ، خۇددى ئىككى بۆرە بۇ خېنىمنىڭ يۇمشاق كۆكسىنى تالىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن خىرىس قىلىپ تۇرۇشقاندەك ھەيۋەت كۆرۈنىدىكەن.

بىر يىلى تاغقا ناھايىتىمۇ قېلىن قار چۈشۈپ، قاتتىق سوغۇق بولدى. ئاچ قالغان بۆرىلەر قوتراپ بىزنىڭ بۇ قىشلاققىچە يېتىپ كەلدى. كېچىسى مال قوتانلىرىغا تۇيۇقسىز يوپۇرۇلۇپ، قويلارنىڭ يېگىنىنى يەپ، يېمىگەنلىرىنى بوغۇپ قويۇپ كېتىشەتتى. يانپېشى، قۇيرۇقى يۇلۇۋېلىنغان بەزى قويلار ئېچىنىشلىق مەرەيتتى. بۆرىلەر توپلىشىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلغان بولسا كېرەك، مالغا قارايدىغان ھېلىقى يوغان ئىتلىرىمىزمۇ قۇيرۇقىنى قىسىپ، كاڭشىغىنىچە بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭغا كىرىپ كېتىشكەنىدى. بۇ پاراكەندىچىلىك بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ زىيان چوڭىيىپ كەتكەندىن كېيىن، چوڭلار شەھەرگە ئادەم كىرگۈزۈپ، ئەھۋالنى بايغا خەۋەر قىلىشتى. بۇ ئىشنى ياقۇپبايغا بىرەرسى مەسلىھەت قىلدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلدىمۇ بىلمىدىم، بۆرىلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان باي «نېمىشقا يامۇلدىكى چېرىكلەردىن بىرنەچچىسىنى ئېلىپ چىقىپ بۆرىلەرنى ئاتمايمىز» دېگەنـ

نى ئويلاپتۇ. يامۇلدىكى ئەمەلدارلارمۇ باينىڭ ئۆتۈنۈشىنى يەردە قويماي، چېرىكلەر ئىچىدىن بىر مەرگەننى تاللاپ چىقىرىپ بېرىپتۇ.

مەرگەننى قىشلاققا ياقۇپباينىڭ ھېساباتچىلىرىدىن بىرى باشلاپ چىقتى. ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە ئون نەچچە ئۆيلۈك مالچىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈمسىز پاكار - پاكار ئۆيلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە تارقاق چوقچىيىپ تۇراتتى. مەرگەن چىققان كۈنى ھەممىمىز ئولىشىپ ئۇنى كۆردۇق. مەرگەن بەستلىك كەلگەن، ساقاللىق، چىرايى قارىداپ كەتكەن بىر ئادەم ئىكەن. بېشىغا كونا بىر پاختىلىق قۇلاقچا، ئۇستىگە كۆلرەڭ جوگا، پۇتىغا كىلەڭسىز بىر يوغان ئۆتۈك كىيەۋاپتۇ. مۈرىسىدە سىپى ئۇزۇن بىر قارا مىلتىق تۇراتتى. يېنىدىكى ئات قېتىلغان چانىدا ئاددىي بىر شىكلى، كونا بىر چېلەكنىڭ ئىچىدە پىچاق، چۆمۈچ، قاچا - قۇمۇچ دېگەندەك نەرسىلەر تاشلىنىپ ياتاتتى. قىشلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ستىپان دەيدىغان بىر ئورۇسنىڭ ياغاچ ئۆيى بولىدىغان. بۇ ئورۇس بەزى يىللىرى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە چىقىپ، ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى مۇنبەت يەرلەرگە ياڭيۇ ئىكەتتى. رەڭمۇ رەڭ تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن دۆڭلۈكلەرگە ساندۇقلارنى قويۇپ ھەسەل ھەرىسى باقاتتى؛ بەزىدە بولسا يىللاپ نەلەرگىدۇر يوقاپ كېتەتتى. بۇ قىشلاقتىكى تۈزۈكرەك ئۆيمۇ شۇ ستىپاننىڭ ياغاچ ئۆيى ئىدى. چوڭلار مەسلىھەتلىشىپ مەرگەننى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى.

يامۇلدىن چىققان ھېلىقى چېرىكنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكى ھازىرمۇ ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ بىز ھەممىمىز ئۇنى «مەرگەن بېگىم» لا دەيتتۇق. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ھۆكۈمەت ئادىمى - دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە قولىدا مىلتىقى بار. شۇڭا ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىشنى بىئەپ كۆرەتتۇق. ئۇنىڭ يېشى شۇ چاغلاردا قىرىقلاردا بارمىتىكىن، ئۇ كەملەردە يامۇللاردا مۇشۇنداق قېرى چېرىكلەرمۇ بولاتتىكەن. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئىلگىرى جەڭلەردە خېلى خىزمەت كۆرسەتكەن مەرگەن ئادەم ئىكەن. لېكىن قىمار ئوينايدىغان، ئەپيۇن چېكىدىغان قالايمىقان ئىشلىرى كۆپ بولغاچقا زادىلا مەنسىپى ئۆسۈپ باقمايتىكەن.

مەرگەن قىشلاققا كېلىپ بىرەر بۆرە ئېتىپ باقمىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك چىقىپ ئەتراپلارنى ئايلىنىپ، پاڭ - پۇڭ قىلىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىپ قويۇپ ياغاچ ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇ بىرنەچچە قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان دېگەندەك نېمىلەرنى ئاتتى. بىز ئۇنىڭ مەرگەنلىكىگە ئەشىنىپ قالدۇق. ئۇ نېمىنىلا ئاتمىسۇن دەل بېشىنى چېنەپ يېقىتاتتى. قىشلاقتىكىلەر ئۇنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇشتى. بۆرە دېگەن مىلتىق ئاۋازىغا سەزگۈر كېلەمدۇ، بىلمىدۇق. مەرگەن بۇ يەردە پەيدا بولغاندىن كېيىن، قىشلاققا بۆرىمۇ كېلىپ باقمىدى.

ئۇ چاغلاردا مېنىڭمۇ بۇرۇتلىرىم خەت تارتىپ، يىگىت بولۇپ قالغان ۋاقتىم. قىشلاقتىكى مەن دېمەتلىك بىر نەچچەيلەن زېرىككەندە مەرگەن بېگىم تۇرغان ياغاچ ئۆيگە بېرىپ، مەرگەن بېگىمنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلايتتۇق. قاچانلا كىرسەك ئۇنىڭ مىلتىقىنى سۈرتۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتۇق. ئېغىر قارا مىلتىقنى قولدىن - قولغا ئېلىپ ھەۋەسلىنىپ تۇتۇپ باقاتتۇق. مەرگەن بېگىم يەنە مىلتىقنى قولىمىزدىن ئېلىپ يېنىغا قويۇپ قوياتتى. ماڭا بۇ ئادەمنىڭ شۇ قارا مىلتىقتىن ئەزىز باشقا نېمىسى يوقتەك بىلىنەتتى. . .

مەرگەن بېگىمنىڭ گەپلىرىمۇ ناھايىتى قىزىق ئىدى. ئۇ يامۇلدا كۆپرەك گۈندىخانىدىكى جىنايەتچىلەرگە قارايتتىكەن. بۇ گۈندىخانا دېگەندە ئوغرى، قىمارۋاز، قاتىل، رەمچى، ئالدامچى دېگەندەك ھەممە خىلدىكى ئادەملەر بولىدىكەن. گۈندىخانىنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا ئىكەن. كېچىسى ئۇ يەردە قىمار قىزىپ كېتىدىكەن. گۈندىپايلارنىڭ ئۆزىمۇ جىنايەتچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ قىمار ئوينايدىكەن. ئوتتۇرىدا پۇل تۈگەپ قالسا، يانچۇقچى - ئوغرىلارنى سىرتقا پۇل ئوغرىلاپ كېلىشكە چىقىرىدىكەن. ئۇ يەردە يىللاپ يېتىۋېرىپ جىنايەتچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى شۇنچىلىك بېزەپلىشىپ كېتەرمىش، پىتلارنىڭ چاققىنىغا چىدىماي كىيىمىنى سېلىپ يېنىغا قويۇپ قويسا، مىغىلدىشىپ كەتكەن پىتلار كىيىمىنىمۇ كۆتۈرۈپ ماڭىدىكەن. . .

شۇنداق قىزىق پاراڭلارنى ئاڭلاپ بەزى كۈنلىرى مەرگەن بېگىمنىڭ قېشىدا تۈن يېرىمغىچە ئولتۇرۇپ قالاتتۇق. قايتقاندا مەرگەن بېگىم بىزنى

ئۆزنىپ چىقىپ، پاك - پۈك قىلىپ ئۇياق - بۇياققا يەنە بىر نەچچە پاي ئوق ئېتىۋېتىپ كىرىپ كېتەتتى.

يازغا چىققاندا مەرگەن بېگىم مالچىلار بىلەن بىللە تاغقا كۆچۈپ چىقتى. قىمىز، سۈت - قايماق ئىچىپ، گۆش يەپ، رەڭگى - رويىغا خېلىلا قىزىللىق يۈگۈرۈپ ئوبدانلا بولۇپ قالدى. ئۆزىمۇ بۇ يەرگە ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ، يامۇلغا زادىلا قايتقۇسى يوق ئىدى. مالچىلار قاپقانلىرىغا چۈشكەن بۆرىلەرنىڭ تېرىسىنى ئەمدى مەرگەن بېگىمگە ئەكىلىپ تاپشۇرۇشاتتى. بېگىم ئۆزى «مۇندىن كېيىن بۆرى تېرىلىرىنى ماڭا ئەكىلىپ تاپشۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى. ئۇ يامۇلدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى يامۇلغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، يىغىلغان بۆرە تېرىلىرىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يامۇلغا ئەۋەتىپ، تاغدا بۆرىلەرنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇشى لازىملىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. يامۇلنىڭ سېپىلى ئۈستىدە پىت بېقىپ ئولتۇرغانغا قارىغاندا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇ يەردىكى كۈنى مىڭ مەرتىۋە ياخشى - دە!...

شۇ يىلى يازدا، يامۇلنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ يايلاققا كېلىپ بىر - ئىككى كۈن تۇردى. ياقۇپبايىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئالدىن چىقىپ، مېھمانلار ئۈچۈن سويۇلىدىغان مال ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشتى. مەرگەن بېگىممۇ تەرلەپ - پىشىپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يامۇلدىن چىققان ئەمەلدارلارنى كۈتتى. قىشچە بۆرە جۇگىسى كىيىپ چىققان بۇ ئەمەلدارلار ئۇنىڭدىن تاغدىكى بۆرىلەر توغرىسىدا ئۇنى - بۇنى سورىغان بولسا كېرەك، راستىنى ئېيتقاندا مەرگەن بېگىم تاغدىكى بۆرىلەر زادى نەدىن پەيدا بولۇپ قېلىشىدۇ ۋە يەنە قايسى بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغا كىرىپ غايىب بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى نەدە؟ توپ - توپ يۈرەمدۇ، يەككە يۈرەمدۇ؟... بۇ ئىشلار توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتى. ئۇ ئەمەلدارلارنى باشلاپ، گۆر جىلغىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ «مانا، بۆرىلەر مۇشۇ چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئوخشايدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، تاغنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئېگىزلىكتىن تۇرۇپ بۇ جىلغا ئىچىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئاستىدىكى گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى، تاغ شامىلىنىڭ تىك قىيالارغا ئۇرۇلۇپ قايتقان ئەكس ساداسى قۇلاق سالغان ئادەمگە بۆرىلەرنىڭ ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلاشقىنىدەك قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىدۇ. يامۇلدىن چىققانلار باشلىرىنى لىڭشىتىشىپ قايىل بولۇپ قايتىشىپتۇ.

ئىككىنچى يىلى قىش، قېلىن قار چۈشكەندە مەرگەن بېگىم راستتىنلا بىر بۆرىنى ئېتىۋالدى. ئۇ بۆرىنى قەيەردە ئاتتى، قانداق قىلىپ ئېتىۋالدى، بىلمىدۇق. ئوق بۆرىنىڭ مېڭىسىگىلا تەگكەنىدى. بىز ئۇنىڭ تاغ تەرەپتىن ئوق يېگەن بۆرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. مەرگەن بېگىمنىڭ دۈمبىسى، چاپىنىنىڭ يەڭلىرى بۆرى قېنى بىلەن بويالغانىدى. ئۇ ياغاچ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە «ئاكاڭ قارىغاي قانداق؟» دېگەندەك ئەتراپقا قارىۋېتىپ، بۆرىنى ياغاچ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چولاق تېرەكنىڭ يېنىغا تاشلىدى. ئاندىن ئۆيدىن بىر پىچاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بۆرىنى بوغۇزلاپ، تېرىسىنى ئاجراتقىلى تۇردى. ئۇ تولۇمچىلاپ سويۇش دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. ئاۋۋال بۆرىنىڭ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، يىراققا پىرقىرىتىپ تاشلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ تېرىسىنى ئاجرىتىۋېلىشنىمۇ قاملاشتۇرالماي، ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن كېسىپ ھەر تەرەپكە ئاتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا بۆرىنىڭ ئىككى پاچىقى قالدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ، ھېلىقى پاچاقلاردىن ئىككى تال بۆرە ھوشۇقىنى چىقىرىۋالدى. بىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

- بېگىم، بۇ ھوشۇقلارنى نېمە قىلىسىز؟ - دەپ سورىدۇق.

ئۇ بۆرە ئېتىشنىڭ ئېپىنى ئەمدى بىلىۋالغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر ئاتقان بۆرىسىنىڭ ھوشۇقىنى مۇشۇنداق چىقىرىۋېلىپ، تېشىپ يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەن بۆرىلىرىنىڭ نىشانى بولىدىكەن. بۆرە ھوشۇقىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان ئادەمگە بالا - قازا يېقىن يولىماسمىش...

نېمە بالا بولغانلىقىنى بىلمىدۇق. شۇ كېچىسى مەھەللىنىڭ ئەتراپىغا بۆرە يىغىپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن ئىتلار كاڭشىغىنىچە ئۆزىنى ھەر

تەرەپكە ئۇراتتى. قوتاندىكى قويلار دۇپدۇگىلەك
دائىرە بولۇشۇپ تىپىرلىشاتتى. ئاتلار پۇشقۇرۇپ
قاتتىق كىشنىشەتتى. مالچىلار قوتانلارنىڭ ئالدى-
غا گۇلخانلارنى يېقىشۇېتىشتى. ئاپئاق ئايدىڭ قىش
كېچىسى ئىدى. بۆرىلەرنىڭ مەھەللىنىڭ يۇقىرى-
سىدا ـ مەرگەن بېگىم تۇرغان ياغاچ ئۆيىنىڭ
ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى
بولاتتى. بىز «مەرگەن بېگىمگە ئەمدى تازا بۆرە
ئاتىدىغان پۇرسەت كەلدى» دەپ ئويلىشىدۇق، نې-
مىشقىدۇر زادىلا مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىمىدۇق.
بۆرىلەر ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپىنى توختىماي پىرقى-
رىشاتتى. چولاق تېرەك ئاستىدىكى مەرگەن بې-
گىم كۈندۈزى بۆرە سويغان يەرنى تاتىلاپ، تۇم-
شۇقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دەھشەتلىك ھۇۋلى-
شاتتى. . .

تاڭ يورىغاندا ئەتراپ جىمىپ قالدى. ئۆيلى-
رىمىزدىن بىر - بىرلەپ تالاغا چىقىشتۇق. قى-
زىق يېرى، بۇ كېچە بۆرىلەر ھېچكىمنىڭ قوتى-
نىدىكى مېلىغا چېقىلماپتۇ. يۈگۈرۈشۈپ ياغاچ
ئۆي تەرەپكە باردۇق. بۆرىلەر چولاق تېرەكنىڭ
ئاستىنى تاتىلاپ تىلغاپ، ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپىنى
خامان چۆرگەندەك قىلىۋېتىپتۇ. «مەرگەن بې-
گىم كېچىچە نېمە بولغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ، ئال-
دىراپ بېرىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتەردۇق.
ئىشىك ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋېلىنغانىكەن، دېرى-
زىدىن قاراپ مەرگەن بېگىمنىڭ ئۆينىڭ بىر بۇ-
لۇڭىدا مىلتىقىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، غال - غال
تىترەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇق. بىزنى كۆرۈپ
ئۇ تامنى تىرەپ تەستە ئورنىدىن تۇردى، پۇتلىرى-
نى سۆرەپ مېڭىپ ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى.
كېچىچە كۆز يۇممىغان بولسا كېرەك، كۆزلىرى
قىزىرىپ، مەڭزىلىرىنىڭ گۆشى قېچىپ ياڭىقىغا
چاپلىشىپلا قالغان، بىر كېچىدىلا ساقال - بۇرۇ-
تىغا ئاق كىرىپ چالىشىپ كەتكەنىدى.

ـ بۇ - بۇ - بۈگۈن كېچە نېمە بولغانلىقىنى
تۇ - تۇ - تۇيدۇڭلارمۇ؟ ـ دېدى ئۇ.

ـ تۇيدۇق، مەھەللىگە بۆرە كەلدى، ـ دې-
دۇق بىز.

ـ بىرەر يۈز - يۈزچە، بىرەر مىڭچە بۆرە، ـ دېدى
ئۇ خۇددى ئۇخلىماي كېچىچە بۆرە ساناپ چىققان-
دەك، ـ بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمىدى.
ھۇۋلاپ ساراڭ قىلىپ قوياي دېدى. دېرىزىدىن
قارىسام، ھېلىقى مەن بوغۇزلاپ تاشلىۋەتكەن بۆ-
رىنىڭ بېشى ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا سەكرەپ يۈرۈپ-
تۇ. قاراپ تۇرسام ئۇ بىردەمدىلا يوغان بىر كۆك
بۆرىگە ئايلىنىپ، مەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
دېرىزىگە ئۆرە بولۇپ چاپلىشىۋېلىپ، چىشلىرىنى
ھىڭگايتىپ زادىلا نېرى كەتمىدى.

ـ نېمىشقا ئاتمىدىڭىز؟ ـ دەپ سورىدۇق
ھەممىمىز تەڭلا.

— ئاتتىم، مىلتىق زادىلا پىستان چاقمى-
دى. . .

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ قولىدىكى مىل-
تىقنىڭ تەپكىسىنى يەنە باسقان بولسا كېرەك.
مىلتىق گۈملا قىلىپ ئېتىلىپ كەتتى. مەرگەن
بېگىم مىلتىقنى تاشلاپ، ئۆينىڭ تېمىغا يۆلىنىپ
تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى مورىدىدەك تاتىرىپ
كەتكەنىدى. بىزمۇ قورقۇپ كەتتۇق. يەردا ياتقان
مىلتىقنىڭ ئېغىزىدىن كۆكۈش ئىس چىقىپ،
ئەتراپقا مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدىنى تارقىتىپ
تۇراتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەرگەن بېگىم كۆزىمىز-
گە سەل غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە
باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ كۈپكۈندۈزدىلا مەھەللە ئىچىگە
يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىزنى ۋارقىراپ چاقىردى.
يۈگۈرۈشۈپ يېنىغا باردۇق.

ـ مەن ھازىر جىلغا تەرەپتىن كەلدىم، ـ
دېدى ئۇ، ـ جىلغىنىڭ ئىچىگە بىر توپ بۆرىلەر
يىغىلىۋاپتۇ. ئارىسىدا بىرى ھېلىقى كۈنى مېنىڭ
دېرىزەمگە چاپلىشىپ تۇرۇۋالغان يوغان كۆك بۆ-
رە، ھەممىسىنىڭ باشلىقى شۇ ئوخشايدۇ. ئوتتۇ-
رىدا پۈرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ تۇرىدۇ. قالغان-
لىرىنىڭ قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز تىلدا پا-
راڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. تېخى بىرى
مەن تەرەپنى شەرەتلەپ «ئاۋۇنىڭ دۈمبىسىدىكى،
قولىرىدىكى نېمە قان! » دەپ ۋارقىردى. قورق-
قىنىمدىن ئۇدۇل بۇ يەرگە قاراپ قاچتىم. . .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىز نېمە دېيىشىمىزنى
بىلمەي، ئۇنىڭغا ھاڭۋاقتىنىمىزچە قاراپلا قال-
دۇق. ئىچىمىزدە «بۇ بىچارە راستلا ئېلىشىپ
قېلىۋاتامدۇ، قانداق؟» دەپ ئويلىدۇق.

يەنە بىر كۈنى، ئۇ بىزدىن:

ـ بۈگۈن نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى تۇي-

دۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شۇ كۈنى كېچە ناھايىتى تىنچ ئۆتكەندى.

— تۈيمىدۇق، نېمە ئىش بولدى؟ — دېيىشتۇق.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە «قوللىرىغا مىلتىق تۇتقان توپ - توپ بۆرىلەر سەپ بولۇپ تىزىلىپ، كېچىچە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا گۈلدۈرلەپ مېڭىپ چىقىپتۇدەك. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا يېنىغا تاپانچا ئېسىپ، پۇشتەك چېلىپ كېتىۋاتقىنى ھېلىقى كۆك بۆرە ئىمىش. . . گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ:

— مەن يامۇلغا خەۋەر قىلىمەن. بۇ يەرگە بىر پەي چېرىك يۆتكەپ كەلمىسە بولمىغۇدەك، — دېدى.

ئارىدا ئۇ بىر - ئىككى كۈن يوقاپ كېتىپ يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە «ئۇ شەھەرگە كىرىپتۇ. تۇۋا دەيدىغان ئىش، قارىسا شەھەر كوچىلىرىدىمۇ بۆرىلەر مېڭىپ يۈرگۈدەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر - ئىككىسىنىڭ چىرايى تونۇشتەك قىپتۇ. تازا زەن سالسا، يازدا مۇشۇ يەردىن سويۇپ تېرىسىنى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرگەن بۆرىلەر ئىمىش. . . يەنە بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى بۆرىنى كۆرۈپتۇ. بىرى بەكمۇ قېرىپ كەتكەن بۆرى ئوخشايدۇ، ھاسا تايىقىنى چاتىرىقىغا قىسىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ، يېنىدىكى ياشراق بىر بۆرە مەرگەن بېگىمگە ھەدەپ كۆزىنى قىسىپ، ئۇنى شەرەتلەپ يېنىغا چاقىرىپتىمىش. . . »

مەرگەن بېگىم يامۇلغا كىرىپ، بۇ گەپلەرنى قىلىپ بەرگەنىكەن، يامۇلدىكى ئەمەلدارلار باشتا ھەيران بوپتۇ. ئاندىن قورساقلىرىنى تۇتۇپ تازا كۈلۈشۈپتۇ.

— ھە، سېنىڭ ھېلىقى ئەپيۇن چېكىدىغان كونا كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپتىمۇ - نېمە؟

— ھېلىقى بۆرىنىڭ سېنى كۆز قىسىپ شەرەتلىگىنىگە قارىغاندا، سېنىڭ بويتاقلىقىڭنى بىلىپ قالغان چىشى بۆرىمۇ قانداق؟ — دېيىشىپتۇ.

ئىشقىلىپ بۇ بېچارىنىڭ كاللىسىدا ھازىر بۆرە بىلەن بۆرە جۇگىسى كىيگەن ئادەملەر، جەڭ مەيدانىدىكى قورال تۇتۇپ سەپ بولۇپ ماڭغان چېرىكلەر بىلەن ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ھۇۋلىغان بۆرىلەر. . . ئوڭى بىلەن چۈشى، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا بىزمۇ كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىمىزنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇشاتتۇق، ئۇ يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ياقىمىزنى تۇتۇپ تازا كۈلۈشەتتۇق.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تېخى كۈن يورۇقلا ۋاقىت ئىدى. تۇيۇقسىز ئېتىلغان بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ئارقىدىنلا مەرگەن بېگىم ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ، يۈگۈرگىنىچە يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھېلىقى ئىككى تال بۆرە ھوشۇقىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بوينىغا ئېسىۋالغانىدى.

— سىلەر مەن دېسەم ئىشەنمىدىڭلار، شۇنداقمۇ، ئىشەنمىدىڭلار، تېخى كۈلدۈڭلار، كۈلدۈڭلار. . . — دېدى ئۇ.

— بېگىم نېمىگە ئىشەنمىدۇق، نېمىگە؟ — دەپ سورىدۇق بىز ئۇنىڭ باش - ئايىغى يوق سۆزلىرىنى چۈشەنمەي.

— بۆرىلەر سەپ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، دېسەم. . . مانا مەن ئۇلارنى ئېتىپ تاشلىدىم.

— نېمىنى ئېتىپ تاشلىدىلا؟

— سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنى. . .

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، قىشلاقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى. بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتۇق. يىراقتا بارمايلا ئاپئاق قار ئۈستىدە ياتقان قارا نەرسىنى كۆردۇق. بېرىپ قارىساق ئوق يەپ يىقىلغان ئىككى ئادەم ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا ياقىلىق، ئېسىل بۆرە جۇگىلىرى تۇرۇپتۇ.

ئەسلىدە ئۇلار يامۇلنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. بىزنىڭ قىشلاققا يېقىن بىر يېزىغا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن چىقىپ، ھاراقنى تازا ئىچىشىپتۇ. ئاندىن قىشلاقتا تۇرۇۋاتقان مەرگەن بېگىمنى ئېسىگە ئېلىشىپتۇ. ئۇنىڭ يامۇلغا كىرىپ دېگەن ھېلىقى غەلىتە گەپلىرىنى قىلىشىپ تازا كۈلۈشۈپتۇ. كەيپچىلىكتە «يۈرۈڭلار، شۇ مەرگەننىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ تاپانچا ئېسىپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بۆرىلىرىنى بىر كۆرۈپ باقمايمىزمۇ! » دېيىشىپ قىشلاققا قاراپ مېڭىشىپتۇ. بۇ چاغدا قىشلاقتىن باشقا يېزىلارغا بارىدىغان يوللارنى قار ئېتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ چانىغا قاتقان ئېتى يېرىم يولغا كەلگەندە ماڭالماي قالغاچقا، چانىنى تاشلاپ قار كېچىپ، بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ قاتارلىشىپ كېلىۋاتقانىكەن. مەرگەن بېگىمنىڭ كۆزىگە بۇلار يىراقتىن سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرگە ئوخشاپ كېتىپتۇ - دە، ئې-

تىپ تاشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىككىسى يىقىلىپ، قالغان بىرنەچچىسى ئارقىغا قاراپ قېچىپتۇ.

بىز ئۆلۈكلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتۇق. مەرگەن بېگىمگە سوئال نەزەرىمىزدە قاراشتۇق. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغانىدى. ئۇ ھېلىمۇ ئادەمنى ئاتتىم، دەپ ئويلىمىسا كېرەك.

ـ تووۋا، بۇ بۆرىلەر قاچاندىن بېرى ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىدىغان بولۇپ قالدى؟ . . . بۆرە دېگەن زادى ئىككى پۇتلۇق ماڭامتىمۇ، تۆت پۇتلاپمۇ؟ . . . ـ دەپ بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ماڭاتتى.

ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن؟ ـ دەپ ھەممىمىز ئەنسىرەشتۇق. شۇ كېچە ھېچكىم ئۆيدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. تاڭ سەھەردە ۋاڭىلداپ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتۇق. تۈنۈگۈن مەرگەن بېگىمنىڭ ئوقىدىن ئامان قېلىپ قېچىپ كەتكەن بىرنەچچەيلەن يامۇلغا «تاغدا راستىلا مىلتىق ئاسقان بۆرىلەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئىككى ئادىمىمىزنى ئېتىپ تاشلىدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن چېغى، قىشلاقنىڭ ئەتراپىنى چېرىكلەر قورشىۋالغانىدى. ئۇلار ھەر تەرەپكە قارىسىغىلا ئوق ئۈزەتتى. ياغاچ ئۆي تەرەپتىن مەرگەن بېگىمنىڭ ئاندا ـ ساندا ئېتىپ قويغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مەرگەن بېگىم ھېلىمۇ بۆرىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمەن، دەپ ئويلىسا كېرەك، ئۇنىڭ ھەر بىر ئاتقان ئوقى بىر چېرىكنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى.

شۇنداق بىرەر سائەت ئېتىشقاندىن كېيىن، چېرىكلەر مەھەللە ئىچىگە بېسىپ كىردى. ئۇلار ھويلا ـ ھويلىلاردىن ئالدىغا ھاۋشۇپ چىققان ئىتلارنى ئېتىپ تاشلاپ، مالچىلارنىڭ ئۆيلىرى، مال قوتانلىرىنى قويماي ئاختۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىزمۇ بىلمىدۇق. ئاندىن ئۇلار مەھەللىدىن چىقىپ، چولاق تېرەك يېنىدىكى ياغاچ ئۆينى قورشاپ قاتتىق ئوققا تۇتۇشتى. بۇ چېرىكلەر ئۆزىنىڭ ئادىمى بىلەن ئېتىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمدۇ، بىلمەمدۇ ياكى ئۇلارمۇ بۆرىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ بۇ تەرەپلىرى بىزگە نامەلۇم. يەنە بىر قىسىم چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى پاڭىلدىتىپ ئېتىپ جىلغا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زادى بۆرى دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك ۋە بەلكىم بەزىلىرى «بۆرە دېگەن ئۇچۇپ يۈرىدىغان نېمە» دەپمۇ ئويلايدىغاندۇ. ئىشقىلىپ ئۇلار ئالدىغا ئۇرۇپ چىقىپ قالغان تۈلكە، ياۋا توشقان، پالاقلىدە قانات قېقىپ ئۇچقان تاغ قۇشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوق ئاتاتتى. ھەقىقەتەن كۈلكىلىك بىر جەڭ بولدى. مانا «بۆرە جىلغا» دېگەن نام ئەنە شۇ ۋەقەدىن كېيىن قالغان.

ھاشىم بوۋاي ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، ئالدىدىكى قىمىزنى بىر ـ ئىككى ئوتلىدى. ئاپقۇرلارغا يەنە قىمىز قۇيدى.

ـ ھېلىقى مەرگەن بېگىم قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ.

ـ ھە، مەرگەن بېگىمما؟ . . . مەرگەن بېگىمنى ئۇنتۇپتۇق ـ ھە! ـ دېدى بوۋاي، ـ ئۇنىڭ كېيىنى سورىساڭ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. . . چېرىكلەر ياغاچ ئۆينى تازا ئوققا تۇتۇپ، ياغاچ ئۆي تەرەپتىن بىرەر شەپە بولمىغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ دېرىزىدىن قارىشىپتۇ. قارىسا ئۆينىڭ ئىچىدە مەرگەن بېگىم كۆرۈنمەسمىش.

ـ مەرگەن بېگىم قېچىپ كېتىپتۇمۇ؟

ـ بىلمىدۇق. ئۆيدە بىر كۆك بۆرە مىلتىقنى سۇرتۇپ بىخارامان ئولتۇرغۇدەك. . .

ـ كۆك بۆرە دەمسىز؟

ـ ھە، كۆك بۆرە. ھېلىقى تاپانچا ئېسىپ، پۇشتەك چالىدىغان بۆرە شۇ بولسا كېرەك. دېرىزىدىن بىرىنچى قېتىم قارىغان چېرىك قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئارقىدىن كەلگەنلىرىمۇ ھەيران بولۇپ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇدەك. كۆك بۆرە مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېسىپ، ئۆيدىن خاتىرجەم چىقىپ كېتىپتىمىش.

ـ نېمە دەيدىغانسىز بوۋا، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟

ـ ئۇلارنىڭ گېپىگە مەنمۇ ئىشەنمىدىم، ـ دېدى بوۋاي، ـ شۇ كۈنى كەچكە يېقىن چېرىكلەر بۇ يەردىكى جەڭنى بولدى قىلدى. بىر مالچىنىڭ چانىسىنى ئارىيەت ئېلىپ ئۇنىڭغا ياراملىق بىر ئاتنى قاتتى. ياغاچ ئۆيدىن مەرگەن بېگىمنىڭ قالدى ـ قاتتى بىرنېمىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ چانىغا تاشلاشتى. يەنە كىگىزگە ئورالغان ئۆزۈن بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ باستى. مەن ئۇنى جەسەتمىكىن دېدىم. نېمىشقا دېسەڭ، كىگىزنىڭ بىر بېشىدىن چىقىپ قالغان بىر تال ئاق يىپنى كۆرۈپ قالدىم. يىپنىڭ ئۇچىدا ئىككى تال بۆرە ھوشۇقى پۇلاڭلاپ ئېسىلىپ تۇراتتى. . .

# قاغدام

(ھېكايە)

ئەركىنجان ئەمەت

ئورما ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن كەڭ ئاقۇش دالىدا قوناقلىق ۋە قوغۇنلۇق يەنىلا يېشىل پېتى ئىدى. ئېگىزلىقتا قاغدام يىغىۋاتقان قەمبەرنىسا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. ئەتراپ جىمجىت ھەم ئىسسىق ئىدى. ئۇ شۇ تاپ بەك ئۇسساپ كەتتى. كۈن قايرىلغان بولسىمۇ، ھاۋانىڭ تەپتى بوشىمىغانىدى. يېنىدىكى قوناقلىقتىن ئۆتسىلا قادىر پاشانىڭ قوغۇنلۇقىغا چىققىلى بولاتتى. شۇتاپ ئۇنىڭ تاز ئوغلى تازا ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ ھارماي نەي چېلىپ چىقاتتى. ھازىر نەي ئاۋازى يوق. قوغۇنلۇقنىڭ چۆرىسى يانتاق بىلەن قاشالاپ قويۇلغان بولسىمۇ بىرەر نەرسە بىلەن ئىتتىرىۋەتسە كىرگىلى بولاتتى ياكى قوناقلىق تەرەپكە ياماشقان پىلەكتىن بىرنى تارتسا بىرەر سويما، ھەي راسا پىشقان بىر بىشەكشىن چىقىپ قالسا. . . ، ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى. كۆز ئالدىغا راستىنىلا تور چاچقان يۇپيۇمىلاق بىشەكشىن كەلدى، «تازا تاشتەك ئېغىر بولسا. . . » . ئۇ قاغدام تېرىشتىن توختاپ ئەتراپقا قارىدى. ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ سۇ ئىچىپ كەلگۈچە كىشىلەر ئېتىزلىقتا قويلىرىنى قويۇۋېتىدۇ. ھېلىمۇ قاپچاق توشۇشقا ئازلا قالدى. تەر تامچىلىرى ئۇنىڭ سۇپسۇزۇك بويىندا - يۆگىمەچ چاچلىق بويىندا يالتىرايتتى. ئۇ ئانىسىنى ئويلىدى. ئۇ ئۆتكەندە «ۋاي بالام، مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە نېمىشقا مۇنداق ئۇز تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيتتىڭ. . . » دەپ ئۇھ تارتقانىدى. دېمىسىمۇ كۈنلەر ھەقىقەتەن تەستە ئۆتۈۋاتاتتى. يا بولمىسا ئۇ تازدىن بىر سويما سورايمۇ - يا؟ ياق، ئۇنداق قىلسام «ۋاھ، قەمبەرنىسا مەندىن بىر سويما سورىۋىدى، مەن ئۇنى بىر سۆيۈۋېلىپ بەردىم» دەپ داۋراڭ سالىدۇ. ئۇ قايتىدىن ئىشىغا تۇتۇندى.

* *

تاز ئۇخلاپ قويۇپ قوناقلىققا چوڭ تەرەت قىلغىلى كىردى. قۇلىقىغا غىڭشىپ ئېيتقان ناخشا ئاڭلاندى. قوناقلارنى لىڭشىتماي ئاۋايلاپ مېڭىپ قىزنىڭ يېنىغا كەلدى. بولۇق ئۆسكەن پىچان كەينىگە چۆكتى. ئۇ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز قاغدام تېرىۋاتاتتى. «ئۇرسىمۇ، تىللىسىمۇ ئارقىسىدىن بېرىپ بوغاپلا بىر سۆيۈۋالسام. . . » . تاز دائىم ئۇنىڭ كەينىدىن تويماي قاراپ كېتەتتى. كېچىلىرى ئۇنىلا ئويلاپ نەي چالاتتى. «چاچلىرىغا يۈزۈمنى سوگاپ باقسام نېمە بولۇپ كېتەرمەن. . . » . ئۇنىڭغا بىر بىشەكشىن ئېلىپ چىقىپ بەرگۈسى كەلدى. قانچە ئۇسسىغاندۇ. لېكىن شۇجى تاغىسىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ قولى قاتتىق، تېتىقسىز ئادەم. ئۇرسىمۇ مەيلى. ئۇ تۇرۇپ قالدى. قەمبەرنىسا ئالغىلى ئۇنىمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى «قىلدىم» دەپ سالىدىغان خۇيىنى بىلىدۇ. قوناقلىق دىمىق، ئۇ تەرلەپ كەتتى. قوناق غازاڭلىرى غاجىۋەتكەن بويۇن، قول - بىلەكلىرى تەرلىگەندىن كېيىن چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كەتتى.

* *

- قەمبەرنىسا سويمىدىن بىرنى بېرەي يەمسىز؟
- ياق.
- نېمىشقا ئەمدى. ئىللا - بىللا قەسەم ئىچىپ بېرەي، خەققە دەپ يۈرمەيمەن. ئۇسساپ كەتكەنسىز؟
- . . .
- بىلىمەن. تاغام شۇجى بولغاندىن كېيىن ماڭا گەپ قىلمايدىغان بولدىڭىز. . . شۇ چوشقا. . .

* *

تاز بىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئىچىدە تاغىسىنى مىڭنى تىللىدى. ئۇ «پومېشچىك ئەۋلادى جاھىل كېلىدۇ» دېگەن، «ئۇسساپ قۇرۇپ كەتسىمۇ يېگىلى ئۇنىمايدۇ» .

قەمبەرنىسا بىرىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى. ئاندىن كالتە ئىشتىنىنى نازۇك، بىپەرۋا ھالەتتە ئېگىزلەپ قويۇپ، تېلىپ كەتكەن بېلىنى تۈزلىۋېلىش ئۈچۈن مەيدىسىنى كەردى. ئولتۇرۇپ يەنە ئىشىغا تۇتۇندى.

تازنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ، يۈرەكلىرى پۇچۇلۇنۇپ كەتتى. «ئانام بولسىمۇ ئېلىپ بېرەرمىدى؟ » ، ئۇ مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ يېتىۋالدى.

* *

قەمبەرنىسانىڭ ئالدىغا بىر تورغاي ئۇۋىسى ئۇچرىدى. ئىچىدە تۇخۇمدىن يېڭى چىققان، ئۆلەمىجان بولۇپ قالغان تورغاي بالىسىدىن ئىككىسى تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتتى. ئىچى ئاغرىپ يىغلاپ سالدى. بۇغداي ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئانىسى تاشلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئاقۇش ئاغزىنى يوغانراق ئېچىشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى. ئەتلىمە گۆش بەدىنى، دىرىلداپ تىترەپ تۇرىدىغان قاناتلىرى. . .

ئۇ دادىسىنى ئويلىدى. ئۇ ئامبارغا ھاشارغا كەتكىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. ئاغرىقچان بولۇپ قالسىمۇ قايتقىلى قويمايۋاتاتتى. ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. كۆڭلى بەك پەرىشان بولدى. ئۇ يەنە ئەتراپقا قارىدى. يىراقتىن ئاچ قويلارنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قارىغاندا ئوت - چۆپ ئالغىلى چىقىپ كەتكەنلەر قايتىپ كەلمىگەن ئوخشايدۇ. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭمۇ قورسىقى ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ ئالدىراپ قاپچاقنى يۈدۈپ قايتىشقا ماڭدى. خامانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ئاسمان - پەلەك دۈۋىلەنگەن بۇغدايلارنى كۆردى. كۆڭلى دەرھال ئېچىلىپ قالدى. ئەتە - ئۆگۈن ھەممە ئۆينىڭ ئېشەكلىرى يىغىلىپ خامانغا قېتىلىدۇ. ئېگىزلىرىغا تۇۋرۇلغا تۇتۇلىدۇ. تۇلغان تۇۋرۇلغا ئورنىدا كونا شەپكە، ئەسكى تۇماق. . . باللار «خامان لاي - لاي»غا تۇۋلاپ قايسى ئېشەك قۇيرۇقىنى كۆتەرسە قاچىسىنى كۆتۈرۈپ شۇنىڭ كەينىدىن چاپىدۇ.

خامان ئايرىشقا تېخى خېلى بار.

ئۇ خاماندا تېخى پىشىپ كەتمىگەن بىر باغلام كۆكۈش بۇغداينى كۆردى. ئۇ بۇغدايغا قاراپ «قوقاسقا تۇتۇۋېتىپ يېسە. . .» دەپ ئويلىدى. بۇرنىغا خام بۇغداينىڭ مەززىلىك پۇرىقى پۇرىدى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى. ھېچ كىشى يوق. قاپنى يەرگە قويۇپ بىر تۇتام ئالدى. كۆتەك تەرىپىنى تولغاپ ئۈشتىۋەتتى. ئېتىكىگە سىلىۋىدى، ئىككى تەرەپتىن كۆرۈنۈپ قالمىدى. ھازىر مېڭىپ ئېتىزلىق بويىدىكى جىگدىلىك بىلەن ماڭسا بىرەر ئادەممۇ كۆرۈپ قالمايدۇ. ئۇ ئاش پىششىتىن بۇرۇن يېگۈدەك بىرنەرسە تېپىلغىنىغا خۇش بولدى. ئۇكىسىغا قانچىلىك بېرىشنى ئويلىدى. بەرمىسە ئۇ چوقۇم غەلۋە قىلىدۇ. ئانام «خاپا بولسا قانداق قىلارمەن» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ قاپنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ ماڭاي دەپ تۇراتتى، تازنىڭ شۇجى تاغىسى كېلىپ قالدى. قاپاقلىرىنى تۈرۈپ «كاپ» قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى. «زومىگەرنىڭ بالىسى تۇتتۇمما! » دېدى. قەمبەرنىسا تورغاي باچكىسىدەك تىترەپ كەتتى.

* *

تاز ئۆزىنىڭ يۈرەكسىزلىكىدىن كۆپ كايىدى. ئۇ ئېگىزلىقتا يالىڭاچ پۇتى بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ قەمبەرنىسانىڭ ئارقىسىغا كەلدى ۋە كۆزىنى ئېتىۋالدى. «پاختىمۇ؟ تاشمۇ؟»، قەمبەرنىسا «ۋاي ئانا! » دەپ ۋارقىراپ تازنى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى. تاز ئېگىزلىقتا ئولتۇرۇپ قېلىپ ۋاي - ۋايلاپ كەتتى. يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. قەمبەرنىسا قاقاقلاپ كۈلۈپ قاپنى سۆرەپ قاچتى.

- ھەي، قەمبەرنىسا قوغۇن بېرىمەن، توختاپ تۇرغىن. ئاپاڭغا ئالغاچ كەت!

* *

تاز ساتما ئۆگزىسىدە ئاچچىق پىچاندىن بىرنى چايناپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ نەي چالغۇسى كەلمىدى. شۇجى تاغىسىنىڭ بىر قېتىم قەمبەرنىسانىڭ ئارقىسىدىن بىر خىل قاراپ كەتكەنلىكى ئېسىگە كەلدى. «مەن ئۇنى ئالىمەن دېسەم، مېنى چوقۇم ھاشارغا ئەۋەتىدۇ» دەپ ئويلاپ كۆڭلى غەش بولدى.

قەمبەرنىسانىڭ مېڭىپ نەگە بارغانلىقىنى ئويلىدى. كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ قاپ يۈدىگەن تۇرقى، يانتاقلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈشلىرى كەلدى. «قەمبەرنىسا خاماندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خاماندا ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇسى كەلسە، ئاندىن بىردەم يېتىۋالغۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قالسا. . .»، ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. «ئاستا بېرىپ بىرنى سۆيۈۋالسام، تۈيماي قالسا»، ئۇ ساتمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ خامانلىق تەرەپكە چاپتى. لېكىن بىردەمدە تۇرۇپ قالدى.

ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ شۇجى تاغىسىنى ئويلىدى. يۈرىكى «قارت» قىلىپ ئېغىپ كەتتى. شۇجى تاغىسى ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالسىچۇ؟ كۆرەش قىلارمۇ؟ بوينىغا بۇغداي ئۈنچىلىرىنى ئارتىپ قىلتىرىقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتسە، چىرايلىق بوينىنى غىجىۋەتسە، دىمىق بۇغداي ئۈنچىلىرى تەرلىتىپ چايان چاققاندەك ئېچىشتۇرسا. . . ئۇنىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئەزەلدىن مۇنداق ئېچىشىپ باقمىغانىدى. ئۆزىمۇ ئۇقماي ئىڭراپ تاشلىدى. قاتتىق تىت - تىت بولدى. قېنى قىزىپ يۈزى ئوت ئېلىپ كەتتى. ئويلىسا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ مۇنداق ئازابلانمىغانلىقى ئېسىگە كەلدى. ئاكىسىنى يار بېسىۋېلىپ ھاشارچىلار زەمبىلدە كۆتۈرۈپ كىرسىمۇ يۈرىكىنىڭ مۇنداق ئېچىشمىغانلىقىنى ئويلىدى.

ئۇ ساتمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ خامانلىق تەرەپكە چاپتى. قانچە ماڭسىمۇ يول ھېچ ئاۋۇمايۋاتاتتى. ئېگىزنىڭ پۇتىغا پېتىۋاتقىنىنى تۇيمىدى. يانتاقنىڭ پۇتىغا سانجىلغانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. خامانلىق قېشىغا بارسا قاپچاق يەردە يېتىپتۇ. قاغدامىلار چېچىلىپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ خاماننى بىر چۆرگىلىدى. قاراڭغۇ چۈشكەن تەرىپىدە بىرمۇنچە يەرنىڭ بۇغدايلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ. پىتىقلانغان، دەپسەندە قىلىنغان ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يەرگە قاراپ دىرىلداپ تىترەپ تۇرۇپ كەتتى. «ئاھ خۇدا» دەپ بېشىنى ئاسمانغا كۆتەردى. كۆزىگە ئاسمان - پەلەك دۈۋىلەنگەن بۇغداي ئۈنچىلىرى ئۈستىدىن چىقىپ تۇرغان موما كۆرۈندى. ئۇنىڭغا بىر ئورغاق سانجىپ قويۇلغان بولۇپ، كەچكى شەپەق نۇرىدا خۇددى ھىلال ئايدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن خامان ئۈستىگە ياماشتى. ئۈستىگە چىققاندا غەربىي ئۇپۇق خۇددى قاندەك ئۆيۈپ چەت چۆرىلىرى زەرداپتەك ئاقىرىپ تۇراتتى. ئۇ ئەمدى ئورغاقنىڭ قولىنى ئۇزىتىشقا پەسكە سىيرىلىپ دومىلاپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە خامانغا ياماشتى. . .

# شالدىراق گۈل

بوغدا ئابدۇللا

I

ئىلاھىي ھازىردۇر بىر زېمىن،
خىيابانلاردا شالدىراق.
كېچىپ - كېچىپ بارىدۇ غۇسسە،
تەقدىراتلار ئۆزۈلمەس
ۋە نەدىندۇر كېلىدۇ سادا،
مىسالى ئۇ گۈل قوڭغۇراق.
يول ئۈستىدە بىر تۈپ قاراقات
سەن ئۆزۈڭنى بەربىر ئۇنۇت
خىيال پېتى قالىدۇ جاڭگال،
چەكچەيگەنگە ناخشاڭنى ئۇرغۇت.
ھەر قەدەھنىڭ ئىچىدە شەيتان،
ئېتىدىكەن مەستلىكلەر داۋام.
ئاھ، باشلانغان بىر قاراڭغۇلۇق،
كۆرۈپ بولماس ئالدىڭنى تامام.
ئۇلغايدىمۇ يازغىي دەريالار،
سېغىنىشنىڭ ئۇھ بىلەن كېتەر؛
كۆك تىرەكنىڭ شالدىرلاشلىرى،
بوشلۇقلارنى تەستە ئەسلىتەر.
جانانلارنىڭ جىلۋىسى نەدە،
يەنە گۈگۈمدىمۇ مېۋە دەرىخى.
كىملەر تەمتىرەر چۆل يامغۇرىدا،
قانچە قىممەت ۋاقىتنىڭ نەرقى.
نەدە - نەدە قالدى توقايلار،
تاۋۇسلارنىڭ قانىتىسىمان.
بېغىشلايدۇ تەگسىز بىر خىيال،
نەدىن چىققار شۇڭغۇغان.
سېنى تارتىپ بارىدۇ نېمە،
ئىچ - باغرىڭنى يۇيىدۇ نېمە،
روھىڭ ماچىتا، كەڭ - كۇشادە ئاچ،
كەچمىش كېچەر، ئادەم بىر كېمە.
كېتىۋەرگىن بىلگەن ئېقىندا،
قايناملارغا قىلىپ تەۋەككۈل.
ئۆمۈرلەرنىڭ چېكىتى نەدە
تويۇپ تويماي قالىدۇ كۆڭۈل.
يۈز دېگىننىڭ شۇنداق بىرنەرسە،
كەڭ بىر كۆڭۈل ھەممىنى كەچۈر.
خىرەلىنىپ بارىدۇ ئۇقۇم،
قىزىق ئەمەس ئۇجۇر - بۇجۇر.
تۇرقۇڭ بىلەن قىممەت پەرقلىق،
تۆگە قۇشتەك بولمىساڭمۇ ھەم.
ساددىلىقىڭ ئېغىر بىر خۇرجۇن،
كەتسە كېتەر يادىڭدىن بۇ دەم.
ياخشىلىق دەپ ئۆتتۈڭ ۋە كىلدىڭ،
نەدە - نەدە ئۆچتى پەركايىڭ.
مۇھەببىتىڭ پەگادا بىر ئىت
سەككىز جەننەت بەلكى شۇ جايىڭ.
مەشرەب جەندىسى ياخشىراق،
مەيلى كەتكىن ئاشىقا ئايلىنىپ،
يىغلاپ - يىغلاپ گۈلخان ئالدىدا،
بىھوش بولغىن سۇنايلىنىپ.
ئىبادەتكە ئارىلاشتۇر غەزەل،
تىرىكلەرنى سىلكىشلە بىرئان.
روھ چاڭلىرى ئەرش ئەزىمدە،
لەيلىگىلى بولدى نە زامان.
يارغۇنچاققا قونغان بىر قاغا،
ئۇ نېمىنى قىلۇر تەسەۋۋۇر.
ئۇ ئاقمايدۇ ئاققان ۋاقىتتا
لىكىلدىسا قۇيرۇقى ھۇزۇر.
چىرىسلايدۇ يالقۇندا ياڭناق
قايتىپ كېتەر قەدىمگە ئىسى.
خاتىمىگە ئوخشىماس بۇ ھال،
مۇقەددىمىنى ئەسلىتەر تۇسى.
شالدىراق گۈل باغلار ئەركىسى،
ۋىجدان رەڭگى ھەر بىر بەرگىڭدە.
زۇۋانىمۇ يوق يا سەندە چۇقان،
تۇسكە كىردى ئوت تىلىكىڭدە.
پۈتۈلمىشتۇر يۈلتۈزۈڭ ئېگىز،
ياۋايىلىق بېشىڭ ئۇزرە تاج.
كۆك ئىچىدە سۈرسەن دەۋر،
قاراتمىسۇن يەرگە، كىم موھتاج!

II

ئۇزاق سەپەرلەرنىڭ يالدامىسىدەك،
قانىتىدا ئاقارمىش پولات.
ئۆتەرمىش ئۇ تاغلارنى تېشىپ،
نامۇسىغا يۇقتۇرماستىن دات.
تويۇلغان
ئۇ قەدىمكى رىۋايەت - بىر قۇش،
پەرلىرىدىن قالدىمۇ بىر تال،
تۇرقى قىزىل قاشقىلىق تۇرنا
سىياقىغا ئوخشار ئېھتىمال.
نەسىل تاشلاپ كېتەر قۇش زاتى،
قىيا، ئېدىر، ئېقىن بويىغا.

كۇشەندىلەر، تەقدىر چاقمىقى،
كىمنى قوىغان، مۇراد - ئويىغا.
روھىيەتنىڭ كائىناتى بار،
دەۋر قىلغاندەك قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز،
ئۇزاق ئەسىرلەردە كۆرۈنەر بىر رەت،
لىپ - لىپ قىلىپ ئۆتىدۇ يالغۇز.
ئۇنىلمايدۇ قۇشلار ئۇ ئاخشام،
چۇرۇقلىشىپ ئۇۋا - ئۇۋىدا.
بىر ئۇزۇنغا ئاققان نۇر ئارا
چۇجىلەر تۇمشۇقى تىلەك جامىدا.

III

ئەۋلاد نىمە دەركىن ئاخىرى،
ھەمدە يۇتار قانداق بىر ئاچچىق.
تەبىئەتنىڭ بېشىنى دەسسەپ،
يۈرۈشلەرنى كىم دەر غالىبلىق.
كۆرۈنمەيدۇ روھنىڭ سايىسى،
شەھەرلەرنىڭ دوقمۇشى خىلۋەت.
قۇرۇق قاقشال جەرەن بېشىنى
تاۋار قىلدى ئىنسان ئاقىۋەت.
تامغا ئاسار گۆھەر تاپقاندەك،
ئۆي - ئۆيلەردە بۇ ئەمدى رەسىم.
مانا سىئەت! نە كىبرەك ئىزاھ
تاز گۈل تاپسا بۇ شۇنداق ئىزىم.
شۇنداق ئاقار سازايى ھەيكەل،
كۆكۈل ئېچىلماس بولمىسا بوزەك،
مەدەنىيەت شۇنداق ئۇقۇمدەك
تىرەجەمدۇ تەلۋىلىكتە بەك!
ئايا غاپىل، تۇنجى رەت غاردىن
چىقىپ ئاندىن تارتىنغۇ ياپراق،
سەن تۇتمىغا كۆچكەندە تېخى
ئۇنىڭغا تېۋىنغان قىسمەت ئاشۇنداق.
قوشكېزەكمۇ ئادەم ۋە ئالجىش
ۋەھشىيانە چۇقان - سۈرىنى.
بىر كېمىدە تۇرار يانمۇ - يان
نەرە تارتسا تەقدىر بورىنى
قۇتقۇزۇپ قالىدۇ كىم - كىمنى؟!
ئۆزىنى قىستاپ بارىدۇ ئادەم،
رەڭگى - روبى بارغانچە سوغۇق.
سوئاللار تۇغۇلار: مۇشۇ ئەسىرگە
ئېھتىمال توغرا يا خاتا كەلدۇق.
كېلەر ئەسىرنىڭ ئادىمى
رىتىملىق بىر ھايات بىلەر خىرامان.
توپا - تۇمان، ھاقارەت، بېسىم
يېنىپ قارىساڭلار بىر چۆچەكسىمان.
ئەسىرلەرنى ياراتتى خەلق
يالىڭاياغ، چوغ دەسسەپ،
بىز ھېچنېمىگە ئەمەس ئۇل تېشى،
نىمە بار ئەسلىگەندەك ئاخىر ۋە دەسلەپ،
بۇ ئەمەستۇر ئاچچىق ۋە كايىش
زامان، ماكان بەرىبىر بوشلۇق،
بىر سىقىم توپا ئالغىن ھەم پۇرا،
ھىد، ئىنسان بارمۇ ساڭا تونۇشلۇق؟!
كىم، كىمنى رازى قىلدى تەر تۆكۈپ،
كىم، كىمنى كۈلدۈردى سەمىمي بولۇپ،
كىم، كىمنى تەسىرلەندۈردى
بېشىغا قار سۈركەپ،
كىم، كىمنى ئېرىتەلىدى ئېرىپ تۇرۇپ؟!
ئادەم زاتى كەلدى پاك بولماي،
پەيغەمبەرلەر ئىزدىگەن ئىلاج.
ئىئوردان دەرياسىغا چۆمۈلدۈرگەن
يەھياغا قەۋملەر ئىدى بەك موھتاج
ھەزرىتى ئىسا بىلەتتى ئالدىن
تانغان ئەمەسمۇ سىمۇن ئۈچ قېتىم.
خوراز قىچقارغىچە بولغان شۇ ۋاقىت،
تەكرار، ئۆزى قالغانغۇ يېتىم.

IV

كېچە قايىنىمىدا ئازابلىق بىر تۇس،
ئۇيقۇ چىللايدۇ ئادەمنى.
ھارغىن دەقىقىلەرنىڭ يۈكى بەك ئېغىر،
شۇنداق تەستە ئالار قەدەمنى.
قۇرۇلۇش ئىچىدە يىمىرىلىش،
چايقاش ئىچىدە تەلمۈرۈش.
«مىڭ بىر كېچە» دىكى ئىس، تۇتەك، دىۋە،
پەسىللەر يۆتكىلىپ ئاقىدۇ نەمخۇش.
ئاتا ئۇيقۇدا تەشۋىش
ئەنسىز بىر چۈش:
يىلانلار سۇدا ئېقىپ كېلەرمىش،
زەھىرى ئۇچۇپ، بۇلۇت بولۇپ
تىنچ كەپتەرلەرنى يۆگەپ كېتەرمىش.

V

بۇ كېچە
رەھمەت كېچىسى
ياراتماقتا ئىگەم بىر جان.
بارى - يوقى ئىككى تامچە قان،
ئىككى چېقىندىن بىر رىتىم سادا،
بەلكى بۇ يەر توغراق باياۋان.
ياراتماقتا يەكتا گۈزەلنى
جىنسىغا رەڭ بېرىش ئەمەستۇر ئاسان،
قىزىل، سېرىق چېچەك
يېشىل رەيھان، شالدىراق
ۋە بىر رەڭگە ئالدى سىيادان،
ئەنبەر سۈيى بەردى كاكۇلغا،
بوي - بەستىنى ئەيلىدى ئارتۇچ،
ئەقلىنى كۆلدىن ئېلىپ بىگۇمان،
يۈتتى ئاخىر توققۇزى تەل قىز.
بىر ئەپسانە ئۇ، بىر ھۆرى غىلمان.
نامۇسىنى ياراتتى پۈتۈن.
بەلكى ئۇنىڭ ئەستىرىدۇر قان،

يەكتا جاھىل ھەم يەكتا تەلۋە،
ئېگىل دېسە ئېگىلمەيدىغان،
ئۆڭمەيدىغان، كۆيمەيدىغان،
داتلاشمايدىغان، تەۋرىمەيدىغان.

VI

ئادەم ئاتا يۇرگەن جايلار بۇ،
پۇچۇق گۇمبەزلەر قالمىش بىر قىسسە،
رىۋايەتلەر ئۇچار تىنىمسىز.
نەپسى غالىپ شەيتان، ۋەسۋەسە.
ھۇجەيرىلەر ئۆلۇپ تىرىلەر،
شىۋىرغانلار ئۇشقۇرىتار ئەنسىز.
شاخقا ئېلىپ قويما ئىشەنچنى،
يۇرمە ھەرگىز پەمسىز ھەم غەمسىز.
سەدىقەڭنى ئايىما يولدا،
كۆرمەي قالما خىزىرنى يەنە.
سەندەل بويى ئويۇڭنى ئالسۇن،
تەۋەرۇكتۇر ئۇدۇم، ئەنئەنە.
ياخشى، ياخشى چۇشلەرگە ئاقىول.
چۆچكىنى باشلايدۇ ئوغلان:
كۇندۇزمۇ يا كەچمۇ بىلمەيمەن،
ئاي، كۇن، يۇلتۇز
بىر بۇرۇجدا بىر ۋاقىتتا تۇرغان،
ئوڭ مۇرەمدە بارمىش بىر بۇركۇت.
يۇلتۇزغا قارىتىپ ئاتتىم مەن ئوقيا،
كەلمىش يادىمغا بىر پىكىر ھامان،
ئوقيا يۇلتۇزغا تەگكەن دەقىقە
يەرگە چۇشۇپ ئىمىش يوقىغان،
دەل ئاشۇنداق قىلىنىڭ ئۇستىدە
ئوڭ مۇرەمدىكى بۇركۇت
يۇلتۇزنى ئېلىپ كەپتۇ، چاڭگالىلىغان...
ئاھ، قەدىمكى ياغاچ تاۋاقلار،
ساڭا قايتىدۇ ئادەم ئاستىلاپ،
ياۋايىلىقتىكى ھەر لەززەتكە،
ياۋايى ھاياتلا بېرىدۇ جاۋاب.
سۇرەلمە ۋاقىتلار نەدىكى،
ئۇ يەردە يوق بازار ۋە يالغان،
راستكوي كۆزلەر،
سەمىمىيەت - مۇھەببەت - قالقان.
بىراۋ بىر تال چوغ تاپسا
ئوت سۇنىدۇ بارچە ئولىشىپ.
بىر تال بۇغداي يېتىدۇ مىڭغا،
تاتلىق يېيىشىدۇ بۆلۇشۇپ.
بارغىمۇ تەڭ،
يوقىمۇ تەڭ،
يولدىمۇ تەڭ،
سولدىمۇ تەڭ،
ئېقىپ - ئېقىپ كەتكەن ئۇ زامان،
كۆمۇلۇپ تۇرغىنى تارىخ،
ئېچىلىپ تۇرغىنى ھازىر.
بىر قەدىمكى چىغلىقتا
ئىزدىنىش ئىچىدە ياۋا توشقان.
نېمىگە قارايدىكىن
يەيدىغىنى ئوتنىڭ ئۇچى،
كولىغىنى يىلتىز - ئۇستىخان.

تىپتىنچ كېچىدە،
تىپتىنچ شالدىراق.

# ياشاپ ئۆتەي تائەبەد شاد ناخشاڭغا جور بولۇپ

(گۇللىنىۋاتقان تىيانشان رايونىغا بېغىشلايمەن)

**مۇھەممەت سەلەي**

ئېلېكترون دەۋرىدە ماڭدىڭ سەپىنىڭ ئالدىدا،
سەندىن نۇرغۇن مۆجىزە ئەل ئىچىگە تارالدى.
بارچە مىللەت ئۇيۇشۇپ ساڭا تۆكتى كۇمۇش تەر،
نامىڭ ھامان تىللاردا داستان بولۇپ يارالدى.

ئەسلەپ نامىڭ باھاردا شاد كۇلكىگە چۆمۇلدۇم،
تارىخىڭنى ۋاراقلاپ خىياللارغا كۆمۇلدۇم.
قىران چېغىم سېنىڭدە ئۆتتى جەڭدە، زەپەردە،
سېنىڭ بىلەن گۇل ئاچتى ئەجرىم، ئىشقىم، ئۇمىدىم.

سېنىڭ گۇزەل چېھرىڭدە كۇلدى بەخت يۇلتۇزى،
ھۆرلۇك مارشى ياڭرىدى، ئۇچتى تېچلىق كەپتىرى.

مارش ئوقۇپ كىرگەندە ساڭا ئازادلىق ئارمىيە،
جەۋلان قىلدى كۆكۇڭدە پارتىيىنىڭ بايرىقى.

ئېسىل خىسلەت ئوبرازىڭ شەھىرىمىزنىڭ سىماسى،
قەد كۆتەرگەن سېنىڭدە ئىنقىلاب خاتىرىسى.
ۋارىس بولۇپ ھەرقاچان ئەجدادلارنىڭ ئىشىغا،
ئىزىن بېسىپ يول ئاچار ئەجدادلارنىڭ نەۋرىسى.

ئۆلكىمىزدە بىر گۇلشەن شەھىرىمىزنىڭ مەركىزى،
بولۇپ كەلدىڭ ئىلىم - پەن، تەنتەربىيە بۆشۈكى.
جۇڭسەن يولى ئاۋاتتۇر، قاينار كەچلىك بازىرى،
قىلىپ ئەلنى بەك رازى بولدى شەھەر كۆزنىكى.

سەن جاھانغا يۈزلەندىڭ يۈكسەلمەكتە ئىقتىساد،
تۆت دەرۋازاڭ[1] ئېچىلدى سودا - سېتىق قىلىشقا.
دۆڭكۆۋرۈكتە تېپىلار جاھاندا بار ھەر نەرسە،
يېڭى زامان غەنىمەت بەردى بازار تېپىشقا.

پۇل ئالماقمۇ بەك ئاسان قاتار - قاتار بانكىلار،
ستېرېئولۇق كۆۋرۈكلەر ھەر تەرەپكە تۇتاشقان.
قۇشخاناڭدا قوي - كالا كانارلارغا ئېسىلغان،
يەر ئاستىدا سارايلار بىر - بىرىگە ئۇلاشقان.

تارىلىدۇ سېنىڭدىن ئەلدىن - ئەلگە ھەر ۋاقىت.
رادىئو، تېلېۋىزور بەرگەن ناخشا ساداسى.
كۆرسەتسە گەر ماھارەت ھۈنەر - سەنئەت چولپانى،
ئوينىتىدۇ دىللارنى گۈزەل نەپىس ھۈنىرى.

بۇك - باراقسان يەلپۈنەر ئۇلامبايىنىڭ ئورمىنى،
ئۈنىڭدىنمۇ كۆركەمدۇر سۇ ئۈستى باغچىسى.
ماڭدامدا بار رېستوران، ھەشەمەتلىك سارايلار،
ياتسا جەننەت، يېسە تەملىك ھەم قولايلىق تائامى.

ئىناقلىقتا مىسالدۇر، «ئىتتىپاق» يول ئۇيۇشقاق،
ئۆملۈك، بىرلىك، دوستلۇقنى تېگىشمەيدۇ ھېچ ئىشقا.
ساڭا مەنسۇپ كېلەچەك ئاتلا ئەسىر نۇرلۇق يول،
يېتەلەيسەن مەنزىلگە سادىق بولغاچ بايراققا.

تەڭرىتاغدەك گۈزەلسەن، باغرىڭ مىسلى بوستاندۇر،
قىز - يىگىتىڭ چېچەن ھەم ئىشچان، چېۋەر، دانادۇر.
جاراڭلايدۇ باغلاردىن مۇقام - مەرغۇل ناۋاسى،
ئۇسسۇل ئوينار مەيداندا، شادلىق ئەۋجى زىيادۇر.

ئەرك تېپىپ ئېلىمدە گۈلباغ بولۇپ ياشاردىڭ،
ھەم ئويغاندىڭ ئەسىرلەپ ياتقان ئۇيقۇ - غەپلەتتىن.
قەۋەت - قەۋەت ئىمارەت قەد كۆتەردى سېنىڭدە،
خۇش خەۋەرلەر كەلمەكتە، زاۋۇت، يېزا ھەر سەپتىن.

زىكرى قىلسام نامىڭنى قەلبىم تولار شادلىققا،
لاۋۇلدايدۇ يۈرەكتە مېھرىڭ گويا ئوت بولۇپ،
سەندە ئۆتكەن ئەجدادىم تۆكۈپ ئەجرى، تەرىنى،
ياشاپ ئۆتەي بىر ئۆمۈر شاد ناخشاڭغا جور بولۇپ،

# بويتاقچىلىق خاتىرىلىرى

مۇھەممەتروزى ئابدۇقادىر

## دەم ئېلىش كۈنى

بۈگۈن شەنبە، ئەتە يەكشەنبە
ئۇخلاش كېرەك بويتاقچىلىقتا،
چېچىلىۋاتقان كۈننىڭ شولىسى
دېرىزىدىن كىرگۈچە شۇڭغۇپ.
نېمە قىلىش كېرەك كېيىنچۇ؟
تاماق يېيىش نېسىگە يەنە
پۇلسىز يانچۇق، ساقاللار ئۆسۈك
ھاراق پۇراپ تۇرغان ياتاقتىن
چىققۇڭ كېلەر، چىقساڭ تالاغا
ئۇچراپ قالار تونۇش - بىلىشلەر،
ئۇششاق گەپلەر ئېچىشۋازلىقنىڭ
كەيپىلىكنىڭ لەززەتلىرىنى
زوق - شوق بىلەن سۆزلىگىڭ كېلەر.
كوچا چىڭداپ، دوقمۇشنى ساقلاپ
ئۆتۈپ كېتەر يېرىم كۈن شۇنداق.
بولدى ئەمدى دېمەيلا قوياي،
ئاتا - ئاناڭ يوقتۇر بۇ يەردە
ئەركىلىتەي دېسەڭ بىر ئىنىڭ.
خىزمەت قىلىش كۆڭۈللۈك شۇنچە،
دەم ئېلىشنىڭ كەلگەندە يېتىپ
بىلەلمەيسەن نېمە قىلىشنى
تىمتاس غەمكىن تاغلىق كەنتتە.

## بۈگۈن يارىڭنىڭ توي قىلغان كۈنى

تەۋرەۋاتقان ئېغىر سۈكۈنات،
يېلىنجايدۇ غۇۋا شام نۇرى.
مەست بولغۇم بار ھەيبامدەك قېنىپ،
بۈگۈن يارىڭنىڭ توي قىلغان كۈنى.

ئازاب بولماس بۇنىڭدىن ئارتۇق،
سەھرادىكى نامسىز شائىرغا.
خازان بولغان مۇھەببەت ئۈچۈن،
ئايلىنىشىم مۇمكىن قاتىلغا.

كۆتكىنىمدەك ئۈنسىز ئاھ ئۇرۇپ،
ياد ئېتەرسەن مېنى ئېھتىمال.
تەقدىرىڭنى قىلىش كۆمپەيكۆم،
شۇدۇر بەلكى ئاخىرقى ۋىسال.

---

[1] تۆت دەرۋازا - جەنۇبىي دەرۋازا (نەنمېن)، شىمالى دەرۋازا (بېيمېن)، غەربىي چوڭ دەرۋازا (داشىمېن)، غەربىي كىچىك دەرۋازا (شياۋشىمېن) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# بالا ۋە ئۇنىڭ توروٗق ئېتى

(ھېكايە)

## ۋەلى داۋۇت



ۋەلى داۋۇت 1969 - يىلى 12 - فېۋرال ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۇدۇڭخابا رايونى دۆلەتلىك باج ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ۋەلى داۋۇت 1989 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خارىس ساپا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە قەدەم قويغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا «قارا سىدە»، «ھويلىدىكى قەبرە»، «پەرىشتە قونغان ماكان»، «ئەركىنلىكتە ئۆلۈش» قاتارلىق بىر تۈركۈم ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنغان. «پەرىشتە قونغان ماكان» ناملىق ھېكايىسى 7 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. بىز ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مول نەتىجە تىلەش بىلەن «بالا ۋە ئۇنىڭ توروٗق ئېتى» ناملىق ھېكايىسىنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلدۇق.

بالا توروٗق ئېتىغا مىنىپ، ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئۇچۇپ كەتتى.

*　　　*

بىپايان دەشتۇ - دالانىڭ ئەركىسى - ئۇچقۇر شامالدۇر.

سەن - ئۇچقۇر شامال ئىدىڭ.

تەڭرىنىڭ كۆكسى دەرد - پىغانغا توشقاندا، كۆكتە يېشىل چېقىن چېقىلىدۇ. سەن - يېشىل چېقىن ئىدىڭ.

دالانىڭ ئەرك قۇشى - ئاۋۇل - تۇراقى يوق، كۈمۈش ساقاللىق ئاقىنلار بۇ ئالەملىك مۈلكى - چىرايلىق دۇمبۇرىسىنى سىيرىپ - سىيرىپ سازلاپ، ئاتلار ئار ئۇچۇن قان تۆككەن جەڭگاھلاردا داڭق قازانغان ۋاپادار، ئۇچقۇر ئاتنى ئەنە شۇنداق مەدھىيىلىشەتتى.

ئاۋۇلدىكى يېشى يۈزگە ئۇلاشقان چاللارنىڭ ئېيتىشىچە، توروٗق ئات - ئاقىنلار قوشاقلىرىدا سۆزلىگەن ئاشۇ قەدىمي، ئېسىل نەسلىنىڭ بىباھا ئۇرۇقى ئىدى.

بالا توروٗق ئېتىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەمدە توروٗق ئاتتىنمۇ ئارتۇق بايلىق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ جىمى بالىلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، شېرىن چۈشلىرىنى توروٗق ئېتى بىلەن باغلايتتى. توروٗق ئاتمۇ بالىدىن بىر قەدەم نېرى بولمايتتى. بالىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنى يېنىغا يېقىن يولاتمايتتى.

بالا ۋە توروٗق ئات - ئۇلار گوياكى يارالمىشتىن تەقدىرى تەڭ پۈتۈلگەن ئېمىلداش ئىدى.

- ئاتاڭ يوق !

- مېلىڭ يوق !!

- قوتان تۇگۈل يامغۇر - يېشىندىن پاناھلانغۇدەك چېدىرىڭمۇ يوق !!!

يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئۇنىڭدىن توروٗق ئېتىنى تارتىۋالماقچى بولاتتى. تالاي - تالاي «ياخشى سۆزلەر» كار قىلمىغاندا، بالىغا ئەنە شۇنداق ئاچچىق تەنە قىلاتتى.

ئاخىر ئۇلار توروٗق ئات ئۈچۈن قورۇ - قورۇ ماللارنى ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىشتى.

ئۇزاق يىللاردىن بېرى يوقسۇللۇقنىڭ خور-
لۇقلىرىدىن يەتكۈچە ئېزىلگەن دەردمەن ئانا يۈزد-
نى ئېتىپ، ئەلەملىك يىغلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن
باشقىسىدىن بارى بالا ئۈچۈنمۇ بەربىر ئىدى.
لېكىن ئانىنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ سۆڭەك - سۆڭە-
كىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بالا كىگىز ئۆيدىن يۈگۈ-
رۈپ چىقىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش
تۆكۈپ سەبىي قەلبىدىكى ئوغۇللۇق بۇرچىنىڭ
ئاچچىق قامچىلاشلىرىنى ئىچىگە سىڭىرىپ ۋارقى-
رىدى:

- يوقىلىش ! كېتىش خومپەرلەر ! ئېتىم-
نى ھېچكىمگە بەرمەيمەن ! ئۇ تورۇق ئېتىمنىڭ
بوينىدىن قۇچاقلاپ چوڭ كىشىلەردەك پىغانلىق
يىغلاپ كەتتى. ياق، ياق ! تورۇق ئاتنى ھېچكىم
ئۇنىڭدىن تارتىۋالالمايدۇ، بېشىغا ھەرقانچە كۈل-
پەتلەر ياغسىمۇ ھېچكىمگە بەرمەيدۇ، تورۇق ئات-
سىز بالا قانداقمۇ ئاتىسىنىڭ ئوغلى بولسۇن.

بالا ئاتىسىنى غۇۋا ئەسلىيەلەيتتى. پۈتكۈل
ئاۋۇل ئالىلىقانداق ھاياجاندىن تەۋرىگەن بىر ئاخ-
شىمى ئانىسىغا ئەگىشىپ، قانداق تەمتىلەپ مې-
ڭىپ كىگىز ئۆيدىن چىققانلىقلىرىنى. . . خۇددى
بىر چۈشتەك غۇۋا ھېس قىلاتتى. تورۇق ئاتقا
مىنىپ، ئوۋ مىلتىقىنى ئېسىۋالغان ئاتىسى توخ-
تىماي ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ ئانىسىغا ئۇ-
زۇنغىچە بىرنېمىلەرنى دېگەنىدى. ئاندىن ئاتتىن
ئېڭىشىپ بالىنى ئىگەرنىڭ ئۈستىگە ئالدى، چاق-
نىغان كۆزلىرى بىلەن بىر دەقىقە قارىۋالغاندىن
كېيىن ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم باستى.

شۇ ئاخشىمى بالىنىڭ ئاتىسى ئۇلارنى كىگىز
ئۆينىڭ ئالدىدا قالدۇرۇپ يىراقتىكى قوللىرىدا
چارسىلداپ كۆيگەن مەشئەللەرنى كۆتۈرۈۋېلىش-
قان ئاتلىق ئالىمانغا قاراپ چېپىپ كەتكەنىدى.
ئەپسۇسكى، ئاتا شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى.
پەقەت شۇنىڭدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن
ئورۇقلاپ، بويىنى ئۈزىراپ كەتكەن تورۇق ئات
ئۆزى يالغۇز كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

* *

بالىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئاداققى پۈت-
مىش ئاۋۇللار قايتىدىن تەۋرەشكە باشلىغان، تاغ-
لارنىڭ نېرىسىدا جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ غال-
جىرلاشقان دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربىلەر بېرىلى-
ۋاتقان، بالا خۇددى باتۇر ئاتىسىدەك تورۇق ئېتى-
غا مىنىپ، يەلكىسىگە مىلتىق ئېسىپ ياۋنى يو-
قىتىش ئىستىكىدە يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈز
بەردى.

شۇ كۈنى قۇياش تاغلار كەينىگە ئۆتۈپ،
چوققىلاردىكى قارىغايلاردا ئالتۇن نۇرلىرىنى جۇ-
لالىتىۋاتقان چاغ ئىدى. بالا تاغنىڭ تەسكەي تەرد-
پىدىكى چوڭقۇر جىلغىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تاغ
سۈيىدە تورۇق ئېتىنى يۇيۇۋاتاتتى. بالا ئۆز ئى-
شىغا پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن بېرىلىپ كەتكەچكە
ھېچنەرسىنى سەزمەي قالدى. بىردىنلا خۇددى
يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق
بولمىغان دۆڭنىڭ ئۈستىدە بىر توپ گومىنداڭ
ئەسكەرلىرى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تەڭ-
دىن تولىسى دېگۈدەك پۈت - قوللىرىنى ئاق لاتى-
دا تېڭىۋالغان ياردارلار ئىدى.

بالا گومىنداڭچىلارغا چىش - تىرنىغىچە
ئۆچمەنلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە ئۇلار
ئادەم ئەمەس، بەلكى چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك
بىر توپ ۋەھشىي، قانخور مەخلۇقلار ئىدى. بالا
بىرنەچچە دەقىقە مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى - يۇ،
ھايال ئۆتمەي ئېسىنى يىغىپ تاغ بالىلىرىغا خاس
چاققانلىق بىلەن ئېتىغا ئىرغىپ مىنىپ تاغ ئى-
چىگە - ئاۋۇل تەرەپكە قاراپ قاچتى. لېكىن
ئانچە ئۇزاققا بارمايلا سۇدا ھۆللىنىپ سىلىغدى-
نىپ كەتكەن ئاتنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ يىقى-
لىپ چۈشتى. قورۇق ئات دەررۇلا چېپىشتىن
توختىدى. بالا ھەممە ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاق-
ساقلىغان پېتى ئاتقا قاراپ يۈگۈرگەچ ۋارقىرى-
دى:

- قاچ ! چاپسان قېچىپ كەت. ئاۋۇلغا. . . ئاۋۇلغا
قاراپ چاپ !

ئەپسۇسكى، بولار ئىش بولغان، ۋاقىت ئۆت-
كەنىدى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىقلىرى
ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئۇلاردىن تۆت - بەشى خې-
لىلا ھەپىلىشىپ تورۇق ئاتنى باغلىۋېلىپ يۈگەن-
لىدى. ئاندىن ھاسىراپ - ھۆمىدىگەن پېتى بالى-
نىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ رەھىمسىزلىك
بىلەن باش - كۆزىگە تارسىلدىتىپ قامچا ياغدۇر-
دى.

- ئاناڭنى ! . . . ياۋا كۈچۈكى، نەگە قاچات-
تىڭ ! ؟

ئۇلار بالا ۋە تورۇق ئاتنى دۆڭنىڭ ئۈستىگە - گو-

مىنداڭ ئوفىتسېرنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ چىقىشتى. ئوفىتسېرنىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن خۇنۇكلىشىپ، قان تولغان قىيسىق كۆزلىرى تورۇق ئاتقا چۈشۈشى بىلەن بىردىنلا چوڭ ئېچىلىپ چاقناپ كەتتى. تورۇق ئاتنى ئايلانغاچ ھەۋەسلىنىپ تىللىرىنى چاكىلداتتى. ئاندىن بىرنېمىلەرنى كالدىرلاپ ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ھەش - پەش دېگۈچە تورۇق ئات ئىگەرلىنىپ بولدى.

بالا ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ جىمجىت قاراپ تۇردى. ئۇ شۇنداق بولارىنى ئاللىبۇرۇنلا پەملىگەنىدى.

— قېنى، مىنىپ كۆرسۇن، ئىبلىس، تورۇق ئات سەندەكلەر ئۇچۇن يارىتىلغان ئەمەس، كېلىشتۇرۇپ ئەدىبىڭنى بېرىپ قويىدۇ!

گومىنداڭ ئوفىتسېرى تورۇق ئاتقا مىندى. ئەسكەرلەر چىڭ قامالىشىپ تۇتۇۋالغان يۈگەننى قويۇپ بېرىشى بىلەنلا، قانداق بولغىنىنى ئوفىتسېرمۇ، ئەسكەرلەرمۇ بىلەلمەيلا قالدى. تورۇق ئات چاقماق كەبى ئوفىتسېرنى ھاۋادا كۆكلىتىپ يەرگە ئۇردى. ئوفىتسېر قىرلىق شېغىل تاشلار ئۈستىدە يۇمۇلىنىپ، ۋايجانلاپ كەتتى. ئەسكەرلەر تۇشمۇ - تۇشتىن يۈگۈرۈلۈپ كېلىشىپ چاپچىپ، ئۈركۈپ تۇرغان تورۇق ئاتقا يېپىشتى. گومىنداڭ ئوفىتسېرى خېلىدىن كېيىن ئىنجىقلاپ، غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىنى يۆلەپ تۇرغان ئەسكەرنى زەردە بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. خۇددى مەست ئادەملەردەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ تورۇق ئاتنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ بىردىنلا قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئالدى. قىلىچنىڭ كۆكۈچ بىسى ھاۋادا يالت - يۇلت چاقناپ كەتتى. تورۇق ئاتقا چىڭ يېپىشىپ تۇرغان ئەسكەرلەر ئاتنى تاشلاپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى. ئېغىر، ئۆتكۈر قىلىچ زەرب بىلەن تورۇق ئاتنىڭ ئالدى پۇتىغا چېپىلدى. جىلغا ئىچى ئاتنىڭ ئاچچىق كىشنىشى بىلەن بالىنىڭ ئىنچىكە، ئەلەملىك نىداھىسىدىن تىترەپ كەتتى. قىلىچ تورۇق ئاتنىڭ پۇتىغا ئەمەس گوياكى، بالىنىڭ يۈرىكىگە چېپىلغانىدى. تورۇق ئات چاپچىپ كۆككە بىر ئۆرلىدى - دە، دۆڭدىن دومىلىغان پېتى پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئەسەبىيلەشكەن ئوفىتسېر قىلىچنى تاشلىۋېتىپ، يېنىدىن تاپانچىسىنى ئالدى. تاپانچا پەسكە - دۆڭنىڭ ئايىغىدىكى تاغ ئۆسۈملۈكلىرى قاپلاپ كەتكەن ئازگال ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان تورۇق ئاتقا تۇغرىلاندى. شۇ چاغ دەھشەتتىن ئەسلى - ھوشىنى يوقاتقان بالا بىردىنلا ئوفىتسېرغا ئېتىلدى.

— ياق، ئاتما! ئاھ!... مېنىڭ تورۇق ئېتىم!

ئاڭغىچە ئەسكەرلەر ئېتىلىپ كېلىشىپ بالىنى قامچىلاپ، ئۇرۇپ تېپىپ يەرگە يىقىتىشتى. ئوفىتسېر بىردىنلا تاپانچىسىنى يىغىشتۇرۇۋالدى.

قېپىغا سالغۇچە قوللىرى ئەسەبىي تىترەپ كەتتى.

— ئۇ سېنىڭ تورۇق ئېتىڭمۇ — ھە! ئاناڭنى... ھارام سۈيدۈك. مەن سېنىڭ ... — ئوفىتسېر ئەسكەرلەرگە بىرنېمە دەپ ۋارقىرىدى. شۇ زامات ئەسكەرلەردىن بىرى ئۇنىڭ قولىغا بىر گراناتنى تۇتقۇزۇپ قويدى، — مەن سېنىڭ جىن ئۇرغان تورۇق ئېتىڭنى پارتىلىتىپ پارە - پارە قىلىۋېتىمەن!

ئوفىتسېر گراناتنىڭ يىپىنى تارتىۋەتتى. غولىچىنى كېرىپ ئېتىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ دەقىقە ھېچكىم ئويلىمىغان بىر ئىش چاقماق تېزلىكىدە يۈز بەردى. بالا غەزەپلەنگەن بۆرە، ئارسلان كەبى ئوفىتسېرغا تاشلاندى. ئۇنى ئەسكەرلەرمۇ توسۇپ قالالمىدى. بالا ئوفىتسېرنىڭ گرانات كۆتۈرگەن قولىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن مەھكەم يېپىشتى. ئوفىتسېر جېنىنىڭ بارىچە كۈچەپمۇ بالىدىن قولىنى ئاجرىتالمىدى. گراناتنىڭ پىلىكى جىزىلداپ، ئۇچقۇن چاچرىتىپ شىددەت بىلەن كۆيمەكتە ئىدى. گومىنداڭ ئوفىتسېرىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى...

ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنى تاشلاپ، تۆت ئەتراپقا پىتىراپ قاچتى.

قۇلاق - مېڭىنى يارغۇدەك گۈمبۈرلىگەن ئېغىر سادا تاغۇ - تاش، يەرۇ - زېمىننى تىترىتىۋەتتى!

بۇ — قۇياش تاغلار كەينىگە ئۆتۈپ، چوققىلاردىكى قارىغايلاردا ئالتۇن نۇرلىرىنى جۇلالىتىۋاتقان چاغ ئىدى.

# سۇلايمان لايغەزەل ①



(ھېكايە)

ئەركىن سابىر

## 1

سۇلايمان غەلبىتىلا بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئايالى سائادەت چوغدەك قىزىتىلغان لاخشىگىرنى كۆتۈرۈپ ئۇنى قوغلاپ يۈرگۈدەك. ئۇ ھويلا ئىچىدە قېچىپ كېتىۋېتىپ بىر ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇدەك. ئورا بەكلا چوڭقۇر بولۇپ، ئورىنىڭ ئاستىغا يەتكۈچە ئۇ خېلى لەيلەپ يۈرۈپتۇدەك. كېيىن ئۇ ئورىنىڭ تېمىدىكى ئۇيۇقتا پارقىراپ تۇرغان بىر كومزەكنى كۆرۈپتۇدەك، كومزەكنى ئېلىپ قارىسا ئىچىدە لىق ئالتۇن تۇرغۇدەك. شۇ ئەسنادا ئورا ئىچىگە شارقىراپ سۇ چۈشكىلى تۇرۇپتۇدەك... نەدىندۇر بىر ئايال «سۇ... سۇ بېسىپ كەتتى!» دەپ توۋلاۋاتقۇدەك... سۇلايمان «ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلىغىنىچە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتلىرىنى كارىۋاتتىن پەسكە ئالدى-دە، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— قۇتقۇزۇڭلار، دەيدۇ تېخى! ھويلا ئىچى كۆل بولۇپ كەتتى، تاملارمۇ زەيلىشىپ ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان بولدى!

سۇلايمان شۇندىلا مۇنۇ باغنىڭ ئىگىسى مومايىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ۋالاقلاۋاتقىنىنى بىلدى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ كەتمەننى قولىغا ئالدى ۋە باغقا سۇ باشلايدىغان ئېچىق تەرەپكە ماڭدى.

— يائاللا، سائادەتنىڭ كۇتۇلداشلىرىدىن قۇتۇلدۇم دېسەم، ئەمدى بۇ مومايىنىڭ بالاسىغا قالدىممۇ دەيمەن! — دەپ غۇدۇڭشىدى ئۇ، — بىردەم توخۇلىرىمنى قوغلاپ ھويلامدىن تەزدۈرۈۋەتتىڭ دېسە، بىردەم سۇنى تولا قويۇپ باغنى زەيلەشتۈرۈۋەتتىڭ دەۋاتقان؛ بىردەم ئالما شاخلىرىنى يېرىۋەتتىڭ دېسە؛ بىردەم تاماكاڭنى كۆرگەنلا يەرگە تاشلاپ ھويلامنى مەينەت قىلىۋەتتىڭ دەۋاتقان... ئەيتاۋۇر ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئاغزى بېسىقمايدۇ، دۇنيادىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق كوت - كوتمىدۇ؟!

ئۇ تامنىڭ شورىدىن ئاتلاپ ئۆتتى ۋە ئېچىنىق بېشىغا بېرىپ ئۇ يەرنى پۇختا ئەتتى، ئاندىن شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ موخوركا چەككەش خىيالغا پاتتى.

بايا چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن قانچىلىك كېلەتتىكىن؟ بەلكىم بىر ئۆمۈر يېتىپ يېسە يەتكۈدەك بولغىيتتى. لېكىن چۈش دېگەن ئادەمنى گوللاپ قويىدۇ - دە! ئەگەر ئۇ ئوڭى بولۇپ قالغان بولسا قانچىلىك ياخشى بولاتتى - ھە؟!

---

① بۇ ھېكايىنىڭ بىرىنچى قىسمى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ئۇ چاغدا بۇ يەردە باغقا قارايمەن دەپ پاشىغا تالىنىپ يۇرمەي ئۆيىگە كىتىپ «مانا، خوتۇن، خۇدايىم بەرسە مۇنداق بىرىدۇ» دەپ ئالتۇنلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلايدىغان گەپ. ئەل - مەھەللە ئىچىدىمۇ «كىم باي، سۇلايمان باي» دەپ نامى چىقىدۇ. توي - تۆكۈنلەردە باغاقنىڭ ئالدى يىزىلىدۇ. شۇ چاغدا ھىلىقى ئىلاخۇن موخۇركىچى كۆرۈپ قويسۇن. تىخى «موخۇركىنى نىسىگە بەرسەم كىيىن تۆلەيدىغانغا پۇلۇڭ بارمۇ؟» دەپ كىتىشلىرى ئۇنىڭ. ئەمدى ئالتۇنغا تىگىشىمەن دىسەم موخۇركىنى ئۆيۈمگە ئەكىلىپ بەرمىگىنىنى كۆرەي. بىراق بۇ ئىشنى سائادەتنىڭ ئۇقمىغىنى ياخشى، بولمىسا «ئالتۇنغا موخۇركا تىگىشىپ چىكىپسىز!» دەپ كوتۇلداپ تويغۇزۇۋىتىدۇ. ۋاي - ۋۇي، يامىنى كەلسە ئۇنىڭغا ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇزۇپ قويماي، ئازراقىنى ئىلىپ قىلىپ ئىغىلنىڭ بىر يىرىگە تىقىپ قويىدىغان گەپ. . .

سۇلايمان ئىچىق بىشىدا قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى بىلمىدى. بىر چاغدا باغ ئىچىدىن موماينىڭ كىمنىدۇر تىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ:

— يەنە نىمە دەيدىغاندۇ بۇ قىرى جادى! — دىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

2

سۇلايماننىڭ جاھاندىكى جىمى ئادەملەرگە - ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن ئازراقمۇ يوچۇق قالدۇرمىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆچلۈكى تۇتىدىغان بولۇپ قالدى. كونىلار «‹ئادەم ئادەم بىلەن ئادەم› دەپتىكەن، لىكىن قويە شۇنداق ئادەم دىگىنىڭنى!» دەيتتى ئۇ بەزىدە ئۆز - ئۆزىگە. چۈنكى ھىلىقى قىتىم قاھار قاسساپنىڭ كاززاپ ئوغلى ئالداپ كەتكەندىن بۇيان ئۇنىڭ ھوشۇقى زادىلا ئالچۇ چۈشۈپ باقمىدى. نە دىھقانچىلىقتىن، نە ئوقەتتىن تەلىيى كىلىپ باققان بولسا كاشكى! ئۆتكەن يىلى ئۇ «چاچقا چاچ، بەختىڭدىن كۆر» دەپ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان يەرگە قىچا تىرىدى. جۇمەخۇننىڭ قىچا تىرىپ شۇنىڭ دارامىتىدە بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ كۆزىنى خېلىلا قىزارتقانىدى. لىكىن بەختىنىڭ ئىشكى سۇلايمانغا كەلگەندە تاقىلىپ قالىدىغانلىقىنى كىممۇ ئويلىسۇن! بىچارىنىڭ قىچىلىرى چىچەكلەپ دان تۇتۇشقا باشلىغاندا قىچىغا ئالا كۆلۈك[1] چۈشۈپ، ھەممىنى بىر تىيىن قىلدى. «بار پۇلۇمنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمچى» دىگەندەك، قىچىغا ئالا كۆلۈك چۈشكەندىن كىيىن، ئۇنىڭ ئىتىز بىشىغا زادىلا بارغۇسى كەلمەي قالدى. شۇنىڭ بىلەن قالغان قىچىلىرى پىشىپ قىقىلىپ تۆگىدى.

ئىش شۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشسا مەيلىدىغۇ! بىر ياز ئىشلەپ قىچىدىن بىر ئۈچۈممۇ ھوسۇل ئاللمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سائادەتتىن بىر تاغار تاپا - تەنە ئىشىتتى:

— سىزنىڭ تۇرقىڭىزلا ئادەم، ئىسىت، سىز بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىم! خەق ئىتىزىدىن بىر يىلدا ئىككى قىتىم ھوسۇل ئىلىۋاتىدۇ، سىز بولسىڭىز قىتىلىقنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئالالمايسىز. . .

— بولدى قىلساڭچۇ! — ۋارقىرىدى سۇلايمان، — تولا سۆزلەپ قۇلاق - مىڭەمنى يەپلا كەتتىڭغۇ! سەن ئويلىغاننى مەن ئويلىمامدىمەن! ياغ بولمىسا چامغۇر بولار دەپ ئاۋۇ داۋۇتقا بازاردىن چامغۇرنىڭ ئۇرۇقىدىن ئالغاچ چىقىشقا پۇل بەردىم. . . ھەممە ئادەم سىنىڭ ئۇ يىرىڭدە چامغۇر ئوخشايدۇ، دەۋاتىدۇ. . .

— ۋاي ئاتامەي، سىز ئەمدى شۇنچە كۆپ يەرنىڭ ھەممىسىگە چامغۇر تىرىيمەن دەمسىز؟ — سورىدى سائادەت.

— تىرىسام نىمە بوپتۇ؟! — ئاۋۇ ھاشىم بولتۇر ئۆزىگە قالدۇرۇلغان يىرىگە چامغۇر تىرىپ سىتىپ شۇنىڭ پۇلىغا بىر ئىشەك ھارۋىسى سىتىۋالدى. مىنى ھوسۇل ئاللمايسەن دىمەكچىمۇ - يا؟ قاراپ تۇر، چامغۇر دىگەننى قانداق ئوخشىتىدىغانلىقىمنى! — سۇلايمان مەيدىسىگە ئۇردى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ ئۇنىڭ تىرىغان چامغۇرلىرى ئۈنۈپ چىقتى. ئۇ ئىتىز بىشىغا بىرىپ ئۈنۈپ چىققان چامغۇر مايسىسىغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. «تۇۋا، بۇ نىمە كارامەتتۇر؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

[1] ئالا كۆلۈك - قىچىغا چۈشىدىغان بىر خىل زىيانداش ھاشارات.

— تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، سۇلايمان؟ — سورىدى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئابلىز كىچىك ئۇنىڭدىن.

— قارىمامسەن، ماۋۇ يەرگە چامغۇر تېرىسام يۇڭدەكلا چىقىپتۇ.

— ۋاي ئەخمەق، قىچا تېرىغان يەرگىمۇ چامغۇر تېرامدۇ؟ قارا، ئەمدى چامغۇرمۇ، قىچىمۇ تەڭلا ئۈنۈپ چىقىپتۇ.

— بۇنى تاخلىغىلى بولارمۇ، ئابلىز؟ — سورىدى سۇلايمان.

— ھازىر بۇنىڭ قايسىسى چامغۇر، قايسىسى قىچا ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ قانداق تاخلايسەن. . .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلايمان پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى - دە، ئىتتىز بېشىدىن ئالدى - كەينىگىمۇ قارىماي يېنىپ كەلدى.

— مەنغۇ بىلمەپتىمەن، قىچا تېرىغان يەرگە چامغۇر تېرىسا بولمايدىغىنىنى، سەنمۇ بىلمەمسەن؟! — ۋارقىرىدى سۇلايمان ئۆيىگە كىرىپلا سائادەتكە.

— بەللى، «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپتۇ» دېگەندەك نېمانچە چالۋاقايسىز! — ئاچچىقلاندى سائادەت، — ئىتتىزنىڭ ئىشلىرىنى بىلىدىغانغا بۇ ئۆيدە مەن ئەرمۇ ياكى سىزمۇ؟

سۇلايمان لام - جىم دېيەلمىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇنىڭغا سائادەتنىڭ ئالدىدا كۈن يوق بولدى. سائادەتنىڭ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا «مەن ئەرمۇ ياكى سىزمۇ؟» دېيىشلىرى ئۇنى جېنىدىن جاق تويغۇزۇۋەتتى.

ئارىدىن قىش ئۆتۈپ يەنە بىر ياز كەلدى.

— بولدى قىلساڭچۇ! — دەپ ۋارقىرىدى سۇلايمان. ئۇ ئىشىكنى جاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى ۋە چوڭ يولغا چىقىپ ھېلىقى تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ موخۇركا چېكىشكە باشلىدى. «مەن ئەرمۇ ياكى سىزمۇ؟» دەپ كونا گەپنى تەكەۋۇرگەننىڭ نېمە پايدىسى! كاللىدىكى پىلاننى پىلان قىلمايدۇ - دە، بۇ خوتۇن!

سۇلايماننىڭ كاللىسىدا راستىنىلا يېڭى بىر پىلانى بار ئىدى. قايسى بىر كۈنى ئۇ رەجەپ موزدۇزنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ھال - ئوقىتىنىڭ قانداقلىقىنى سورىغاندا، رەجەپ موزدۇزنىڭ ئوغلى ئۆتۈك سېتىپ كۈنىگە 70 - 80 يۈەن پايدا ئېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ سۇلايماننىڭ كاللىسىغا ئۆتۈكچىلىك قىلىش خىيالى كىرىۋالدى.

«بۇغۇ بولىدىغان ئوقەتكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ، «ئەمما ئەرزان ئۆتۈكنى نەدىن ئالغىلى بولار؟»

سۇلايمان ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر بۇ توغرىدا داۋۇتتىن مەسلىھەت ئالماقچى بولدى.

— ئەخمەق، — دېدى داۋۇت كۈلۈپ، — سەن ئۆتۈك ساتماي ئاۋۋال پايپاق سات. . .

— نېمە؟ سەن مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن، داۋۇت؟!

— ياقەي، سېنى نېمىدەپ زاڭلىق قىلغۇدەكمەن، ئاۋۋال ئوقەتكە پىشىۋال دېمەكچىمەن. ھازىر ئاياللارنىڭ نېپىز پايپىقى مودا بولۇۋاتىدۇ، مال قولدىن ئىتتىك چىقىدۇ، پايدىسىمۇ يامان ئەمەس. . .

— توختىغىنا داۋۇت، مودا دېگىنىڭ نېمىسى؟

— ۋاي - ۋۇي، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ ئاياللار بەسلىشىپ كىيىدىغاننىڭ ھەممىسىنى مودا دەيدۇ.

سۇلايمان ئۆزىچە بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى.

شۇ گەپتىن كېيىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ ئۇ داۋۇتقا ئەگىشىپ ئوقەت قىلغىلى بازارغا كىرىپ كەتتى.

«ھەر ھالدا بۇ ئادەمنى ئوقەتنىڭ يولىغا سالدىم، ئەمدى بىزنىڭمۇ قولىمىز پۇل كۆرەر» دەپ ئويلىدى سائادەت ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن. ئەمما ئۇ سۇلايماننىڭ پايپاق سېتىپ پايدا ئالماقتا يوق زىيان تارتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنداق بولىدۇ - دە! بېشىغا چېكەلىكى ئېگىلىپ قارچۇغىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاپ قالغان شەپكە كىيىپ، پۇشقىقىنى بوغقۇچ بىلەن بوغۇۋالغان سۇلايماندەك ئادەملەرگە شەھەرلىك خوتۇنلار ئۇتتۇرۇپ قويامتىمۇ. خوتۇنلارنىڭ پايپاقنىڭ باھاسىنى تالاشقان چاغدىكى ناز - كەرەشمىلىرى ئالدىدا سۇلايماننىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالاتتى - دە، بىر كۈنلۈك ئوقەتتىن بىرمۇنچە زىيان تارتىپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى.

- قويغىنا، داۋۇت، - دېدى بىر كۈنى ئۇ، - خوتۇنلار بىلەن سودا قىلىدىغان بۇنداق ئوقەت ماڭا زىيان قىلىدىكەن.

- باققاللىق قىلامسەن - يا؟ - سورىدى داۋۇت.

- پايدىسى قانداق؟

- پايدىسىدا گەپ يوق، ئەمما چىدىساڭ بولىدۇ. كۈزدە دارامەتنى بىراقلا ئالىسەن.

- مەيلى، - دېدى سۇلايمان سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

سۇلايمان بۇ ئىش توغرىسىدا سائادەتكە مەسلىھەت سېلىشنى خالىمىدى. «ئۇنىڭغا مىڭ چۈشەندۇرگەن بىلەنمۇ بىكار» دەپ ئويلىدى ئۇ. كۈزدە بىر كاللەك، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ جىق پۇلنى ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ بوش سۇلايمان ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويسىلا كۇپايە. شۇ چاغدا سائادەتنىڭمۇ ئاغزى بېسىقىدۇ. . .

راستىنى ئېيتقاندا سۇلايمان ئاغزىدا دېگىنى بىلەن كۆڭلىدە سائادەتنى سېغىنغانىدى. «بەلكىم ئۇمۇ مېنى سېغىنغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. «ھەممە بالانى ئۆزى تېرىدى، ئەمدى يولۇمغا قاراپ كۆزى تېشىلىپ كەتسىمۇ مەيلى، كۈزدە بىراقلا بارىمەن!»

سۇلايمان داۋۇتنىڭ ئاغىنىسىنىڭ تونۇشى ئارقىلىق شاكىر ئىسىملىك بىر ياش باققال بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلىشىپ مۇنۇ موماينىڭ بېغىنىڭ بىر يىللىق كۆكىنى سېتىۋالدى. بۇ بىر كىچىك كەنتكە جايلاشقان باغ بولۇپ، شەھەردىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. سۇلايمان شاكىرغا شېرىك بولۇشتا پۇلنى داۋۇتتىن قەرز ئالدى.

## 3

«بىر ھېسابتا ھويلا ئىچىگە سامانلىق، ئېغىل ياسايمەن دەپ يۈرگۈچە ھەممىنى چېقىپ - تۈزلەپ باغ قىلىدىغان گەپكەن» دەپ ئويلىدى سۇلايمان. «مۇنۇ موماي چېغىدا كىچىككىنە بېغىنىڭ بىر يىللىق كۆكىنى 2 مىڭ يۈەنگە سېتىۋاتىدۇ، مېنىڭ ھويلام بۇ موماينىڭكىدىن چوڭ، ئەگەر باغ قىلسام بىر يىللىق كۆكى 4 مىڭ يۈەنگە يارايدۇ، بەش يىلدا 20 مىڭ يۈەن دېگەن گەپ. بۇ ئاز پۇلمۇ؟! بىزنىڭ يېزىدا 20 مىڭ يۈەن پۇلى بارلاردىن كىم بار؟ بىراق شۇ ھويلىنىڭ ئۆي - چوڭقۇرىنى تۈزلەپ بولغۇچە ئادەم ھالىدىن كېتىدۇ - دە! بولمىسا ئادەم سالارمەن، كۈنلۈكۈڭ مۇنچە پۇل دېسە ئىشلەيدىغانلار قاغىدەك يېپىشىپ كېلىدۇ. باغ تەييار بولغاندا ئۇنىڭغا قارايدىغانغا ئادەم قويمىسام بولمايدۇ. . . مېۋە ئۈزىدىغان چاغدا ھېلىقى ئاۋۇتنىڭ جىقلا قىزلىرى بار، شۇلارغا كۈنلۈك پۇل بېرىپ ئۈزدۈرەرمەن. بىراق بۇنداق قىلىشقا سائادەت ئۇنارمۇ؟ ئۆزۈڭ قىلىدىغان ئىشلارنى خەققە قىلغۇزدۇڭ دەپ كوتۇلداپلا كېتەر! ۋاي - ۋۇي، بۇنىڭغا نېمە غەم. يامىنى كەلسە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدىغانغا بىر خىزمەتكار سېلىپ، ئۇنى ئۆي ئىشلىرىدىن ئازاد قىلارمەن، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغزى بېسىقىدۇ. . . خۇشلۇقى تۇتۇپ مەڭزىمگە سۆيۈپ قويامدۇ تېخى!» سۇلايمان ئىختىيارسىز مەڭزىنى سىيلاپ قويدى.

«ۋاي خۇدايىمەي، مەڭزىلىرىم نېمە بولۇپ كەتتى - ھە؟» دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ. دېمىسىمۇ پاشىنىڭ دەردىدە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ساق يېرى قالمىغانىدى.

- بۇمۇ تەس ئىش ئىكەن، - دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — پاشىغا تالىنىپ نېمە جاپا بۇ! ؟ ھېلىقى شاكىر ئىنچىكە بورۇتنى مايلاپ شەھەردىن چىقمايدۇ. خەپ، سەنمۇ بىرەر كېچە يېتىپ باق دېمىسەم!

سۇلايمان چېشىنى چىشلەپ يەنە بىر ئاينى ئۆتكۈزدى. ئالمىچە كۆزمۇ بولۇپ قالدى. ئوت - چۆپلەر پىشىپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىدى. ئەمدى يازنىڭ ئىسسىقى تۈگىگەن بولۇپ، كېچىلىرى سوغۇق ھاۋا بەدەننى قورۇيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى شاكىر باغدا پەيدا بولدى.

- ئالمىلارنى ئۈزەيلى، سۇلايمىنكا، - دېدى ئۇ، - ئۈزۈپ بولۇپ سورتقا ئايرىپ يەشىكلەرگە قاچىلايمىز.

- ھازىرلا باشلايمىزمۇ، ھەممە يەر شەبنەم تۇرسا. . .

- سېنىڭچە كېچىدە ئۈزىمىزمۇ؟

- مەنغۇ ئۇنداق دېمىدىم. .. بىراق ئۇكا

ئىككىمىز يالغۇز قاچان ئۈزۈپ بولارمىز دەيمەنا.

– ئەنسىرىمە، سۇلايمىنكا، ھېلى ئىشەك ھارۋىسىغا سېۋەت، قەغەز يەشىكلەرنى قاچىلاپ بىر بالا چىقىدۇ. ئاڭغىچە سەن ئۈزۈلگەن ئالمىلارنى دۆۋىلەيدىغانغا ئاۋۇ يەرنى قىرىپ تۈزلەپ قوي، مەن بېرىپ مەھەللىنىڭ قىزلىرىدىن بىرنەچچىنى چاقىرىپ كېلەي. . .

– ھەي كاززاپ، – دېدى سۇلايمان شاكىر باغدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قويۇپ، – كىيىملىرىڭنى توپا - چاڭ قىلىشنى خالىمىدىڭ - دە!

پۇل دېگەن ئاجايىپ نېمە - ھە! ئۇ ئادەمنى سۆلەتۋاز قىلىپ قويىدۇ. مۇنۇ شاكىر ئىلگىرى قانداق نېمە بولغىيتتى؟ بەلكىم بىر نامرات ئادەمنىڭ بالىسى ياكى ئەسكى چاپاننى كىيىۋېلىپ ئىشەك ھارۋىسى ھەيدەيدىغان بىرنەرسىدۇر. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ سۆلىتىنى قاراڭ! يېڭىگە قونۇپ قالغان بىر تال قىلنى قولى بىلەن ئالماي ئاغزى بىلەن پۈۋلەپ ئۇچۇرۇۋاتىدۇ. شۇنچىلىك قىلغۇدەك ئۇنىڭ قانچىلىك پۇلى باردۇر؟! بەش مىڭ، بەلكى ئون مىڭ يۈەندۇر. ھەي، شۇنىڭدىن قارىغاندا سۇلايمانمۇ كېيىن شۇنداق بولۇپ قالامدۇ، نېمە!

سۇلايمان خېلى كۆپ ئىشلارنى ئويلىدى. پۇل بولغانىكەن، بايۋەچچىدەك ياسىنىپ يۈرۈش كېرەك. ئاۋۇ ئېلاخۇن موخۇركىچىنى كىشىلەر پۇلىنىڭ جىقلىقىدىن ئۆيىدە قويغۇدەك يەر يوق، ئېغىلىنىڭ تورۇسلىرىغا قىستۇرۇۋېتىپتۇ، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا قىش - ياز ئاشۇ ئەسكى تۇمىقىنى تاشلىمايدۇ، شۇڭا ئۇنى كىشىلەر ئانچە كۆزىگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. ئەخمەقتە ئۇ! پۇل دېگەن ئېغىلىنىڭ تورۇسىغا قىستۇرۇپ قويىدىغان نەرسىمۇ؟! سۇلايماننىڭ شۇنداق جىق پۇلى بولىدىغان بولسا پىكاپ سېتىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئويناپ كېلىدىغان گەپ. ھېلىقى شاكىر كۈزدە ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ رېستورانغا ئەكىردەمەن، دېگەندەك قىلغان. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۈرۈمچىدىكى رېستورانلارغا قىزلار جىق كىرىدىكەن، بەللىرىنى تولغاپ ئەرلەرنى تانسىغا تارتىدىكەن. تانسا دېگەننى سۇلايمان ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ئۇ قىزلارنىڭ بېلىدىن چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ پىرقىرايدىغان ئويۇن. ئەمما بۇنى ئاۋۇ ئېلاخۇن موخۇركىچىدەك ئەخمەقلەر، سائادەتتەك تومپايلار بىلەتتىمۇ! ئۇلارغا چۈشەندۈرگەن بىلەنمۇ بىكار! تېخى سائادەت «سەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ قىزلارنى قۇچاقلاپ ئۇسسۇل ئويناپسەن!» دەپ چالۋاقاپ كېتەر. چالۋاقىسا چالۋاقاۋەرسۇن، شۇنچىلىك ھۇزۇرنى دېمىسە بۇ يەردە بىر ياز پاشىغا تالىناتتىمۇ. . .

باغنىڭ سىرتىدا ئىشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى سۇلايماننىڭ خىيالىنى بۇزدى. شاكىر بايا دېگەن بالا ئىشەك ھارۋىسىغا قاتلانغان قەغەز يەشىكلەرنى ۋە بىرنەچچە سېۋەتنى بېسىپ يېتىپ كەلگەندى.

## 4

ئۈزۈلگەن ئالمىلار ئاخىرقى يەشىككە قاچىلىنىپ بولغاندا سۇلايمان بوۋايدەكلا مۈكچىيىپ قالدى. ئۇ بۇ باغدىن بۇنچە كۆپ ئالما چىقار دەپ ئويلىمىغانىدى. «ھەر بىر يەشىك ئالما 30 كىلو، ياق، 50 كىلودىن كەلسە. . .» دەپ بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناشقا باشلىدى ئۇ.

– نېمىنى ھېسابلاۋاتىسەن؟ – سورىدى بىر چەتتە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان شاكىر.

– بىر يەشىك ئالما 50 كىلودىن كەلسە، 100 يەشىك ئالما قانچىلىك بولىدۇ؟

– 50 كىلو؟! – كۈلۈپ كەتتى شاكىر، – سەن يەشىكتىكى ئالمىلارنى تۇغىدۇ دەۋاتمايدىغانسەن؟

– ئەمدى شۇ، ھېسابلاپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ. . .

– ئەخمەق، ھەر بىر يەشىك ئالما 10 كىلودىن كەلسىمۇ چوڭ گەپ!

– 10 كىلو؟ – سۇلايمان بىر شاكىرغا، بىر ئالما قاچىلانغان يەشىكلەرگە قارىدى.

شۇنچىۋالا يوغان يەشىكتىكى ئالما 10 كىلو كەلمىسە بۇ ئوقەتنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسامدۇ! يازىچە پاشىلار شوراپ كەتكەن قاننى يىغىپ ساتسىمۇ بۇنىڭدىن جىق پۇلغا يارىماسمىدى. ئەمدى سائادەتكە نېمە دېگۈلۈك؟ شۇ تاپتا ئۇ سۇلايماننى پۇل دېگەننى راسا جىق تاپتى دەپ قېنىغا پاتماي يۈرگەندۇ. ئۆيگە كىرگەن قوشنىلارغا ئۆيدىكى ھېلىقى ئالا تاغارنى كۆرسىتىپ، سۇلايمان تاپقان

پۇل مۇشۇنداق تاغارغا توشاي دەپتۇ، دەپ پو ئېتىۋاتقاندۇ! ھەي، خوتۇن خەق دېگەننى قويساڭچۇ، ساندۇقتا قاچانلاردىدۇر ساقلىنىپ قالغان ھېلىقى ئۈچ مېتىر تاۋارنى ئۇنداق تىكتۇرەي دەيمەن، مۇنداق تىكتۇرەي دەيمەن، دەپ ئۆيگە كىرگەنلا خوتۇنلارغا تولا كۆرسىتىپ كىرلەشتۈرۈۋەتكەن سائادەت سۇلايماننى ئوقەت قىلىۋاتىدۇ دەپ يەنە نېمە ئىشلارنى تېرىۋەتتى، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. سۇلايماننىڭ ئاخشام كۆرگەن چۈشىدە سائادەت ئاۋۇ ئانارخان ۋىتىلداقتا ئالتۇندىن چىش سالدۇراي دەيمەن دەۋاتقۇدەك. تووۋا، ئۇنىڭغا نېمە يوغانچىلىق! ئۇنىڭ شۇنداقلىقىدىنغۇ ئۆينىڭ بەركىتى ئۇچۇۋاتىدۇ. بۇنى يەنە ئۆزىدىن كۆرمەيدۇ. . . «قولۇڭدىن پوق كەلمەيدۇ!» دەپ كوتۇلداشلىرىچۇ تېخى! خوتۇن خەق تولا كوتۇلدىسا ئەرنىڭ ئامىتى قاچارمىش! بولمىسا سۇلايمان بوش سۇلايمانمۇ، بۇ كەمگىچە نەچچە سومكا كەلگۈدەك پۇل تېپىپ بولاتتى. ئۈرۈمچى، گۇاڭجۇ دېگەنلەر نېمىتى! ئامېرىكا، گېرمانىيىلەرمۇ قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولۇپ قالاتتى، بىراق. . . بىراق شۇ سائادەت ھەممە ئامەتنى قاچۇردى ـ دە!

سۇلايماننىڭ ئويلىغانسىرى ئۇغىسى قاينىغىلى تۇردى. . .

ـ نېمە بولدۇڭ، سۇلايمىنكا؟ ـ سورىدى شاكىر، ـ چىرايىڭ بۆلەكچىلا بولۇپ كەتتىغۇ؟

ـ ئۇكا، گەپىڭ راستى، ـ دېدى سۇلايمان، ـ بىر ياز پاشىغا تالىنىپ باغقا قاراپتىمەن، ئەمدى پايدىنى بۆلۈشكەندىن باشقا، باغقا قارىغان ھەققىمنىمۇ قوشۇپ ئالىمەن!

ـ «جاپا تارتمىغىچە ھالاۋەت يوق» سۇلايمىنكا، يازىچە جاپانى تارتىپ ئەمدى بۇ كۈن بولغاندا ئارىغا كۆڭۈلسىزلىك سېلىپ نېمە قىلىسەن. . . ـ شاكىر يانچۇقىدىن تاماكا چىقىرىپ سۇلايمانغا بىر تال تاشلاپ بەردى.

ـ بۇ نېمەڭنى چەكمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ موخوركام بار. . .

ـ ئۆگىنىپ قوي، سۇلايمىنكا، ئۈرۈمچىگە بارغاندا رېستۇراندا ئاچچىق موخوركاڭنى سېپىستىپ يۈرسەڭ قىزلار ساڭا قاراپمۇ قويمايدۇ، جۇمۇ!

رېستۇراننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سۇلايماننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. «زامان ئۆزگەردى، بۇنىڭ دېگىنىمۇ راستتۇر» دەپ ئويلىدى ئۇ. «ھېلىقى داۋۇت ئۈرۈمچىدە ھەر قېتىملارمۇ چىچىنى بوياۋېلىپ قىزلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ يۈرۈۋېرىدىكەن، دەۋاتقان. ئۇنداق سورۇنلاردا موخوركا چېكىپ يۈرگەنلەر چېنىپ قالار بەلكىم».

ـ جىمىپ كەتتىڭغۇ، بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىڭمۇ ـ نېمە؟ ـ سورىدى شاكىر.

سۇلايمان شاكىرغا قاراپ كۈلۈپ قويدى ۋە:

ـ بۇ ئالمىلارنى قاچان بىر تەرەپ قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئۈرۈمچىدە ئالمىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىپتۇ، ـ دېدى شاكىر، ـ مەن بىر تونۇشۇم ئارقىلىق شەھەردىكى بىر ئىدارە بىلەن كېلىشىپ قويدۇم. ئۇلار ھەممىسىنى بىراقلا ئالىدىغان بولدى، تۆت كۈندىن كېيىن بىر ماشىنا بىلەن چىقىدۇ، ئاڭغىچە سەن قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى قىلىپ تۇر. . .

ـ يەنە نېمە ئىشكەن ئۇ؟ ـ سورىدى سۇلايمان دەرھاللا.

ـ ماۋۇ سورتتىن قالغان ئالمىلارنى تاغارغا قاچىلاپ شەھەرگە ئەكىرىپ ساتىسەن، ئۇنىڭ پۇلىغا ساڭا كاستۇم ـ بۇرۇلكا ئالىمىز، ئۈرۈمچىگە بۇ تۇرقۇڭ بىلەن بارساڭ قانداق بولىدۇ، توغرا ئېيتتىممۇ؟

ـ ھە. . . بۇ. . . ـ سۇلايمان ئۆزىنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراپ خىجىل بولغاندەك كۈلۈپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئالما قاچىلانغان تۆت تاغارنى بىر هارۋىغا بېسىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. يول بويى ئۇ ئېشەكنى ھېلىدىن ھېلىغا ئالدىرىتىپ قويۇپ قانداقتۇر بىر ئاھاڭلارغا غىڭشىپ ماڭدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاختىمىلىقتىن ئېغىر گەۋدىسىنى ئاران ـ ئاران كۆتۈرۈپ قوزغالغان قاغىلار تاغاردىكى ئالمىلارنى تەييار ئولجا دەپ بىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ بېشىدا لەيلەپ ئۇچۇپ توختىماي قاقىلدايتتى.

«قانات بولغان بىلەن ئەقلى بولمىسا بىكارلا گەپكەن» دەپ ئويلىدى سۇلايمان. «بۇ قارغىش تەككۈرلەر شەھەرگىچە ئەگىشىپ بارغىنى بىلەن بەرىبىر بىر تال سېسىق ئالمىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. . .»

ئۇ شاكىر توغرىسىدا ئويلىنىپ قالدى. «ئېيى بار يىگىتتەك قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئالىمنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپلا پۇلنى قىچا يىغى ئالىمىز دەيدۇ. قىچا يىغىنىڭ ئۆرۈمچىدە پۇل بولۇۋاتقىنىنى ئۇ نەدىن ئاڭلىغاندۇ؟ ۋاي - ۋۇي، بۇ تەرىپى بىلەن نېمە كارىم، ئۆرۈمچىگە بارغاندا كۆرمەمدىمەن...

ئۇ موخوركا يۆگەپ تۇتاشتۇراي دېۋىدى، ئېشەك يولدىكى تېزەكنى پۇرايمەن دەپ چىپپىدە توختىۋالدى.

— ھۇ ھارام، مەن نېمە ئويدا، سەن نېمە كويدا! — دەپ ئېشەكنى تاياق بىلەن قاتتىق بىرنى ئۇردى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېشەك قاتراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ تاغاردىكى ئالمىلارغا قاراپ قويدى.

« بىر تاغار ئالما يۈز يۇەندىن بولسا، تۆت تاغار ئالما تۆت يۈز يۇەن. ياق، بەش يۈز يۇەن بولار» دەپ ئويلىدى ئۇ. «بۇنىڭ ئازراقىغا كاستيۇم - بۇرۇلكا سېتىۋالسام... ھەي، كاستيۇم - بۇرۇلكا دېگىنى قانچە يۇەندۇ؟ ئالمىنىڭ باھاسى چۈشكىنىگە قارىغاندا ئۇنىڭمۇ باھاسى چۈشكەندۇ بەلكىم. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭغا قىرىق يۇەن، ياق، ئوتتۇز يۇەن كەتسە ئاشقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى سائادەتكە ئاپىرىپ بېرىپ، مەن ئۆرۈمچىدىن قايتىپ كەلگىچە خىراجەت قىلىپ تۇر، دەرمەن. پۇلنى كۆرۈپ ئۇ خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى باسالمايلا قالار بەلكىم...»

سائادەتنى ئېسىگە ئېلىپ شېرىن خىياللارنىڭ ئەللەيلىشىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقىلى تۇرۇۋىدى، ئېشەك تۇيۇقسىز ھاڭراپ ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ھۇ ھاراملىق! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئېشەككە، — قۇلىقىمنى زىڭىلدىتىپ نېمىگە كانديىڭنى كېرىيسەن! مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن - يا؟ سائادەت ئازغىنا پۇلغا گۆل بولمايدۇ دەۋاتامدىغانسەن؟ سەنمۇ سائادەتكە ئوخشاش ئۆتۈپ كەتكەن دۆت نېمىكەنسەن، بۇ دېگەنچۇ، تېخى دارامەتنىڭ بىر بۇرجىكى!

ئۇنىڭ ئالقىنى قىچىشقىلى تۇردى. كونىلار «ئالقىنىڭ قىچىشسا يانچۇقۇڭغا سۈركە» دەپتىكەن دەپ ئالقىنىنى ئىشتىنىنىڭ، چاپىنىنىڭ، ئىشقىلىپ ئۈچىسىدىكى «يانچۇق» ئېتى بار يەرنىڭ ھەممىسىگە سۈركەپ چىقتى، ھەتتا ھېلىقى چېكىلىكى ئېگىلىپ قارچۇغىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاپ قالغان شەپكىسىنىڭ ئىچىگىمۇ سۈركىدى. «سائادەت يانچۇقلىرىمنى تەتۈر ئۆرۈپ ئاختۇرسىمۇ، شەپكە ئىچىدە پۇل بارلىقىنى بىلمەي قالسۇن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

## 5

سۇلايمان باغقا ئۈچىنچى كۈنى كەچتە قايتىپ چىقتى. ئۇ ئۈچ كۈندىن بۇيان تۆت تاغار ئالمىنى كوچىمۇ كوچا سۆرەپ يۈرۈپ ئاران 90 يۇەنگە ساتتى. «ئالما ساتماق پايپاق سانقاندىنمۇ تەس ئىكەنتا» دەپ ئويلىدى ئۇ ھارۋىدا بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ موخوركا چەككەچ «ئەمدى ھېلىقى شاكىر، شۇنچە پۇلغا يارايدىغان ئالمىنى ئاران 90 يۇەنگە ساتتىم دېگىنىمگە ئىشەنمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالارمىكىن. بەلكىم ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەس. قايسى كۈندىكى «سېنى ماڭا ئەگىشىپ يۈرۈپ ھەم ئوقەتنى پىششىسۇن، ھەم پۇل تاپسۇن دەۋاتىمەن» دېگەن گەپلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. «تانسا ئويناشنى ئۆگىنىپ قوي، ئۆرۈمچىگە بارغاندا كالامپايلىق قىلىپ يۈرمە» دېيىشلىرى قىزىق ئۇنىڭ. يازىچە باغدا پاشىلار بىلەن جەڭ قىلىپ يۈرسەم تانسا ئۆگىنىدىغانغا نەدە ۋاقىت، ئۇنىڭ ئۈستىگە تانسا دېگەننى يالغۇز ئويناپ ئۆگەنگىلى بولامتى...»

سۇلايماننىڭ بۇرنىغا پاختا پۇرىدى. ئۇ ئېگىشىپ ئېغىنىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۈستىكلا ئۆچۈرۈۋالدى. ئەمدى ئۇ كۆيگەن يەردىن يوغانلا بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالغانىدى.

— ماۋۇ سەنچىلىكنى كۆرۈڭ، — دېدى ئۇ ئاغزىدىكى تاماكىنى ئېلىپ نېرىغا ئېتىۋېتىپ، — شاكىر كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ كاستيۇم - بۇرۇلكىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، كونا كىيىملىرىڭنى بىر باشتىن كۆيدۈرگىلى تۇرۇپسەن - دە، دېمىسىلا بولاتتىغۇ.

ئۇ شەپكىسىنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇۋالدى، ئەمما باغنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، شاكىرنىڭمۇ، يەشكىلەرگە قاچىلانغان ئالمىلارنىڭمۇ يوقالغىنىنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدى.

— ھە، ئاخىر كەلدىڭ، — باغنىڭ ئىگىسى موماي خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ يېنىغا

پەيدا بولدى، ــ ھېلىقى تۇغقىنىڭ ئاۋۇ ئۆرۈۋەتكەن تامنىڭ پۇلىنى سىزنى بېرىدۇ دېگەنتى، پۇلنى ئەكەلدىڭمۇ؟

ــ نېمە تام، نېمە پۇلكەن ئۇ؟! ــ ۋارقىردى سۇلايمان.

ــ تۈنۈگۈن كەچتە ھېلىقى تۇغقىنىڭ ئاۋۇ تامنى ئۆرۈپ ماشىنىنى باغقا شۇ يەردىن ئېلىپ كىردى. ئۇنداق قىلمىغىن دېسەم پۇل تۆلەپ بېرىمىز، ئەتىيازدا تام سوقتۇرۇۋالساڭ بولىدۇ، دەيدۇ. بىلەمسەن، ھازىر كىشىلەر بىر تامنى 50 يۈەندىن سوقۇۋاتىدۇ. . . گەپ قىلمىسام مەندىن بەكرەك ۋارقىرايسەنغۇ!

ــ تام، تام دەۋەرمىگىن، ئۇ كاززاپ نەگە كەتتى؟

ــ نەگە كەتتى. . . نەگە كەتكىنىنى مەن نەدىن بىلەي! ــ ئۇ ساڭا نەگە بارىدىغىنىنى دېمىدىمۇ؟

ــ دېمىدى، پەقەت پۇلۇڭنى سۇلايمان بېرىدۇ، دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى.

ــ ئەستاغپۇرۇللا! ــ سۇلايمان پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاشقا باشلىدى، ــ بۇ كاززاپنى ئەمدى نەدىن تاپقىلى بولار!

ــ سەن ئۇنى تاپالمايسەن، ــ دېدى موماي، ــ ئۇ تۇغقىنىڭ شوپۇرغا «كېچىلەپ مېڭىپ كەتسەڭ ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئۆگۈنلۈككە سەھەردە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارىمىز» دېگەندەك قىلىۋىدى. . .

ــ ئۈرۈمچىگە؟! ــ سۇلايمان پۇت-قوللىرى بوشىشىپ لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

## 6

سۇلايمان ھوشىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر دوختۇرخانىدا ياتقانلىقىنى بىلدى.

ــ بۇ قەيەر؟ ــ سورىدى ئۇ ئالدىراپ.

ــ دوختۇرخانا، ــ جاۋاب بەردى بىر سېستىرا.

ــ دوختۇرخانا ئىكەنلىكىنى بىلدىم، بۇ قەيەردىكى دوختۇرخانا دېمەكچىمەن.

ــ سۆزلىمەي جىم يېتىڭ، بولمىسا باشقىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يېتىدۇ، بۇ يەردە سىزلا يالغۇز ئەمەس! ــ دەپ ۋارقىرىدى سېستىرا.

ــ يائاللا، نېمىدېگەن قوپال سېستىرا بۇ، ــ دېدى سۇلايمان سېستىرا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بېشىنى يانغا بۇراپ يان كارىۋاتتا ياتقان بىرەيلەنگە.

ــ بۇ يەردىكى ھەممىسى شۇنداق، ــ دېدى ئۇ بۇرادەر.

ــ مېنىڭ پۇتلىرىمغا نېمە بوپتۇ؟ ــ سورىدى سۇلايمان.

ئۇنىڭ ئىككى پۇتى گىپىس بىلەن قاتۇرۇپ قويۇلغانىدى.

ــ سېستىرانىڭ دېيىشىچە، ــ دېدى ھېلىقى بۇرادەر، ــ سىز ئوقتەك كېتىۋاتقان ماشىنىدىن ئۆزىڭىزنى يەرگە ئېتىپسىز. كېيىن كىشىلەر سىزنى بۇ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەپتۇ. پۇتلىرىڭىزنىڭ نېمە بولغانلىقىنى مەنمۇ بىلمىدىم.

«ئوقتەك كېتىۋاتقان ماشىنىدىن ئۆزىڭىزنى يەرگە ئېتىپسىز؟!» سۇلايماننىڭ خاتىرىسى ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

ھېلىقى كۈنى ئۇ مومايدىن شاكىرنىڭ ئۈرۈمچىگە كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، مومايىنىڭ تىللاشلىرىغىمۇ قارىماي كېچىلەپ شەھەرگە قايتىپ كىردى ۋە ئەتىسى چۈشكىچە دېگۈدەك داۋۇتنى ئىزدىدى. داۋۇتنى ئىزدەۋېتىپ ماشىنىلارغا يۈك بېسىۋاتقان بىر يەرگە كىرىپ قالدى.

ــ ئۇكام، بۇ ماشىنىلار نەگە بارىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ بىر ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرغان ياش يىگىتتىن.

ــ ئۈرۈمچىگە، ــ جاۋاب بەردى ھېلىقى يىگىت.

ــ مەنمۇ ئۈرۈمچىگە باراتتىم، بىر جىددىي ئىش بىلەن، مېنى ماشىنىڭىزغا سېلىۋالسىڭىز بوپتىكەن. . .

ــ سېلىۋالسىڭىز دېسىلا سېلىۋالىدىغان بۇ قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئەمەس، پۇلىڭىز بارمۇ؟

ــ پۇلۇم يوقتى شۇ، ــ سۇلايمان قولى بىلەن يانچۇقىنىڭ ئۈستىنى تۇتۇپ قويدى.

شۇ ئەسنادا نېرىقى تەرەپتىكى ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر شوپۇر ئۇنى چاقىردى.

ــ سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، ــ دېدى ھېلىقى شوپۇر، ــ نەدىن كەلدىڭىز؟

ــ شىخەنلىق ساي مەھەللىسىدىن.

ــ شۇنداقمۇ؟ سادىراخۇننى تونۇمسىز؟

ــ تونۇيمەن، ئۇ بىزنىڭ ئۇدۇل قوشنىمىز

بولىدۇ. . .

— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، سىزنى سادىراخۇننىڭ ھويلىسىدا كۆرۈپتىكەنمەن، ئۇ ئوغلىنى ئۆيلىگەن كۈنى مەن شۇ يەردە ئىدىم. . . ئۈرۈمچىگە نېمە ئىش بىلەن بارسىز؟

سۇلايمان ئەھۋالنى شوپۇرغا قىسقىچىلا سۆزلەپ بەردى.

— بوپتۇ، ماڭا ھەمراھ بولۇڭ، سەھەردە يولغا چىقىمىز، — دېدى شوپۇر ۋە، — سىز دېگەن ئۇ كاززاپ تايىنلىق توپ سېتىش بازىرىدا، — دېگەننى قوشۇپ قويدى.

سۇلايمان ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بۇنداق ئۇزۇن يول يۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ماشىنىنىڭ چايقىلىشى بىلەن ئۇنى مۈگدەك باسقىلى تۇردى. ئەمما ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا ھېلىقى موماي سائادەتكە، سائادەت مومايغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ بېشىدا دېۋەيلىگىنىچە پەيدا بولاتتى، كېيىن ئۇلار يوقاپ كۆز ئالدىدا شاكىر پەيدا بولاتتى، ئۇ قاقاقلاپ كۈلگىنىچە سۇلايماننى كۆتۈرۈپ ھاڭغا ئوخشاش بىر يەرگە تاشلايتتى. . .

— نېمانداق چۆچۈيسىز؟ — سورىدى شوپۇر.

— بىلمىدىم، — جاۋاب بەردى سۇلايمان.

كېيىن ئۇ يەنە ئۇخلاپ قالدى. ئەمما بۇ قېتىم خېلى ئۇزاق ئۇخلىدى. ئويغانغاندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ناھىيە بازىرىدەك بىر يەردە توختىغانلىقىنى بىلدى.

— ئويغاندىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى شوپۇر سەلدىن كېيىن پەيدا بولۇپ.

سۇلايمان كابىنكىدىن چۈشتى.

— يۈكنى مۇشۇ يەرگە چۈشۈرمەكچىدىم. ئۈرۈمچىگە يۈك يوق ئىكەن، يولىمىز باشقا بولۇپ قالىدىغان بولدى، شۇڭا يول بويىغا چىقىپ بىرەر ماشىنىنى توساپ باقامسىز؟!

— مەيلى، — دېدى سۇلايمان. ئۇ شوپۇرغا رەھمەت ئېيتىپ، يول بويىغا باردى ۋە ئۇ يەردە توختىتىپ قويۇلغان بىر ماشىنىنىڭ كوزۇپىغا ئوغرىلىقچە چىقىپ يېتىۋالدى.

ماشىنا قوزغالدى.

«خۇداغا شۈكرى، ھەرنېمە بولسىمۇ شوپۇر كۆرۈپ قالمىدى دەپ ئويلىدى سۇلايمان. ئارىدىن ئىككى سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن ئۇ يول بويىدا دۈم كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن ماشىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە ئەمەس، بەلكى ئارقىسىغا يېنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ دەرھال ماشىنىنىڭ كابىنكىسىنى چەكتى، ئەمما ماشىنا توختىمىدى.

— توختاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئاخىرىدا كابىنكىنى مۇشتلىدى.

شوپۇر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىپ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتى. سۇلايمان ماشىنىدىن سەكرىمەكچى بولدى، ئەمما سۈرئەت بەك تېز بولغاچقا سەكرەشتىن قورقتى. كېيىن ئۇ بىر ئىشنى يادىغا ئالدى ۋە چاپىنىنى سېلىپ كابىنكىنىڭ ئالدىغا ياپماقچى بولدى. لېكىن ئېھتىياتسىزلىقتىن چاپان قولىدىن چىقىپ كېتىپ نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. ھېلىقى 90 يۈەن پۇل چاپاننىڭ يانچۇقىدا ئىدى.

— شۇنىڭ بىلەن ئۆزىڭىزنى ماشىنىدىن يەرگە ئېتىپسىز - دە؟ — سورىدى يان كارىۋاتتىكى بۇرادەر.

— مېنىڭ ئۇ چاپىنىمنى تېپىۋالغان كىشى يانچۇقىدىكى پۇلنى كۆرۈپ قانچىلىك خۇش بولۇپ كەتكەندۇ، — دېدى سۇلايمان بىر خىل ئەپسۇسلانغان تەلەپپۇزدا.

— 90 يۈەن پۇلنى كۆرۈپ دەمسىز؟ ئۇ قانچىلىك پۇل ئىدى، — دېدى يان كارىۋاتتىكى بۇرادەر، — بۇ يولدا بەزى تېڭىق - تېڭىقلاپ يۈكلەر ۋە سومكىلاپ پۇللارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ.

— راستمۇ؟ — سورىدى سۇلايمان، — ماڭا شۇنداق بىرەر سومكا پۇل ئۇچراپ قالسىدى دەيمەن.

— شۇنچىلىك پۇل ئۇچراپ قالسا قانداق قىلاتتىڭىز؟

— ئامېرىكىغا ياكى گېرمانىيىگە باراتتىم.

— ئەخمەق، ئۆيىڭىزگە كېتىپ خوتۇن - بالىلىرىڭىزنى خۇش قىلماي گېرمانىيىدە نېمىش قىلىسىز؟

— ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، گېرمانىيىدە مۇنچىغا چۈشسىڭىز چىرايلىق قىزلار بەدىنىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قويىدىكەن. . .


— تۇرقىڭىزدىن قارىغاندا كىيگۈدەك تۇزۇكرەك كىيىمىڭىز يوقتەك قىلىدۇ. يەنە تېخى چىرايلىق قىزلاردىن كېلىسىزا! — يان كارىۋاتتىكى بۇرادەر پىخىلداپ كۈلدى.

— كۈلمەڭ بۇرادەر، — دېدى سۇلايمان، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر سومكا پۇلنى كۆتۈرۈپ گېرمانىيىگە ماڭغىنىمنى كۆرگىنىڭىزدە، مېنىڭ بوش سۇلايمان ئەمەسلىكىمنى بىلىپ قالىسىز. . .

ئۇ، دۇنيادا يوق خىياللىرىنى يان كارىۋاتتىكى بۇرادىرىگە سۆزلەشكە باشلىدى. . .

# روھ چۆلى

## كېرىمجان سۇلايمان



كېرىمجان سۇلايمان 1968 ـ يىلى 3 ـ يانۋاردا، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ياندۇما يېزىسىداتۇغۇلغان. 1991 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ھازىر قەشقەر مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ مائارىپ نەزەرىيىسى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

كېرىمجان سۇلايمان 1987 ـ يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر «تەڭرىتاغ»، «تارىم»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «بوستان» ۋە «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 150 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ـ نەسرلىرى ئېلان قىلىنغان. 1992 ـ يىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «ياشلىق ـ سۆيگۈ ـ غايە» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق شېئىرىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە، «ئونىنچى پىلانت» ناملىق شېئىرى 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ باھالانغان.



### غۇۋا ئەسلىمە

ئۈزۈك ـ ئۈزۈك خىياللار،
تاپالمايمەن باش ـ ئاخىرىنى.
تۇماندىكى شارقىراتمىدەك،
كۆرگىنىم راست چۈشۈمدە سېنى.


قورام تاشتەك جىسمىمغا،
قۇيۇلارسەن ئۇيغىتىپ شەھۋەت.
باغرىمدىكى مەۋھۇم تەن،
ئاۋازىڭنى ئاڭلايمەن پەقەت.

### يوقلۇق تۇيغۇسى

سۆيۈشكە تەڭ سۆيۈلدۈم،
لەۋلەر يولى جەننەتكە ئۇچۇق.
شۇنداقتىمۇ غېرىب بۇ كۆڭلۈم،
بىرنەرسىدىن قالغاندەك قۇرۇق.

نېمىنىدۇر ئىزدەيمەن،
روھ چۆلىدە ئېچىرقايمەن ھەم.
قىلىچلايمەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم،
زارىققاندا ھەربىر ھۇجەيرەم.

ئانامدەكلا ئانامغا،
ئوخشىتارمەن ئۇنى بەزىدە.
قەلبىمدىكى بوشلۇقنى،
تولدۇرۇشىم كېرەك نىمىدە؟!



### مەن

تەڭرى نۇرى چۈشمىگەن ئارال،
پەرىشتىلەر باسمىغان قەدەم.
جىمجىت قەلبىم چوڭقۇرلۇقىغا،
چۆكمەكتىمەن ئاستىلاپ ھەردەم.

بەدىنىمگە چىگىلگەن تاردىن،
ئېقىپ چىقار قانلار شاۋقۇنى.
قىزىل ئەمەس يېشىل رەڭگىدە،
كىم نوتىغا ئالاركىن ئۇنى ؟!
يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىدا،
كۆكتۈل قۇشۇم بولسا گەر مەھكۇم.
مەن تارىخنىڭ كۆرگەزمىسىگە،
لايدىن نەپىس ياسالغان بۇيۇم.

### سۆيگۈ قىسمىتى

سۆيگۈ ساھىلىدىن كىردىم دېڭىزغا،
توختاپ قالدى يەر تەۋرەپ يەنتە بال.
دولقۇنلار پەسىيىپ غايىب بولدى ھەم،
قىرغاققا كۆرۈنگەن گۈزەل بىر ئارال.

يۈرىكىم پىلتىڭلاپ تۇرغان بىلىجان،
تەشۋىشلەر ئىلكىدە ئۈزۈپ بارماقتا.
كۆڭۈل شاخلىرىغا قونغان ھىلال ئاي،
ئايلىنىپ قالغاندەك كۈمۈش قارماققا.

## ئۆزۈمنىڭ شەرھى

مەن - ئۆزۈم ئۈچۈن يېزىلغان شېئىر،
ئۆز - ئۆزۈمگە چۈشكەن قۇرمۇ - قۇر.
مەن - ئۆزۈمنىڭ تەقلىدى پەقەت،
ئۆز - ئۆزۈمگە ئوخشىسام ھۇزۇر.

مەن - ئۆزۈمگە ئېچىلغان ئىشىك،
ئۆز - ئۆزۈمگە تاشلايمەن قەدەم.
جىمجىت قەلبىم چوڭقۇرلۇقىغا،
چۆكمەكتىمەن ئاستىلاپ ھەردەم.

مۇز ئاستىدا ئاققان دەريا - مەن،
چۈشلىرىدە باغاشلىغان تاڭ.
قاراڭغۇلۇق - يىلتىزسىز دەرەخ،
ئاستا - ئاستا تۆكمەكتە غازاڭ...

## ۋەتەنسىز ئۆلۈم

سىنى دېسەم، چىقىپ قېنىمدىن،
يېنىپ كەتسۇن كەينىگە دەريا.

ئاخىرەتلىك ئۆينىڭ غېمىدىن،
تۆپراق تاشقا ئايلانسۇن ھەتتا.

تۆكۈۋاتقان بولسا ئەگەر ياش،
توختاپ قالسۇن يىغىدىن ئاسمان.
ھازىسىنى ئۇشتۇپ ئالدىراش،
كېتىپ قالسۇن يولىغا ئورمان.

قورقۇنچلۇق ئەمەس سەنچىلىك،
مەن دوزاخنى قىلسام تەسەۋۋۇر.
كۆتۈرەلمەس سىنى قىلچىلىك،
تاغلارنى دەس كۆتۈرگەن غۇرۇر!.

## شەھرىزاتقا خەت

قورقۇتمىسا ئۆلۈم تەشۋىشى،
توقۇمايتتىڭ سەنمۇ رىۋايەت.
«مىڭ بىر كېچە» بولسىمۇ گۆزەل،
بىر كۈندۈزگە قويدۇم مۇھەببەت.
رېئاللىققا قايتقۇم بار شۇنداق،
شاھ ئورنىغا بولسامىمۇ گاداي.
روھىمدىكى خاقانىمەن ئۆزۈم،
ئىشكىمنى قۇياشقا ئاچاي!



## چاقماقلار

ئەزىزى



## 1. ئاقار زامان

تۇر ئوغلۇم
كىشىنىمەكتە
قۇم ئۈستىگە سىزغان تايچىقىڭ،
تال چىۋىقنى سۇندۇرما بىكار.
قارا ئەنە
تۈڭلۈكلەردە ئۆزۈندىن - ئۆزۈن،
ئاق ساقاللىق بىر زامان ئاقار.

## 2. ئوت دېگەنگە

ئوت دېگەنگە ئېغىز كۆيمەيدۇ.
بىلگىنىڭ كەلسە راستىنلا سىنىڭ،
ئوتلىقنى بۇرادەر ئوتنىڭ،
سىيلاپ كۆرۈپ بېقىشىڭ كېرەك.
قولۇڭ بىلەن يۈزىنى ئۇنىڭ.

## 3. تورغاي ناخشىسى

ناخشا ئېيتار تەنها بىر تورغاي
كۆيگەنلەرگە ھىجران تەپتىدىن،
ئۆلگەنلەرگە جەننەت بەختىدىن.
تىرىكلەرگە. . .
تىرىكلەرگە تۈگىمەس ئارزۇ،
ۋە بىر دانە بۇغداي تەپتىدىن.



## 4. كېچە ساداسى

ئىشەنمەيمەن
ئىمتاس دېسەڭ كېچىنى ئەسلا.
مانا شۇ تاپ
شۇنچە ئېنىق ئاڭلىماقتىمەن،
ئىمتاسلىقنىڭ ساداسىنى مەن.

## 5. بەخت قۇشلىرى

تۈيماي قالسەن
ھالسىزلىنىپ بەزى چاغلىرى،
ئەڭ ئېغىر ئازابىنىڭ دېرىزىسىدىن
ئۇچۇپ ئۆتەر بەخت قۇشلىرى.

## 6. يوقسۇلنىڭ ئۆيى


چەكمەك بولدى
لەرزان ئەگىپ كەلگەن زور بەخت،
بىر يوقسۇلنىڭ ئۆيىنى بىردىن.
تاپالمىدى ئىشىكنى ئەمما،
تاپالمىدى ئۆيىنمۇ لېكىن.

## 7. ھەي بالا


ئويغان ھەي بالا
دېرىزەڭنى ئاچ،
تىترىمەكتە تالادا يامغۇر.
يوپۇرماقلار ئۆيسىز قالغان قىز،
گۈلخان ياقسۇن گۈلدۈرمامىدىن
سەرەڭگەڭنى بېرىپ تۇر.

## 8. سۈنىڭ سايىسى

تەشنالىقىم تويدى
ئوخچۇپ يۈرەر،
ئەينەكلەردە ئۈنىڭ پارىسى.
ئاسمان، زېمىن تۈگىگەن جايدا،
قول سىلكىيدۇ سۈنىڭ سايىسى.



# ئىككى شېئىر



ئابلىكىم ھەسەن

## يامغۇر تاراسلاپ تۆكۈلگەن كۈنى

ئادەم ئاتام ۋە ھاۋا ئانام
توي قىلغانمۇ دەل مۇشۇ كۈنى؟
بىر - بىرىنى سۆيمەس پەرىشتە
ئۇلار سۆيگەي پەقەت تەڭرىنى.
يامغۇر تاراسلاپ چۈشمەكتە قانماي،
شەھەر قەلبىگە تۆكۈپ ئۈمىدنى. . .

تالادا تاراسلاپ چۈشمەكتە يامغۇر.
كۆكلەم تەمتىلەپ كېتىپ قالدىمىكىن؟
دېرىزەم سۆيمەكتە، سۆيۈلمەكتە ھۆل.
سۆيۈشۈۋېرىپ چېقىلارمىكىن؟
ئۆيدە بىر شام ياناماقتا پىل - پىل
يامغۇر كۆزىدە كۆرسەم ئۆزۈمنى.
ئۇخلىماقتا خوتۇنۇم شۇ تاپ
كۆل تەكتىگە كۆمۈلگەن چوغدەك.
ئايئاق، يۇمران تېنىنى يېپىپ.
بەلكىم،
ئويغاقلىق بەك زېرىكىشلىك!
كېتەلمىگەن مەنلا زېرىكىپ.
تەلمۈرىدۇ مىڭلىغان ئۇرۇق
يەردىن ئۇرغۇپ كۆككە كېتىشنى.
جەسەتلەرمۇ تىرىلىش ئۈچۈن

تۇپراق قىلىپ ئۇۋار تېنىنى.
بەك ئىشەنچسىز بولسىمۇ ھايات،
كۆرگىنىم يوق تېخى ئۆلۈمنى
(ئۇ تەڭرىدەك مۇتلەق ۋە يوچۇن
سورار ھامان نېسىۋىسىنى).
تىلەيمەن تەڭرىدىن، يامغۇر قولىدىن
مەسىھ ئۆلۈپ ئالغان كۆرۈمنى...

## قاراڭغۇ، ۋەھىمە، تام...


قاراڭغۇ، ۋەھىمە، تام، چېگرا، ئۆلۈم...
قۇياشقا ئەڭ ئۇدۇل يۈزلىنىپ تۇرغان.
شۇ قەدەر يېقىنمىز، بەئەينى دۈمبەم -
ئۆزۈلسەم، كەينىمگە ئۆرۈلۈپ تۇرغان.
سەن ئېغىز ئاچمىغىن، مەنمۇ سۆزلىمەي.
كەل، ئولتۇر يېنىمدا، كۆزۈمگە قارا!
قادىلىپ تۇرايلى كىرپىك تالغىچە
بەرداشلىق بېرەلمەي بولار سەن مۇنداق:
ئېرەرسەن، كىچىكلەپ، تاراپ كېتەرسەن.
كۆز سەندە نە قىلۇر، ۋۇجۇد نە قىلۇر؟!
شۇڭىمۇ ئامراقسەن كۆز، ۋۇجۇدۇمنى
تەقىپ قىلىشقا، گۇمراھ قىلىشقا.
ئازابنى، غەزەپنى ياراتتىم بىر - بىر،
ۋۇجۇدۇم چەيلەنسە چىقار ئۇ ئۇچۇپ!
جەننەتتىن قوغلاندى بولغان تۇرۇقلۇق
تېنىمدىن قوغلىنىش ئەمەس قورقۇنچ!

# ئازاب مەركىزىدە سۆيدۈم بەختنى

ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن)

## قىز كۆكسىدە تۇغۇلىدۇ ئاداققى نەپرەت

كۆي دەرىخىم چېچەكلىدى شۇنچە باراقسان،
بۇندا قۇشلار سۆيگۈسىنى قىلماقتا بايان.
يىلتىزلارنىڭ تىترىشىدىن چېچىلار غۇرۇر،
تەنلەر قوۋزاق ئارا سويلاپ سۇرمەكتە ھوزۇر.
شاخ ئۇچىدا بىر تومۇزغا چىرىلدار غەمكىن،
يەتكۈزمەكچى تەنھا ئايغا ئاھىنى سەلكىن.
ياپراقلارنىڭ شىۋىرلىشى قوزغار ۋەھىمە،
ئېچىرقىغان تەنگە ئوخشاش تىترەيدۇ ھەممە.
جىن سايىسى ئەلەڭگىيدۇ زېمىننى قىستاپ،
ئېرىمەكتە مىڭلاپ ۋۇجۇد زۇلمەتتە شۇ تاپ.
كۇۋەجەيدۇ مەۋھۇم دېڭىز جىلغىلار ئارا،
ياش كەلكۈنى ئېچىرە چاقنار چاڭقىغان دالا.
ئەخلاق تونى ئۆڭگەن گويا كېپەنگە ئوخشاش،
سېپىستىماقتا ئېتىقادنى خىيالى قۇياش.
ئۇچۇپ يۈرەر روھ ئۈستىدە قاپقارا كۆزلەر،
تاپانلاردىن غىدىقلىنار پايانسىز يۈزلەر.
ئايئاق نازۇك بارماقلاردىن تامچىلايدۇ قان،
قان شۆھرىتى بۇزۇق روھتا ياسلىدۇ قىيان.
قىز كۆكسىدە تۇغۇلىدۇ ئاداققى نەپرەت،
ھەم ئۆلۈمنىڭ ماتىمىنى چالار مۇھەببەت.



## ئۇربىتا

سەن بىر ئۇربىتا.
مەن، ئېزىپ كېتىمەن دائىم يولۇمدىن.
سەن ئايلىنىسەن جىمجىت ئۆزۈڭدە،
دۇنيا تۇغۇپ ئاھۇ كۆزۈڭدە.
ئايلانماقچى ئىدىم سىنىلا.
بىراق
ئۆرۈلۈپ كېتىمەن تۇيۇقسىز،
باشقا ئۇربىتىغا، باشقا جىسىمغا.
پارچە - پارچە بولىمەن ئاندىن،
ھەر بىر بۆلىكىمدە بىر ئوتلۇق يۈرەك
ھەر بىر يۈرىكىمدە ئەسەبىي تىترەك،
شەيتان ئەپسۇن ئوقۇپ قويغان قېنىمغا.
توختاۋسىز ئۇرىمەن روھىمغا خەنجەر،
شەكىلنى ئىزدەيمەن جاراھەت ئارا.
قىپقىزىل قانلار ئېچىرە چوغدەك قارىچۇقلار،
ساداقەت مەنزىلىمگە چاچرىتار زەھەر.
ئۇربىتىمنى ئىزدەيمەن.
ھەممە يۈرەكلىرىمنى يىغىپ كېلىپ.
ئوقۇقۇڭغا پايغان قىلىشنى تىلەيمەن.
بىراق تۇمان ئارا كېتىمەن ئېزىپ...

## گۈل مەركىزىدە بۇلبۇل يۈرىكى

مەن ھېچنېمە ئەمەسمەن.
سىنىڭ ئېڭىڭدا ئايلانغان كۆلگە.
دۇنيا مەئىشىتىدە غەرق مەستمەن،
ئۆزگەرمەكچى ئىدىم تىكەنلىك گۈلگە.

ھاراق
گۈل تۈۋىگە تامچىلار ئاستا.
قات ـ قات بەرگىلەر شىركەيىپ بولۇپ،
شەھۋەت تىترىكىدە ئويناپدۇ ئۇسسۇل.
مىشچان مۇھەببەتكە لىپمۇ لىق تولۇپ،
يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلەر بۇلبۇل.
ئەسەبىي بەرگىلەر چاك سالار ئاڭا
بىچارە بۇلبۇلنى كېتىدۇ تالاپ.
بۇلبۇلنىڭ قۇيقۇرۇق قىزىل يۈرىكى،
گۈل مەركىزىدە قالىدۇ چاقناپ. . .

# ئۆز - ئۆزۈمگە بولىمەن پاسىل


تۇرا ئوبۇل

## يوقىتىش

تىترىمەكتە قەدەم تىۋىشى،
كەلمەكتىمەن سۈكۈت ئىچىدە.
كىرىپ كەتتىم ئوق يىلان بولۇپ،
ئەڭ ئاخىرقى مەۋھۇم كېچىگە.
نۇر دەستىسى سۇنغان سەھەرنىڭ،
پاسىلىدا تۇرىمەن قاراپ.
كۆرۈنمەيدۇ مېنى كۈتكەنلەر،
تىنىقىمدا چەكسىز ئىزتىراپ.
يارىلاندى نومۇسچان روھىم،
يۈكسەكلىكتە قۇترىماس شۇ تاپ.
بىر مەن ئۇچۇن ئەقلىدىن ئېزىپ،
ئەگىپ يۈرەر تۇمەنىڭ قانات.

## قايتىش

چاقىرماقتا گۇگۇم ئىسمىمنى،
مەن نۇرلارنى يۇتتۇرگەن سەھەر.
شۇرمەللەنگەن قەدەم تىۋىشى،
ئۆكسىمەكتە زېمىن ئۈستىدە،
قۇياش بولۇپ پاتقانغا قەدەر.
تونۇمايدۇ ئادەملىكىمنى،
خىيالىمدا سويلانغان خۇدا.
كۈتمەكتىمەن ئۆزۈمنى يەنە
قارىمايمەن ۋاقىتقا ئەمما. . .



پەپلەپ قويۇپ
كېچىدىكى جىمجىت سۈكۈتنى،
قېتىپ قالدىم چۈشىنىڭ سىرتىدا.

سۈت ئۇيقۇنىڭ شاھىدى بولۇپ،
كۆيۈۋاتقان تىلەكلىرىمنى
سۆرەپ يۈرەر بىگانە دۇنيا.
ئۆز - ئۆزۈمگە بولىمەن پاسىل،
قايتىپ كەلسەم ئەسلى ئۆزۈمگە.
سىلجىماقتا خىيالىم بۈگۈن
گۇمان بىلەن تولغان كۆزۈمگە.

## ياز

كۆيۈك ئاپتاپ چىقار ئۆمىلەپ،
ئۇۋىسىدىن چۈمۈلىلەرنىڭ.
ئۇخلاپ قالغان تومۇز كۈنلىرى،
چاپىنالماقتا ئىزىق چىشىدا
يار تۇۋىدە ياتقان كېلەنىڭ.
قېتىپ قالغان سايىلار تامام،
ئېرىمەكتە مەيىن تۇيغۇدا.
تىنىقىڭدىن تەۋرىنەر ئاستا،
بار مەۋجۇدات شېرىن ئۇيقۇدا.
لەززەت ئالار سابالىرىڭدىن،
خۇش ھىدىڭغا ھامىلىدار قىياق.
يۈرىكىڭگە بېشىنى قويۇپ،
يېشىل كۆلۈپ ياتىدۇ تۇپراق.
قۇياش ئىرغىپ كەتسە ئۇپۇقتىن،
كۈتۈشلەرگە بولىسەن گۇۋاھ.
ساڭا قالار خىياللار پەقەت،
شۇنچە مەيىن، شۇنچە خۇشناۋا.
تاشلاپ قويۇپ قات ـ قات تۇنۇڭنى،
ئورمىچىنىڭ ساتما ئۆيىدە،
يالىڭاچ بوپ يۇيۇنماقتا سەن،
خالاستاننىڭ ئەركەك سۈيىدە.

## ئۆزىنى ئىزلەش

بىلەلمىدى ئۆزىنى ئۆزى،
تۇغۇلۇشى كىمدىن قەيەردىن.

ياكى شەبنەم سۆيگەن سۇبھىدەك،
نۇر چېچىكى قىسقان سەھەردىن.
تەنھالىقى يىراق ئەسلىمە،
ئىنتىلىشى سەپەر ئۇستىدە.
تۇرماقتا ئۇ رىۋايەت بولۇپ،
ئۇماققىنە گۇمان ئىچىدە.
تەۋرىنىشنى ئىزلەيدۇ بەزەن،
بۆشۈكنى تەۋرەتمەك بولۇپ.
ئاڭلانغاندا ئەللەي ناخشىسى،
تۇغۇمىغا كەتتى سوقۇلۇپ.


# كۈلۈپ كەتتى گۈللەر پورەكلەپ

**تۇراخان توختى**



## قوغلىشىش

سۆيگۈ
ئىنتىلمىدىممۇ ساڭا
چۈشۈم پەسلىدە
غىل - پال كۆرگەنمەن سېنى
سەن
يېنىمدىن سۇركەلگەنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەن،



بەخت تونۇشلۇق بەرمەيسەن ماڭا
ئىنتىلگەنسېرى
يوتتۇرگىنىم شۇنچە كۆپ بولدى
ئېرىشمەككە ھەققىم يوقمىدۇ،
يوتتۇرگەنلىرىم
ئىنتىلىشتىن مېنى ئايرىدى.

## ئاشۇ پەيت

گۈزەل كىچە گۈزەل ئۇچرىشىش
توقۇغانتۇق بىر رومانتىكا
سېنىڭ قوينۇڭ لىرىك كۈي شېئىر
بىرىلىگەنتىم چۆكۈپ مەن ئاڭا

مەن قورقىمەن خاتىمىسىدىن
بىز يارانقان گۈزەل چۆچەكنىڭ
پەرۋا قىلىپ قويماسكەن دۇنيا
تىلىكىگە قوشماق يۈرەكنىڭ


ياشىساقكەن بىللە مەڭگۈگە
مۇمكىن ئەمەس،
بىللە كۆرگەن شېرىن چۈش
ئاشۇ دەقىقە
ھامان بولماس ئۇزۇن مۇساپە.

## چۈش پەرىشتىسى

سۆيىمەن، بۇ سۆيگۈم سەمىمىي، سەبىي
چۈشۈمدە پاياندار سالىمەن ساڭا
چۈشۈمگە چاقىرىپ ئەكىلىش ئۈچۈن
ئويلايمەن مىڭ قېتىم سېنى دىلرابا
چۆكسەممۇ سۆيگۈنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا
چۈشۈمدە كۆرەلمەي سېنى يىغلايمەن.
ھىجراندا بەك ئۇزاق ياشىساقمۇ بىز
بىر ئۆمۈر مەن پەقەت سەنچۈن ياشايمەن،

## كۆز يامغۇرى

نەدىن چۈشتۈڭ؟
ئەرشتىنمۇ؟
يېتىپ كەلدىڭ
بىر يۈكسەكلىك
چەكسىزلىكلەردىن
كىم سېنى ئۇ ئۈستۈمگە چاچقان
قۇت ياغدىغۇ مەرۋايىتسىمان
قۇياش گويا پارچىلانغاندەك
زېمىن ھاۋا ھېچقاچان
بۇنداق خۇشبۇي ھىد تارقاتمىغان
شىرىق - شىرىق كۆلكىلىرىڭدە
يۇمشاققىنە سۆيۈشلىرىڭدە
كۈلۈپ كەتتى گۈللەر پورەكلەپ
جىلغۇسىنى تاپتى مايسىلار
غۇلىچىنى يايدى دەرەخلەر



سۆيۈشۈڭگە قاناماستىن ئەنە
ئۇچۇپ يۈرەر بىر توپ قارلىغاچ
ئادەملەر
سۆيۈشۈڭدىن، تىنىقلىرىڭدىن

نەپەسلىنىپ يايرىدى جېنى
يېڭىلىدىڭ ھەممە نېمىنى
ئايلاندى دۇنيا
يۇمران بوۋاققا.

# ئىككى شېئىر

ئابدۇرەشىت ئېلى

## شېئىر بىر كېسەلدۇر ماڭا چاپلاشقان

بىر مەنە ئىزدەيمەن جىملىق ئىچىدىن،
ھېسلىرىم زەنجىرگە ئايلانغان تامام.
چېقمىلار سەرسان ئاي، قەدىمكى كېچە
ۋە مېنى قورشىغان مېھرى ئىللىق تام.

ئاڭلىنار باھارنىڭ قەدەم تېۋىشى
قېۋرالنىڭ پاناھسىز غۇۋا باغرىدا.
قەغەزدەك پارچىلاپ تۈگەتتىم سېنى،
تاش بولۇپ ئويىدى غەرەزسىز نىدا.

ئۆلتۈرمەك بولىمەن روھىمنى ئاخىر،
ئاھ، مېنىڭ ئويلىرىم بىر مۇدھىش چايان!
نە ئامال كوچىغا چىقىمەن ئېغىر،
شېئىر بىر كېسەلدۇر ماڭا چاپلاشقان.

## كۆپ خانىلىق سان


قۇياش سۇس چاقنايدۇ ئۆلۈمگە ئوخشاش،
يانۋارنىڭ يېرىمى قاتقان مۇز بولۇپ.
كىملەردۇر كېلىدۇ، كېتىدۇ غۇۋا
ھېسلىرىم گوياكى ئېچىلماس قولۇپ.

ئەسلەيمەن بۇلانغان خاتىرىلەرنى،
چاراسلاپ كۆيىدۇ يەرلەر، دەرەخلەر.
مۇزىكا قاچىدۇ ئاۋاز توردىن،
ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ يەنە شەكىللەر.

ئالدىمدا ياتىدۇ بىر پاتمان رەقەم
ئەسلىتىپ ئايرىلغان ساھىبجامالنى. . .
ئاھ، مېنىڭ بوسۇغام جىمجىت شۇقەدەر،
شېئىرىم ھېس قىلار پەقەت بۇ ھالنى.


# شېئىرلار

قۇربان ئابلىمىت



## سوغۇق

دېكابىر ئەتىلا يوقىلار بەلكىم،
سىرتتا ئاپئاق قار چۈشمەكتە لەپ ـ لەپ.
قولۇمدا نىگارنىڭ يالغۇز سۈرىتى،
ئۆزۈمنى ئالدايمەن مەن ئاڭا سۆزلەپ.



مۇزلىدى ئۆي ئىچى، مۇزلىدى جاھان،
نېچۇندۇر بولماقتا كۆڭلۈم شۇنچە غەش.
ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاينىمى ئارا،
لەززەتسىز شادلىقتۇر ئۆلۈمنى ئەسلەش.

جىمجىتلىق ئىسمىمنى چاقىرغىن قايتا،
كۈتىمەن يىراقتىن ئەكس سادانى.
بۇ بىر كۈن توققۇز ياش قىرىدىم بەلكى،
باغرىمدا ئىللىتىپ سوغۇق دۇنيانى.

## ئىككىنچى مۇقەددىمە

باشلاندى ئاھ، يەنە هايات جىملىقى،
خيالىم بەرگىدىن تۆكۈلدى شەبنەم.
بەخت دەپ بەختىمنى ئەيلىدىم بەربات،
سۆيگۈدە ئۆزۈمنى خورلاپ دەممۇ - دەم.

ئۆلۈمدىن يىراقلاپ كېتەلمىگەندەك،
ئىشەنچكە يالۋۇرۇپ باسىمەن ئالغا.
ئۈمىدىم ئۆمرۈمنىڭ تىلسىمى بولۇپ
تىنىمسىز ئىزاهات بىرەر ئويۇمغا.

ئىمكان يوق زادىلا پىچىرلىششقا،
بىر خىرە يۇلتۇزدۇر ئازاب تۈندىكى.
باغرىمدا يىلاندەك ياتار سوزۇلۇپ،
دۇناي، قىز، مۇھەببەت، ياشاش ئىستىكى.

## يەكشەنبىدە ماگىزىن ئارىلاش

بىرىنچى، ئىككىنچى. . . بەشىنچى قەۋەت،
پەيدىپەي ئۆرلەيمەن يەنە ئېگىزگە.
بىنالار شەھەرنىڭ ئاجىز يۈرىكى،
ئۆز ئەكسىم چۈشمەكتە شەيتان كۆزگۈلگە.

مەن يالغان ياشايمەن بۇگۈن شەھەردە،
بىر شاللاق قىزچاقنىڭ ئارمىنى بولۇپ.
پىركازچىك ئايالدىن باها تالىشىپ،
قەستەن مال ئالىمەن ئالغۇم يوق تۇرۇپ.

تالاشماي بولدىلا A, T شەكلىدە،
سېتىۋالاي ئوغلۇمغا كىچىك ئويۇنچۇق.
بۇ شەھەر تۇمانغا پۈركەنگەن بىلەن،
چاڭ - تۇزان يېزامنىڭ ئاسمىنى ئوچۇق.

## دىئالوگ

كەل ئاڭلا «ئۈچقۇر ئات»، «ئۇر توقماق» لىرىم،
مەن قىزىق چۆچەككە ئايلانغان ئادەم.
كەل يەنە سۆيگەن قىز، مەكتەپ، ساۋاقداش،
يالغۇزلۇق ئەڭ يېقىن سىرداش ھەمشىرەم.

كەل ئۆزۈم، دەردىمنى تۆكەي مەن ساڭا،
سىرىمنى هېچكىمگە ئېيتىپ باقمىدىم.
كەل شېئىرىم ئوقۇپ باق ئاپئاق كۆڭلۈمنى،
سەن ماڭا، مەن ساڭا نېمىلەر دېدىم.

كەل بەخت قولۇمنى تۇتۇپ باققىنا،
ئاقاركىن قانداقراق يىگىت قانلىرى.
كەل تەقدىر ئۆيۈمگە كىرگىن بىمالال،
يېقىنلاپ كەلمەكتە ۋىسال كۈنلىرى.


# تەن يۈكى

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

ئاھ، بەكمۇ ئېغىردۇر تېنىمنىڭ يۈكى
ئېگىلىپ يۈرىمەن بولالماي ئازاد.
كىيىم ئىچىدە تۇرغان بۇ تېنىم
ئىكەن هاياتلىقىمغا بىردىنبىر ئىسپات.




ئەتراپىم ئەينەكتۇر، كۆلەڭگىلىرىم
ئۆيدە، فابرىكىدا، كوچا - رەستىدە
يۈرەر بىر - بىرىنى تونۇماي پەقەت.



ئادەملەر كەينىمدىن كەلمەكتە قوغلاپ،
ماشىنا، بىنالار كەلمەكتە قىستاپ.
موھتاجلىق، مەدەنىيەت، شۆھرەت، پۇل،
ئايال. . .
تالىشىپ يېمەكتە مېنى پارچىلاپ.
هېچنەرسەم قالمىدى
شۇ ئورۇق ۋە ئېگىز تېنىمدىن ئۆزگە.
كىيىم ئىچىدە تۇرىمەن يىغلاپ
تەلمۈرۈپ ناتونۇش كۆلەڭگىلىرىمگە.
پەقەت كېچىدە يالغۇز قالغاندا
هۆركىرەپ بىر ياۋۇز هايۋاندەك
ئۆز - ئۆزۈمنى قىلىمەن تەقلىد.

# ئۇرۇش ۋە «قۇملۇقتىكى ئاي»



(ئەدەبىي ئاخبارات)

**ھۈسەيىن تاش**

## ئۇنتۇلماس ناخشا

تۆگىگە مىنگەن شاھزادە ھەم مەلىكە،
بېسىپ كېلەر يىپەك يولىنى.
قۇملۇقلاردىن كۆتۈرۈلەر ئاي،
تۆگە يۈرەر ئاشۇ قۇملۇقتا.
يورۇتار ئاي چەكسىز قۇملۇقنى،
تۆگىمەس ھېچ قۇم بارخانلىرى.

ئۇنىڭ ئۆز تىلىدا ئېيتالايدىغىنىمۇ، سۆزلەيدىغىنىمۇ كىچىك چېغىدا ئانىسى ئۆگىتىپ قويغان، مەنىسىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئالتە مىسرادىن تەركىب تاپقان مانا مۇشۇ ناخشا. بۇ ناخشا ھىجران ناخشىسى، سېغىنىش ناخشىسى، ئۇ بۇ ناخشىنى ئازاب ۋە سېغىنىش ئىچىدە ھېچكىمگە تىنماي قەلبىدىلا ئوقۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئەللىك نەچچە يىل بولدى. بۇ ناخشىنى ھەر قېتىم ئوقۇغاندا پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلەتتى. خىيالىغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەزىز تۇپرىقى، تۆت ئەتراپى يېشىللىق بىلەن قاپلانغان يۇرتى، كۈز ۋاقىتلىرى شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان مېۋىلىك دەرەخلىق، غەمسىز ئوينايدىغان ئاكا، ھەدە - سىڭىللىرى، ئۇرۇشتا خانىۋەيران بولۇپ قۇمدەك چېچىلىپ كەتكەن، ھازىرغىچە ئۆلۈك - تىرىكى نامەلۇم ئاتا - ئانىسى، بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللىرى، ۋەتىنىگە قايتىش ئۈچۈن ۋوگزال زالىدا تىقما - تىقما بولۇشۇپ چىرايىنى غەم - ئەندىشە قاپلىغان كىشىلەرنىڭ تاقەتسىزلىك بىلەن پويىز ساقلاۋاتقىنى، سوغۇق ۋە ئاچلىقتىن يىغلاۋاتقان كىچىك باللار كېلىۋاتاتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ئامالسىز ۋە بىچارە ھالىتى ئۇنىڭ ئىچىنى سىيرىيتتى. سېغىنىش ئازابى ئۇنى قانچىلىك قىينىسىمۇ ئۇ ئۆز سىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. ھەتتا بۇلارنى ئۆزىنى چۈشىنىدىغان، ھۆرمەت قىلىدىغان ئېرىگىمۇ تىنمىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئازار يەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ۋاقىت ئۇنىڭ چىرايىغا قورۇق، چاچلىرىغا ئاق قوندۇرغىنى بىلەن ئۇنىڭ روھى يەنىلا پاكىز ھەم ياش ئىدى. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرالمىدى. كۈنلەر بۇنداق ئۈن - تىنسىز ئازاب ئىچىدە ئۆتىۋەرسە، سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىمايلا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلسا ئۇنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتكەن بولاتتى. ئادەم ئازاب ئىچىدە مەڭگۈ بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياشىيالمايدۇ. باشقىلارغا ئۆز ئازابىنى سۆزلەپ بېرىشمۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئىزدىگەن ئەڭ زور تەسەللىيسى ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ سېغىنىشى، ئازابى ئاخىرى پارتلاپ چىقتى.

1983 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ياپونىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرى «گۇمانلىق قان» نى كۆرسەتكەندە، پۈتۈن مەملى-

كەتتىكى نەچچە مىڭلىغان تاماشىبىن بۇ فىلىمدىكى باش قەھرىمان شىنزىنىڭ تەقدىرىگە تولىمۇ ھېسداشلىق قىلىشتى. شىنزىنىڭ تەقدىرىگە ھەممىدىن بەكرەك ھېسداشلىق قىلغىنى، شىنزىنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىگە ئۆزىنىڭ تەقدىر - قىسمىتىنى باغلاپ چۈشەنگىنى، ئۇزاققىچە خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتكىنى جۇڭگولۇق بىر ئانا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈنسىز ئازاب ئىچىدىكى يىغىسىنى ھېچكىشى بىلمەيتتى. دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر يوق، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە تەبىئىي ھالدىلا ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بۇ چىڭخۇا تېلېۋىزىيە تىياتىرى «گۇمانلىق قان» باشلانغان ۋاقىتتىكى ناخشىغا ئانىسىنىڭمۇ تەبىئىي ھالدا جور بولۇپ پەس ئاۋازدا ناخشا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ياپون تىلىدا نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، ئانىسى بىر ئائىلە ئايالى، تالا - تۈزگىمۇ چىقمايدۇ. گېزىت - ژۇرنال ئوقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنىمۇ تونۇمايدۇ. ئۇنداقتا، ئانىسى قانداقسىگە ياپونچە ناخشا ئوقۇيالىسۇن؟ ئۇ ئېيتقان ناخشىنىڭ ئاھاڭىمۇ توغرا، كۆتۈرۈش - چۈشۈرۈشىمۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكى ناخشا بىلەن ئوخشاش. بۇ نېمە ئىش؟ ياكى ئانىسى بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى كۈندە دېگۈدەك كۆرگەچكە ناخشىسى ياد بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ بۇ چىڭخۇا ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالمايتتى. ئۇ ئاخىرى ئانىسىدىن سوراشقا مەجبۇر بولدى.

- ئانا سىز ئەجەب بۇ ناخشىنى ئوقۇيالايدىكەنسىزغۇ؟

ئانا ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئوغلىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى. نېمىدەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئوغلى كوچىلاپ سوراۋەرگەچكە ئانا ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ يۈرىكىدىكى سۆزىنى قىلدى.

- بۇ ئۆز مىللىتىمنىڭ ناخشىسى.

تۇۋا، ئانام يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئېلىشىپ قېلىۋاتامدۇ - نېمە؟

- ئانا، نېمە دەۋاتىسىز، گېپىڭىزنى چۈشەنەلمىدىم.

- مەن ياپونىيىلىك.

بۇ چىڭخۇا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدى. دېمىسىمۇ ئانىسىنىڭ باش - ئاخىرى يوق بۇ سۆزىگە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

## ئىمپېرىيىنىڭ ھالاكىتى

... بۇ ئۇرۇش ئوتلىرى لاۋۇلداۋاتقان يىللار. شۇڭلاشقا مېنىڭ قېرىنداشلىرىم پەس ئاۋازدا: تىنچلىق، تىنچلىق تېزرەك كەلسەڭلار، چۇ دەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلماقتا...

(«ئىنجىل» دىن)

دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان سىياسىيونلار تىنچلىق توننىغا ئورىلىۋېلىپ تىنچلىق توغرىسىدا تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكۈچە قۇرۇق شوئار توۋلاپ، ئاخىرى «تىنچلىق ئۈچۈن» ئۇرۇش قوزغايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «تىنچلىق ئۇرۇشى» مەغلۇپ بولسىمۇ يەنە زەئىپ ئاۋازى بىلەن تىنچلىق دەپ توۋلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ياپماقچى بولۇشىدۇ...

ياپونىيە ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسىنى كېڭەيتىپ، دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈچۈن دەسلەپتە جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۈچ ئۆلكىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن «قورچاق مانجۇرىيە دۆلىتى» نى قۇردى. ئاندىن شەرقىي شىمالنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە ئۆز دۆلىتىدىن نۇرغۇن ئاھالىنى مەجبۇرىي شەرقىي شىمالغا كۆچۈرۈش سىياسىتىنى قوللاندى. ئېنىقكى، ياپونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاھالە كۆچۈرۈش سىياسىتىنىڭ مەقسىتى شەرقىي شىمالدىكى مىللەتلەرنى ئاستا - ئاستا ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يۇتۇۋېلىش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ تاكتىكىسىنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەنىدى. چۈنكى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئۆزىنى تونۇيدىغان، بىلىدىغان ھالەتكە كەلگەنىدى. جۇڭگولۇقلار ياپونىيىنىڭ بۇ تاكتىكىسىنى مەغلۇپ قىلدى.

* *

1935 - يىلى ياپونىيىنىڭ ھەممە تەرىپى ياپېپېشىل ئورمانلار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئائوموري ناھىيىسىدە بىر قىز — جۇڭشەن شيۇزى پانسى ئالەمگە كۆز ئاچتى. ئۇ بۇ ئائىلىدىكى بەش بالىنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى. دادىسى جۇڭشەنچىڭ سىلاڭ يىراق - يېقىندا خېلى نامى بار كۆمۈرچى بولۇپ، ئانىسى جۇڭشەن تامى شۇ يەر-

دىكى مېۋىلىك باغدا خىزمەت قىلاتتى. بۇ ئائىلىنىڭ كۆڭۈللىرى خۇشاللىق ھەم خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتەتتى. 1943 - يىلى جۇڭشەن شيۇزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىغا ئوقۇشقا كىردى. مەكتەپ تۆت قەۋەتلىك بىر بىنادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى كىيىپ يۈرەتتى.

1943 - يىلى ئائوموري ناھىيىسى ئالتۇن كۈز پەسلىگە قەدەم قويۇپ، جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ئانىسى جۇڭشەن تامى ئىشلەيدىغان مېۋىلىك باغ ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كەتتى. قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. جۇڭشەن شيۇزى ئاكا - ئاچا ۋە ئىنى - سىڭلىسى بىلەن باغدا غەمسىز ئويناپ يۈرەتتى. مانا مۇشۇنداق بەختلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىغا سەرسانلىقنىڭ كۆلەڭگىسى سايە تاشلاشقا باشلىدى. بىر كۈنى جۇڭشەنچىنىڭ سىلاڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن ھالدا ئىشتىن بالدۇرلا قايتىپ كەلدى. دادىسىنىڭ ھېچ كىشىگە گەپ قىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى. ھەتتا بالىلىرىنىڭ ئەركىلەشلىرىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى.

- ئۆزلىرىگە نېمە بولدى دادىسى؟ - سورىدى جۇڭشەن تامى ئېرىنىڭ ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىدىن ئىچى تىتىلداپ.

- ئائوموري ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىدىغان ئائىلىلەرنى تەشكىللەش توغرىسىدا خېلى كۆپ سەپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن جۇڭگوغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىدىغانلاردىن بىرەرسىمۇ چىقمىغان ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەجبۇرىي كۆچۈرۈش سىياسىتىنى قوللىنىپتۇ. بىزنىڭ كوچىدىن مەن بىلەن يەنە بىر ئادەمنى ئالدى بىلەن تاللاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدە ئورمان كۆپمىش. مەن ھۈنەرۋەن بولغاچقا، كۆمۈر كۆيدۈرۈش ئىشىنى قىلىدىكەنمەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئۇزاققىچە يىغا - زارە قىلىشتى. كىمنىڭمۇ ئۆز ماكانىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپرىقىنى تاشلاپ باشقا بىر ئەلگە بارغۇسى كەلسۇن؟! ئائىلىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. ئەسلىدە ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ئائىلە تىنچلىققا موھتاج ئەمەسمىدى. ھېچكىمنىڭ بىر - بىرسىگە ئارتۇق گەپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. ھۆكۈمەتتىن مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرسە بارمايمەن دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار ياپونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەجبۇرىي كۆچۈرۈش سىياسىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن، تىنچ - خاتىرجەم ياشاش مۇھىتىدىن مەھرۇم قالدى. ئۇلار يولغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. چوڭلار ئۆزلىرىنىڭ قايسى رايونغا بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسە كېرەك، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تۇرۇشلۇق ئادرېسىنى قالدۇرۇشقان بولدى. ئۇلار بىر ئائىلە كىشىلىرى ئائوموري ناھىيىسىدىن بىللە چىققان «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر ئەترىتى» بىلەن بىر ۋاگونغا چىقتى. پويىز بىلەن بىرنەچچە كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن پاراخوتقا ئالمىشىپ دېڭىز ئارقىلىق جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىگە قەدەم باستى، ئۇلار ياپونىيىلىك يەنە باشقا بىرنەچچە ئائىلە كىشىلەر بىلەن خۇخې ناھىيىسى (ھازىرقى نامى شاڭچى ناھىيىسى) كىچىك بازاردىكى بىر تۆپىلىككە ئورۇنلاشتى. جۇڭشەنچىنىڭ سىلاڭ ياپونىيىدە دېھقانچىلىق قىلىپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلىك خەلق بىلەن تىل ئۇقۇشمىغاچقا تۇرمۇشتا ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. ئۇلار بۇ يەردە بىر تەرەپتىن بوز يەر ئېچىپ يەر تېرىپ، بىر تەرەپتىن كۆمۈر كۆيدۈردى. جۇڭشەن شيۇزى ئاكىسى ۋە ئاچىسى بىلەن بىرگە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار يىللىقلارغا ئايرىلماي ھەممىسى بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى.

ئىككى يىل تولىمۇ تەستە ئۆتتى، ئەمما كىچىككىنە تۆپىلىكتىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر 1945 - يىلى 8 - ئايدا ياپونىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ تەسلىم بولغانلىقىنىمۇ بىلمەي قېلىشتى. ياپونىيە ئىمپېرىيىسى تەسلىم بولۇپ خېلى كۈنلەردىن كېيىن، ياپونىيىلىك بىر ئاتلىق ئەسكەر ئالدىراش كېلىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى ھەم ئۇلارنىڭ چېچىلىپ كەتمەي بىر يەرگە يىغىلىپ ياپونىيىگە قايتىش تەييارلىقىنى قىلىپ تەق بولۇپ تۇرۇشىنى ئېيتتى. كىشىلەرنىڭ يەنە يىغا - زارىسى باشلاندى. نۇرغۇن كىشىلەر نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشتى. گەرچە ئۇرۇشتا جۇڭگو تەرەپ غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، شەرقىي شىمالدا تىنچلىق تولۇق ئىشقا ئاشمىغان بولغاچقا، شەرقىي شىمال يەنىلا قالايمىقان بولۇپ جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا يەنىلا ئىچكى ئۇرۇش مەۋجۇت ئىدى. يەرلىك زومىگەرلەر، توپىلاڭدىن

توغاچ ئوغرىلايدىغانلار دائىم ياپون پۇقرالىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى. شۇڭا ياپونىيە پۇقرالىرى كېچە تۇرماق كۈندۈزىمۇ يول يۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياپونىيە پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن يۈزلىرىگە كۆمۈر قارىسى سۈرتۈپ، چىرايىنى ئۆزگەرتىپ يۈرۈشەتتى.

پۇقرا دېگەن ئۇرۇشنىڭ ئەڭ بىچارە قۇلى بولسا كېرەك، ئۇلار مەيلى مەغلۇپ بولغۇچى تەرەپنىڭ ياكى غالىب تەرەپنىڭ پۇقراسى بولسۇن، ئەڭ ئالدى بىلەن پالاكەتكە ئۇچرايدىغىنى يەنىلا شۇلار ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرى بېسىۋالغان زېمىندا تۇرۇۋاتقان ئۆز مىللىتى ۋە پۇقرالىرىنىڭ بىر خىل تەھدىت، ئەندىشە، خەۋپسىرەش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ياپونىيە ئىمپېرىيىسى دەل ئاشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولدى. ھالاكەتكە يۈزلەندى. ئۇلارنىڭ جۇڭگونى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتەك يامان نىيىتى كۆپۈككە ئايلاندى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆز تىنچلىقىنى قوغداش ئىرادىسى، بىرلىكتە كۈرەش قىلىشى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۈشمەنگە باش ئەگمەي قەھرىمانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ياپونىيە ئىمپېرىيىسىنى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. «تىنچلىقپەرۋەر سىياسىيونلار»نىڭ بىر مەيدان ساختا ئويۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى نۇرغۇنلىغان ئېغىر تالاپەت، بالايى - ئاپەتكە دۇچار قىلىش بىلەن تەڭ ئۆز دۆلىتىنىمۇ نۇرغۇن زىيانغا ئۇچراتتى. نەچچە مىڭلىغان ياپونىيە پۇقرالىرىنىمۇ خانىۋەيران قىلدى. بۇلارنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك؟

**ئىزاھ:** ياپونىيە ھۆكۈمىتى 1995 - يىلى 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ياپونىيە ئىمپېرىيىسى 1 مىليون 550 مىڭ (بەزى مەلۇماتلاردا 3 مىليوندىن ئارتۇق دېيىلگەن) ياپونىيە ئاھالىسىنى شەرقىي شىمالنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن. 1945 - يىلى ياپونىيە ئىمپېرىيىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئاھالىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇرۇش، كېسەللىك، ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. قېچىش جەريانىدا سەرگەردان بولۇپ ئۆلگەنلىرى تېخىمۇ كۆپ. شۇ ۋاقىتتا ياپونىيىگە قايتالىغانلىرى 1 مىليون. ياپونىيە خەلق ئىشلىرى ۋازارىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا جۇڭگودا يەنە 2000 نەپەر ياپونىيە پۇقراسى قالغان (بەزى مەلۇماتلاردا 6000 دېيىلگەن). بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەينى ۋاقىتتىكى كىچىك باللار ۋە بىر قىسىم ياردار بولغان ئەسكەرلەر ئىكەن.

## جۇدالىقنىڭ باشلىنىشى ۋە يېڭى ھايات

ئۇرۇش — باشقىلارنىڭ ھاياتىنى، مال - مۈلكىنى، زېمىنىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، بەختىنى ساقلاپ قېلىش ياكى تېخىمۇ چوڭ ھۆكۈمرانغا ئايلىنىش دېمەكتۇر. ئادەملەرنىڭ بۇنداق ياشاش رىقابىتى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ بەزى «تىنچلىقپەرۋەر ئۇرۇش تەلۋىلىرى» بۇنداق ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىنىڭ ئۆز ھالاكىتى بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىنى ئويلىمىسا كېرەك. ئۇرۇش ھەممە تەرەپنى گۇمران قىلىش دېمەكتۇر. مانا بۇ ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى.

ئۇلار ئولتۇراقلاشقان تۆپىلىك بىلەن بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئەترىتى باش شتابىنىڭ ئارىلىقى بىر كېچىلىك يول ئىدى. ئۇلار ئاۋغۇستنىڭ مەلۇم بىر كېچىسى باش شتابقا قاراپ يولغا چىقتى. باش شتاب ئورۇنلاشقان جايدا پويىز ئىستانسىسى بار ئىدى. كىچىككىنە جۇڭشەن شىيۇزى سىڭلىسىنى ھاپاش قىلىۋالدى. ئۇلار بىر كېچە ئەندىشە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە يول يۈرۈپ تاڭ ئاتارغا يېقىن باش شتابقا كەلدى. چۆچۈرىدەك بەش بالا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەتراپىدا تۈگۈلۈپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ غەمكىن چىرايى، ئانىسىنىڭ يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى باللارنىڭ غەلۋىسى ۋە ئەركىلەشلىرىنى توسۇپ قالغانىدى. بۇ باللار ياپونىيىدە شۇنداق ئەركىن، خۇشال - خۇرام ياشىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەمەسمىدى. ئۇرۇش مەسۇملارنىڭ ئەركىنىمۇ بوغۇۋالغانىدى. ۋوگىزالنىڭ چوڭ زالىغا يىغىلىۋالغان ياپونىيىلىك پۇقرالار ھۆكۈمەتنىڭ ئالدى بىلەن مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلەرنى توشۇيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ پاتپاراق بولۇشۇپ زال ئىچى بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. «بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر ئەترىتى» دېگەنلەر ئەندىشىگە چۈشۈپ ياپونىيىگە ھايات كېتەلىشىمىز، ھېچ بولمىسا باللارنىڭ ھايات قېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ باللىرىنى جۇڭگولۇقلارغا بېرىۋېتىشكە باشلىدى. جۇڭشەنچىلىك سىلاڭ جۇڭشەن شىيۇزىنىڭ ئۇكىسى بىلەن سىڭلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن قۇرۇق قول قايتىپ كىردى. ئۇكىلىرىنى كىمگە

بېرىۋەتكەنلىكىنى جۇڭخشەن شيۇزىمۇ بىلمەيتتى.

«بوزيەر ئۆزلەشتۇرگۇچىلەر ئەترىتى» دىكىلەر 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن تاكى يىل ئاخىرىغىچە ۋوگزالدا ھۆكۇمەتنىڭ ئۆزلىرىنى ئېلىپ كېتىشىنى كۇتۇپ تۆت ئايغا يېقىن پويىز ساقلىدى. بىراق ياپونىيە تەرەپتىن ھېچقانداق بىر خەۋەر يوق ئىدى. ئاچارچىلىق ۋە شەرقىي شىمالنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقى كىشىلەرنىڭ ھالىنى قويمايۋاتاتتى. ھۆكۇمەتنىڭ يۈزسىزلىكى ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئاچارچىلىق ۋە سوغۇق دەستىدىن جان تەسلىم قىلدى. بالىلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ چىرقىراپ يىغلىشاتتى. كۆزلىرى ياشلانغان ئانىلار بالىلىرىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە خۇددى پويىزنىڭ بېكەتكە كىرگەن چاغدىكى گۇدۇك ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي قالىدىغاندەك قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتىشىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەرلەر بىردەم تالاغا چىقىپ پويىز يولىغا قارىسا، بىردەم يېنىپ كىرىپ ئايالىغا، سوغۇق ۋە ئاچلىق دەستىدىن تۇگۇلۇپ قالغان بالىلىرىغا ئىچى سىيرىلىپ ئۇزاققىچە قاراپ كېتەتتى. ئۇلارمۇ ئامالسىز ئىدى. يېمەكلىك بارغانسېرى ئازلىماقتا، تۈگىمەكتە ئىدى. تېخى كىيىم - كېچەكلەرمۇ ئانچە قېلىن ئەمەس. . . پويىز كۇتۇپ سەۋرى قاچىسى توشقانلار خوتۇن - بالىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ پويىز يولىنى بويلاپ شەرقىي شىمالنىڭ ياپونىيە بىلەن تۇتىشىدىغان دېڭىز بويىنى نىشان قىلىپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ كىيىمى نېپىز ئىدى. ئوزۇق - تۈلۈكىمۇ يوق ئىدى. شەرقىي شىمالنىڭ سوغۇقىدا پويىز يولىنىڭ قاسنىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇرۇش گۇناھسىز پۇقرالارنى ئاشۇنداق ئېتىبارسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئەمدى ئوماققىنە قىز — جۇڭخشەن شيۇزىنى جۇڭگولۇقلارغا بېرىۋېتىش نۆۋىتى كەلگەنىدى. ئاكىسى بىلەن ئاچىسى ياشتا جۇڭخشەن شيۇزىدىن سەل چوڭراق بولغاچقا بەزى قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى. جۇڭخشەن شيۇزى ئۆزىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ باشقىلارغا بېرىۋېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۇرمىگەنىدى. ئەپسۇس، دادىسى ياپون تىلىنى بىلىدىغان سۇڭ فامىلىلىك جۇڭگولۇق بىر كىشى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ جۇڭخشەن شيۇزىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. سۇڭ فامىلىلىك كىشى جۇڭخشەن شيۇزىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. بىراق، سۇڭ فامىلىلىك جۇڭخشەن شيۇزىنىڭ نەچچە كۈنگىچە توختىماي يىغلاپ، پۇرسەت تاپسىلا تالاغا يۈگۈرۈشلىرىدىن قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرەپ جۇڭخشەن شيۇزىنى ئۆيىگە سولاپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئوغلىنى ئۇنىڭغا قاراشقا قويدى. بىراق جۇڭخشەن شيۇزى يەنىلا يىغىدىن توختىمىدى. تاماق يېيىش تۈگۈل بىر يۇتۇم سۇ ئىچىشكىمۇ ئۇنىمىدى. يىغلاۋېرىپ ئاخىرى ئاۋازىمۇ پۈتۈپ قالدى. سۇڭ فامىلىلىك ھېچبىر ئامال قىلالماي ئۇنى يەنە جۇڭخشەنچىڭ سىلاڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

دادىسى بۇ ئىشلارنى جۇڭخشەن شيۇزىغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيتتى. ئانىسى ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. يەيدىغان يېمەكلىك بارغانسېرى ئازلىماقتا. شەرقىي شىمالنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە. . . دادىسى ئامالسىز قالدى. راست، كىمنىڭمۇ ئۆز پۇشتىدىن بولغان سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى باشقىلارغا تاشلاپ قويغۇسى كەلسۇن؟ بالا مېھرى ئاتا - ئانىغا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدىغان، بەخت تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان ئەڭ ئۇلۇغ مېھىر. ئاشۇ مېھىرلا ئاتا - ئانىدىكى ئورتاق نىشاننى، ئائىلىنى، تىنچلىقنى ساقلاپ قالىدىغان مېھىر ئەمەسمۇ! ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى جۇڭخشەن شيۇزىنى ۋوگزالغا يېقىن جايدا ئولتۇرىدىغان بۇ جاۋۋېن ئىسىملىك جۇڭگولۇق دېھقانغا بېرىۋەتتى. بۇ جاۋۋېن ئەسلى شەندۇڭلۇق دېھقان بولۇپ، شەرقىي شىمالغا تۇرمۇش يولى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئۇ باپكارلىق قىلاتتى. ئۇلار ئەر - ئايالنىڭ بىرەرمۇ پەرزەنتى يوق ئىدى. جۇڭخشەن شيۇزىنى بۇ جاۋۋېنغا بېرىدىغان چاغدا دادىسى ئۇزاق يىغلىدى. ئەرنىڭ كۆزىدىكى ياش بارلىق ئازابىنىڭ پارتلاپ چىقىشى. ئۇ، كۆز ئالدىدا يىغلامسىراپ تۇرغان مەسۇم قىزىغا چىدىمىغانىدى.

— ئانا، مېنى باشقىلارغا بېرىۋەتمەڭ، مەن سىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن.

جۇڭخشەن شيۇزى ئانىسىغا ئېسىلىۋېلىپ زادى ئاجرىغىلى ئۇنىمىدى.

— بالام، ئاتا - ئاناڭنىڭ باغرى تاش ئەمەس، سېنى باشقىلارغا بېرىۋەتمىسەك بولمايدۇ. سەن بولساڭمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرگىن، سەن يەنە ياشىشىڭ كېرەك.

دادىسى قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ چىرايىدىن ئامالسىزلىق ۋە ئازابلىنىش، قىزىغا قىيالماسلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. جۇڭخشەن شيۇزى ھېچنەرسە دېيەلمىدى. شۇڭا بېقىۋالماقچى بولغان دادىسى بىلەن قايتىپ كەلدى. ئەپسۇس، بۇ قېتىمقى ئايرىلىش-

نىڭ هايات - ماماتلىق ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان؟ . . .

بۇ جاۋۋىن جۇڭشەن شىيۇزىنى بېقىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ هالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭغا بۇ شىيۇيىڭ دەپ ئىسىم قويدى. بېقىۋالغان دادىسى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جۇڭگو پۇقرالىرىنى قانچىلىك قىينىغانلىقىنى، قىرغىن قىلغانلىقىنى بىلەتتى. جۇڭشەن شىيۇزىنىڭ هېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى، چۈشەنمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. جۇڭشەن شىيۇزى گۇناهسىز پۇقرا. ئۇ مېهرى - مۇهەببەتكە، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈشىگە تەشنا ئىدى. بۇ جاۋۋىن ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆردى. جۇڭشەن شىيۇزى بۇ ئۆيگە كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە بىرنەچچە كۈنگىچە يىغىدىن توختىمىدى. بۇ جاۋۋىننىڭ ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئەركىلەتكەنلىرىمۇ كار قىلمىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ياردىمى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئۇنى مەلىكە قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. جۇڭشەن شىيۇزى «ئانام قېنى، ئانامنى ئىزدەيمەن» دەپ تۇرۇۋالاتتى. سىرتقا چىقىپ قالغان مەزگىللىرىدە ۋوگزال تەرەپكە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كېتەتتى. ئاتا - ئانىسى ۋوگزالدىكى چوڭ زالدا پويىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، ياپونىيەگە قايتالمىغاندەك تۇيۇلاتتى. جۇڭشەن شىيۇزى يىغلاپ توختىمىغانلىقتىن، بۇ جاۋۋىن خېلى كۈنلەردىن كېيىن ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ياپونىيەگە كەتكەنلىكىگە كۆڭلىدە هۆكۈم چىقىرىپ جۇڭشەن شىيۇزىنى ۋوگزالدىكى پويىز كۈتۈش زالىغا باشلاپ باردى. جۇڭشەن شىيۇزى ئاتا - ئانىسىنىڭ ۋوگزالدىكى زالدا بولۇپ قېلىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغانىدى - هە، ئەپسۇس، زال ئىچى قۇپقۇرۇق، پەقەت ئەسكى كەش، پارچە - پۇرات قەغەزلەر تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەهبەرلىكىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلۇپ تىنچلىق ئورنىتىلدى. جۇڭگو يېڭىچە تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە قەدەم قويدى. 1951 - يىلى بۇ جاۋۋىن ئايالى بىلەن بېقىۋالغان قىزى بۇ شىيۇيىڭ (جۇڭشەن شىيۇزى) نى ئېلىپ ئۆز يۇرتى شەندۇڭنىڭ بۇجيا كەنتىگە قايتىپ كەلدى. بۇ مەزگىللەردە بۇ شىيۇيىڭ ئۇلارغا ئوبدانلا كۆنۈپ قالغان بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدىغان هالەتكە كېلىپ قالغانىدى. بۇ شىيۇيىڭ 1955 - يىلى 20 ياشقا كىرگەندە شۇ كەنتتىكى بۇ شيەنتەي ئىسىملىك خەنزۇ يىگىت بىلەن توي قىلدى. ئىككىنچى يىلى ئېرى بۇ شيەنتەي شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. 1959 - يىلى 3 - ئايدا ئۇ يۇرتى شەندۇڭغا كېلىپ ئايالى ۋە بالىلىرىنى «شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست» پولات - تۆمۈر زاۋۇتىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، بۇ شىيۇيىڭنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن ئۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا داۋاملىق خىزمەت قىلالمىدى. شۇڭا ئۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئانىسى بولۇپ ئائىلە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. هەتتا ئۈرۈمچى رايونىدا ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۈرۈمچى شەهرىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ باقمىدى. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا «سەن ياپونلۇق»، «سەن جۇڭگولۇق» دەپ گەپ تالىشىدىغان، سوقۇشۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەرمىدى. ئۇلار شۇنداق خاتىرجەم، خۇشال كەيپىياتقا تولغان ئائىلە ئىدى. لېكىن جۇڭشەن شىيۇزى يۈرىكىدىكى سېغىنىش ۋە هىجران ئازابىنى كىچىكىدە ئۆگىنىۋالغان ناخشا ئارقىلىق چاندۇرۇپ قويدى. بۇنى جۇڭشەن شىيۇزىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ياپونىيىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

## دېڭىزدىن يېڭنە ئىزدەش

تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئىنسانلار ئۇرۇش دەستىدىن خانىۋەيران بولدى. يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولدى. بەزى مىللەتلەر تارىخ سەهنىسىدىن ئىزناسىز يوقاپ كەتتى. بەزىلىرى ساناقلىق نوپۇس بىلەنلا قالدى. بەزىلىرى ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ كەتتى. قىرغىنچىلىققا، بۇلاڭ - تالاڭغا، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان مىللەتلەر هالسىراپ قالدى. . .

**ئەسلەتمە:**

مۇشۇ ئەسىردىكى چوڭ ئۇرۇشلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ سانىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى: (1914 - يىلى 8 - ئايدىن 1918 - يىلى 11 - ئايغىچە) ئۆلگەن هەربىيلەر 8 مىليون 570 مىڭ. پۇقرالار 8 مىليون 300 مىڭ. جەمئىي 16 مىليون 870 مىڭ (ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى ئامېرىكا قۇرۇقلۇق شتابى).

ياپونغا قارشى ئۇرۇش: (ئالدىنقى مەزگىلى - 1937 - يىلى 7 - ئايدىن 1941 - يىلى 12 -

ئايغىچە) ئۆلگەن ھەربىيلەر 650 مىڭ، پۇقرالار 1 مىليون 150 مىڭ. جەمئىي 1 مىليون 800 مىڭ. نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا ئۆلگەنلەر (1937 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) 300 مىڭ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى: (1939 - يىلى 9 - ئايدىن 1945 - يىلى 5 - ئايغىچە) ئۆلگەن ھەربىيلەر 17 مىليون 40 مىڭ. پۇقرالار 24 مىليون 530 مىڭ، جەمئىي 41 مىليون 580 مىڭ.

ھىندىچىنى ئۇرۇشى: (1946 - يىلى 11 - ئايدىن 1954 - يىلى 7 - ئايغىچە) ئۆلگەن ھەربىيلەر فرانسىيىدىن 750 مىڭ (1955 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە «ھۆكۈمەت ئاخباراتى») ۋيېتنامدىن 500 مىڭ. (فرانسىيە ماتېرىيالى) ئۆلگەن پۇقرالار 800 مىڭدىن 2 مىليونغىچە.

چاۋشيەن ئۇرۇشى: (1950 - يىلى 6 - ئايدىن 1954 - يىلى 7 - ئايغىچە) ئۆلگەن ھەربىيلەر 1 مىليون 500 مىڭ. پۇقرالار 1 مىليون 500 مىڭ. جەمئىي 3 مىليون.

ۋيېتنام ئۇرۇشى: (1964 - يىلدىن 1973 - يىلى 1 - ئايغىچە) ئۆلگەن ھەربىيلەر شىمال تەرەپتىن 737 مىڭ، جەنۇب تەرەپتىن 249 مىڭ.

كامبودژا ئۇرۇشى: (1970 - يىلى 4 - ئايدىن 1975 - يىلىغىچە) ھەربىيلەر ۋە پۇقرالاردىن بولۇپ 156 مىڭ ئادەم ئۆلگەن. 1978 - يىلى ۋيېتنام تاجاۋۇزچىلىق قىلغاندا ئۆلگەن پۇقرالار 14 مىڭ. ھەربىيلەر 50 مىڭ. جەمئىي 64 مىڭ (ئامېرىكىنىڭ مەلۇماتى).

ئافغانىستان ئۇرۇشى: (1979 - يىلى 12 - ئايدىن 1989 - يىلى 2 - ئايغىچە) غەرب تەرەپنىڭ مۆلچەر سانىدا ئۆلگەنلەر 1 مىليون بىلەن 1 مىليون 500 مىڭ ئارىلىقىدا. ئۆلگەن ئافغانىستانلىقلار 1 مىليون 200 مىڭ، سوۋېتلىكلەر 15 مىڭ. «مۇتەخەسسىسلەر» نىڭ ئېتىراپ قىلغىنى 80 مىڭ.

ئىران - ئىراق ئۇرۇشى: (1980 - يىلى 9 - ئايدىن 1988 - يىلى 8 - ئايغىچە) ئۆلگەن ھەربىيلەر 900 مىڭ. پۇقرالار 100 مىڭ. جەمئىي 1 مىليون.

(«ئىشچىلار ۋاقتى گېزىتى» 1995 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى سانىدىن)

يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئۆلۈشىگە كىم سەۋەبچى بولغان؟ ئۇرۇش! . . . ئۇرۇش، تۈگىمەس ئۇرۇش! . . . ئافرىقا قىتئەسىدىكى تۈگىمەس ماجىرالار ۋە ئىچكى نىزالار ھازىرغىچە داۋاملىشىپ ئافرىقا خەلقىنى نامراتلاشتۇرۇۋەتتى. ئەيدىز كېسىلى، خولېرا كېسەللىكلىرى تارقىلىپ ئۇلارنىڭ ھالىنى قويمىدى. پارس قولتۇقىنىڭ ۋەزىيىتى ھازىرغىچە ياخشىلانغىنى يوق. پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشتا ھەر ئىككى تەرەپ قانائەتلەنگۈدەك تىنچلىق كېلىشىمى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ئافغانىستاندىكى تارىختىن بۇيان بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇرۇشلار ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. ئافغانىستان خەلقى ئۇرۇش ۋە نامراتلىق دەستىدىن خانىۋەيران بولماقتا. مۇساپىرچىلىقنىڭ دەردىنى بولۇشىغا تارتماقتا. ھازىرقى زامان سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى بۇلغىشى، يېشىللىقنىڭ بارغانسېرى ئازىيىشىدەك ئىنسانىيەتكە خەۋپ كەلتۈرۈۋاتقان ئاپەتلەر يېتىمگەندەك، تۈگىمەس ئۇرۇشلار، ئىچكى نىزالار، مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەر ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىشى ئىنسانىيەتنى ساراسىمىگە سالماقتا. قورقۇنچ، ۋەھىمە تورلىرى ھەممىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا يۆگىمەچتەك چىرماشماقتا. بىز تەبىئەتنىڭ جازاسىغا ھامان ئۇچرايمىز. بۇ ئىنسانلارنىڭ قىيامىتى. بىزنى قۇتۇلدۇرىدىغان نوھنىڭ كېمىسى قەيەردە؟ ئۇ بولسىمۇ تىنچلىق. . .

تاجاۋۇزچىلار ئەركىن - ئازادە، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىپ، تاجاۋۇز قىلىنغۇچىلار خارلىنىپ ياشايدىغان ئىش مەڭگۈ داۋاملىشىۋەرمەيدۇ. تىنچلىقنىڭ ئۆزى ئەركىنلىك، ئەركىنلىكنىڭ ئۆزى تىنچلىق، جۇڭگولۇقلار قانلىق كۆرەشلەر بەدىلىگە ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى ئۆز زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى، تىنچلىقىنى قولغا كەلتۈردى. گەرچە جۇڭگولۇقلار ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقلىرىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ياپونىيە پۇقرالىرىغا ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى. . .

جۇڭشەن شىيۇزىنىڭ ئەسلىمىلىرى باللارنى ئانىسىنىڭ ھەقىقەتەن ياپونىيىلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. ئوغۇللىرى ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئاڭلاپ ئانىسىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىشىپ ياشلىرىنى توختىتالماي قېلىشتى. ئۇ ئوغۇللىرىغا:

- بىز جۇڭگوغا بىر ئائىلە كىشىلەر ھەممىمىز كەلگەنىدۇق. بىراق، ھازىر ئۇلارنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. ئاكام ياپونىيىدە ھايات

بولسا مېنى ئىزدىشى مۇمكىن، ـ دېدى.

باللار دەرھال ئانىسىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانـ
لىرىنى ئىزدەشنى باشلىۋەتتى. لېكىن بۇ ئاسان
ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېـ
ڭەش، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى، ئۆلكىلىك جاـ
مائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى، ئەينى ۋاقىتتىكى
جۇخې ناھىيىلىك (ھازىرقى شياڭجى ناھىيىسى)
ج خ ئىدارىسى ۋە ئۇلار تۇرغان كىچىك بازاردىكى
بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇش مەيدانىغا باردى ۋە خەت ـ
ئالاقە قىلىشتى. تەرەپ ـ تەرەپلەرگە نەچچە يۈز
پارچە خەت يازدى. بىراق ئۇلار ھېچقانداق ئۇچۇر
ياكى نەتىجىگە ئىگە بولالمىدى. ئاخىرى مۇھاـ
جىرلار بىرلەشمىسى ئۇلارغا خەت يېزىپ تاشقى
ئىشلار تارماقلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش تەكلىپىـ
نى بەردى. ئۇلار 1987 ـ يىلدىن 1988 ـ
يىلىغىچە «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» گېزىتىدە
ئېلان قىلىنغان جۇڭگودىكى ياپونىيىلىك يېتىم
ـ يېسىرلارنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغـ
قانلىرىنى ئىزدەش توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرـ
گەندىن كېيىن دەرھال «پايدىلىنىش خەۋەرلىـ
رى» گېزىتى بىلەن ئالاقىلاشتى. بىراق ھېچقانـ
داق ئىلگىرىلەش بولمىدى. چۈنكى جۇڭشەن
شيۇزى ئۆز يۇرتىنىڭ ياپونىيىنىڭ قەيىرىدە ئىـ
كەنلىكىنى، يۇرتىنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىـ
كىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ قالغانىدى. دادىسى ئۇـ
نى بۇ جاۋۇنغا بېقىۋالغىلى بېرىۋەتكەن مەزگىلدە
ئۆزلىرىنىڭ ياپونىيىدىكى ئادرېسىنى بۇ جاۋۇنغا
قالدۇرغان بولسىمۇ بۇ جاۋۇن خەتنى يىتتۇرۇپ
قويغانمۇ، ئىشقىلىپ جۇڭشەن شيۇزى خەتنىڭ
قەيەردىلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ بىلىدىغىنى
ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئاكىسىنىڭلا ئىسىملىرى، يەنە
ياپونىيىدىكى يۇرتىدا قىش پەسلىدە قارنىڭ كۆپ
ياغىدىغانلىقى، ھاۋاسىنىڭ سوغۇقلۇقى، ئالمىـ
سىنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى. . . قاتارلىقلار ئىـ
دى.

جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئانىـ
سى ئېيتىپ بەرگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، شىنـ
جاڭ «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك
شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان دوستىنى تېپىپ بۇ ئىشـ
نى ئېنىقلىماقچى بولىدۇ. چۈنكى مەزكۇر كارـ
خانىغا ياپونىيە، شياڭگاڭ قاتارلىق بىرنەچچە دۆـ
لەت ۋە رايون بىرلىكتە مەبلەغ سالغان بولۇپ،
بۇ كارخانىدا ياپونىيىلىك بىرەر مۇتەخەسسىسنىڭ
بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئۇلارـ
نىڭ تەلىيىگە يارىشا ھېلىقى ياپونىيىلىك مۇتەـ
خەسسىس جۇڭشەن شيۇزىنىڭ يۇرتى ئائوموري
ناھىيىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بىراق،
تاكى 1992 ـ يىلىغىچە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ھېچـ
قانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئوغۇللار، كېلىنـ
لەر تەرەپ ـ تەرەپكە قاتىرىدى. ئالاقە قىلىشتى.
ئانىسىنىڭ تەنھا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىنى
كۆرۈپ ئىچى سىيرىلدى. تىت ـ تىت بولدى.
جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ئېرى بۇ شيەنتەي ئۇنىڭ
ئۈمىدۋار بولۇشىنى ئېيتىپ تەسەللى بېرەتتى.
بىراق ھەممەيلەن ۋاقىتنىڭ سۇدەك ئۆتۈپ كېتىـ
ۋاتقانلىقىغا قاراپ كۆڭلىدە جىددىيلىشىپ قالاتـ
تى. چۈنكى ئۇلار ئانىسىنىڭ ياپونىيىدىكى ئۇـ
رۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەۋاتقىلى ئون يىلغا يېـ
قىن ۋاقىت بولاي دەپ قالغانىدى.

## يىلىداپ يانغان ئۈمىد چىرىغى

1992 ـ يىلى جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ئىككىنـ
چى كېلىنى سۈي شيۇليەن «كۆكۈل ئېچىش
دۇنياسى» ژۇرنىلىدىن «ياپونىيىلىك بىر پېشقەـ
دەم ئەسكەرنىڭ ھېكايىسى» ناملىق ماقالىنى كۆـ
رۈپ قالدى. بۇ ماقالىدە يېزىلغىنى خېنەن ئۆلـ
كىسى نەنياڭ شەھىرى بەنچاۋ ناھىيىسىدىكى دېھـ
قان سۈن باۋجىنىڭ كۆپ يىللاردىن بېرى ياپونـ
يىلىك بىر ياردار ئەسكەرنى باققانلىقى توغرىـ
سىدىكى ئىشلار ۋە ئۇنىڭ ياپونىيىدىكى ئۇرۇق
ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەش ھەققىدىكى ئېلان خاراكـ
تېرلىك مەزمۇنلار ئىدى. سۈي شيۇليەن بۇ ماـ
قالىنى دەرھال ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ماقاـ
لىدىكى ئادرېسقا ئاساسەن خېنەن ئۆلكىسىدىكى
سۈن باۋجىگە جۇڭشەن شيۇزىنىڭ قىسقىچە تەرـ
جىمھالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىـ
نى ئىزدەپ تېپىپ بېرىشىنى سوراپ خەت يازـ
دى. سۈن باۋجى ئۇلارغا خاتىرجەم بولۇش توغرىـ
سىدا جاۋاپ خەت يازدى ھەمدە ئۇلارنىڭ خېتىنى
دەرھال خېنەن ئۆلكىسى جېڭجۇ شەھىرى دۆلەتـ
لىك يەر تەۋرەش ئىدارىسى يەر شارى فىزىكا
تەتقىقات ئورنىدىكى ئالىي ئىنژېنېر لى يۇڭشىغا
يەتكۈزۈپ بەردى. لى يۇڭشىمۇ ياپونىيىلىك بوـ
لۇپ، ئۇ جۇڭگو ـ ياپونىيە دوستلۇق ۋەكىللەر
ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇڭ تيەنۇۇ ئەپەنـ
دى بىلەن قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. شۇڭا لى
يۇڭشى خەتنى ئۇنىڭغا بەردى. سۇڭ تيەنۇۇ دەرـ
ھال جۇڭشەن شيۇزىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىـ
لىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭدىن بىر تىيىن ھەق
ئالماي جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىـ

نى ئىزدىشىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازدى. سۇڭ تيەنۋۇ ياپونىيە تەرەپ بىلەن نەچچە يىل ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، جۇڭشەن شيۆزىنىڭ ياپونىيە ئائوموري ناھىيىسىدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ جۇڭشەن شيۆزىنىڭ ئەللىك نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئارخىپلىرىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 1943 - يىلى ئائوموري ناھىيىسىدىن جۇڭشەنچى سىلاڭ ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى، بىراق ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر خاتىرە قالدۇرۇلمىغانلىقى ئېنىقلاندى. سۇڭ تيەنۋۇ بۇ ئىشنى دەرھال ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلدى. 1994 - يىلى ياپونىيە خەلق ئىشلىرى ۋازارىتى جۇڭشەن شيۆزىغا تەكشۈرۈش جەدۋىلى ئەۋەتتى. ئۇلار جەدۋەلنى تولدۇرۇپ ئەۋەتتۈەتكەندىن كېيىن، يېرىم ئاي بولماي ياپونىيە خەلق ئىشلىرى ۋازارىتى جۇڭشەن شيۆزىنىڭ ھازىرچە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئارقىلىق ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىش توغرۇلۇق جاۋاب خەت يازدى.

1997 - يىلى 2 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگە تېلېگراما يوللاپ، شىنجاڭ پولات - تۆمۈر شىركىتىگە بېرىپ جۇڭشەن شيۆزىنىڭ ياپونىيىلىك يېتىم - يېسىر ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىشىنى ھاۋالە قىلدى. جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار جۇڭشەن شيۆزىنىڭ قان تىپى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردى. جۇڭشەن شيۆزىنىڭ ئىككىنچى كېلىنى سۈي شيۆلىيەن ئۇلارغا قېيىنانىسىنىڭ بىلىكىدە كالا چېچىكى ئىزى ( بىر خىل چېچەك چىقىپ قالغاندىن كېيىنكى ئىز) بارلىقىنى ئېيتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ياپونچە ئوقۇغان بەش ناخشىسىنى لېنتىغا ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بەردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدىكى يولداشلار يەنە جۇڭشەن شيۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئىككى نەپەر پېشقەدەم يولداشنى ئىسپاتلىققا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن 1997 - يىلى 3 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى، جىلىن ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بەش نەپەر خادىم جۇڭشەن شيۆزى قاتارلىق 45 نەپەر ياپونىيىلىك يېتىم - يېسىرنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ تېپىشى توغرىسىدىكى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## ياپونىيىگە سەپەر

1997 - يىلى 10 - ئاي، جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى نورماللاشقانلىقىنىڭ 25 يىللىق خاتىرە ئېيى ئىدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تاشقى ئىشلار ئىدارىسى بىلەن ياپونىيە خەلق ئىشلىرى ۋازارىتى يېتىم - يېسىرلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە جۇڭشەن شيۆزى قاتارلىق 45 نەپەر ياپونىيىلىك يېتىم - يېسىرلارنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدىشىنى تەستىقلىدى.

ياپونىيە ھۆكۈمىتى ياپونىيىلىك يېتىم - يېسىرلارنىڭ ياپونىيىگە كېلىپ ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدەش پائالىيىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. 45 نەپەر ياپونىيىلىك يېتىم - يېسىر تېخى ياپونىيىگە بارماي تۇرۇپلا 1997 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ياپونىيىنىڭ «تاڭ قۇياشى» گېزىتى قاتارلىق ھەرقايسى گېزىتلىرى 45 نەپەر ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدىگۈچى يېتىم - يېسىرلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالىنى بەس - بەس بىلەن ئېلان قىلدى.

1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جۇڭشەن شيۆزى 54 يىل ئايرىلىپ كەتكەن ياپونىيە تۇپرىقىغا قەدەم قويدى ۋە ئالدى بىلەن يەنە بىر قېتىم سالامەتلىك تەكشۈرۈشتىن ئۆتتى. جۇڭشەن شيۆزىنىڭ بىلىكىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە چىققان كالا چېچىكى ئىزى ئۇنىڭ ياپونىيىلىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. چۈنكى جۇڭگولۇقلارغا كالا چېچىكى بىر يىلدا بىر قېتىم چىقاتتى. بىراق ياپونىيىدە بىر قېتىمدا تۆتتىن - بەشكىچە كالا چېچىكى چىقاتتى ھەمدە ئەتىرگۈل شەكلىدە بولاتتى. جۇڭشەن شيۆزىنىڭ دەل ئاشۇنداق بولۇپ چىقتى.

ئەپسۇس، جۇڭشەن شيۆزىنىڭ ئالدىغا ئاتا - ئانىسى ياكى ئاكىسى ئەمەس، ئۆزى كۆرۈپمۇ باقمىغان، تونۇمايدىغان ئادەملەر چىقتى. ئۇلار جۇڭشەن شيۆزىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرى ئىدى. ئەسلىدە ئۇلار گېزىتتىكى خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن، جۇڭشەن شيۆزى ياپونىيە تۇپرىقىغا قەدەم باسقىچە ئۇلار توكيوغا كېلىپ ئۇنى قارشى ئالغىلى چىققانىدى. ئۇرۇق - تۇغقانلار مەھكەم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قېرىنداشلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھاياجان ياشلىرى توختىماي ئاقتى. جۇڭشەن شيۆزى

جوڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىدا ھايات قالغان تەلەيلىك كىشىلەرنىڭ بىرسىدۇر. جوڭگولۇقلار ئۇنى ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن ئۆز قوينىغا ئالدى. بېقىپ چوڭ قىلدى. شۇڭلاشقا جوڭشەن شىيوزى جوڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ ۋە يېڭى جوڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تارىخنىڭ ھەقىقىي گۇۋاھچىسى. . . ئۆز يۇرتىدىن بالا مەزگىلىدە چىقىپ كەتكەن بىر قىز مانا ئەمدى چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان مومايغا ئايلىنىپ دۆلىتىگە قەدەم باستى. بۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ قانداق؟ راست، بىر قارىسا بۇ بىر مەيدان ئويۇنغا ئوخشاپ قالىدۇ. تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئادەمنى ئەخمەق قىلىۋاتقىنىغا كىممۇ ئۆكۈنمىسۇن. . . جوڭشەن شىيوزى نەۋرە تۇغقانلىرى بىلەن بىرەر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

1945 - يىلى سىلەر ئۇچىڭلارنى جوڭگولۇقلارغا بېرىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتا - ئانىڭىز ئاچىڭىزنىڭ ھايات قېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنىمۇ جوڭگولۇقلارغا بېرىۋېتىپتۇ. ئۇلار ياپونىيىگە قايتىش سەپىرىدە دادىڭىز كېسەل بولۇپ شەرقىي شىمالدىلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ. ئانىڭىز بىلەن ئاكىڭىز ياپونىيىگە قايتىپ كېلەلىگەن بولسىمۇ، ئاكىڭىز 20 ياشقا كىرگەندە كېسەل بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئانىڭىز 1991 - يىلى قازا قىلدى. ئۇ كۆز يۇمۇش ئالدىدا ھەممىڭلارنىڭ ئىسمىنى توختىماي چاقىردى.

ئىست، جوڭشەن شىيوزىنىڭ ئانىسى 1991 - يىلىغىچە ھايات ياشاپ كەپتىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسى ۋە بىر قورساق قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئويلىمىغان چاغلىرى بولدىمۇ؟ ياق، ئۇلارنى ھەر مىنۇت دېگۈدەك ئەسلەپ تۇردى. جوڭشەن شىيوزى ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدەش ئۈچۈن ئون نەچچە يىللىق ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئېرىشكىنى مۇشۇنداق قايغۇلۇق جاۋاب بولدى. ئۇنىڭ باشقا قېرىنداشلىرى قەيەردە؟ ئۇ ئۇزاققىچە يىغلىدى. بۇ رەھىمسىز ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە ئىدى. . .

— سىزنىڭ ياپونىيىدىن ئايرىلغىنىڭىزغا ئەللىك نەچچە يىل بولسىمۇ يۇرتىڭىزنىڭ ئالمىسىنى ئۇنتۇپ قالماپسىز، بىز سىزگە ئاتايىتەن يۇرتىڭىزنىڭ ئالمىسىدىن ئالغاچ كەلدۇق، تېتىپ بېقىڭ.

جوڭشەن شىيوزىنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ئالما سويۇپ بەردى ھەمدە ئۇنى يۇرتى ئائوموري ناھىيىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى، بىراق جوڭشەن شىيوزى سالامەتلىكى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا ئۇلارنى ئاۋارە قىلماسلىقنى ئويلاپ ئۆزرىخاھلىق سورىدى. ئائوموري ناھىيىسى گەرچە ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا تۇپرىقى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئائوموري ناھىيىسىدە ئاتا - ئانىسى تۇگۇل، بىر قورساق ئاكا - ئاچىسىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاللىقاچان جوڭگولۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۆرپ - ئادەت، مىجەز، روھىي ھالەت، تۇرمۇش بۇلارمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئۇنىڭ يەنە جوڭگولۇقتىن بولغان ئۈچ ئوغلى بار. . . ئائوموري ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى (جوڭگودا ئۆلكە باشلىقى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مەنسەپ) مۇسۇن شۇنەن ئەپەندىمۇ ئاتايىتەن جوڭشەن شىيوزىنى قارشى ئالغىلى توكيوغا كەلدى ھەمدە 50 مىڭ يۈەن ياپونىيە يېنى ۋە بىر پارچە ھال سوراش خېتىنى ئۇنىڭغا بەردى.

«جوڭشەن شىيوزى خانىم، سىزنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى 52 يىل جەريانىدا بېشىڭىزغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان جاپالىق كۈنلەرنى يېڭىپ ئاخىرى ياپونىيىگە كېلىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنى تاپقانلىق خەۋىرىڭىزنى ئاڭلاپ، مەن ۋە پۈتۈن ئائوموري ناھىيىسىدىكى خەلقلەر چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمدۇق ھەم بەكمۇ خۇشال بولدۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا سىز يەتتە ياش ۋاقتىڭىزدا ئائىلىڭىزدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە جوڭگوغا بېرىپسىلەر. ياپونىيە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىڭىز سىزنىڭ ھايات قېلىشىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ باشقىلارغا بېرىۋېتىپتۇ. مېنىڭچە، ھەممىدىن خۇشال بولغىنى سىز ۋە پانىي دۇنياغا كەتكەن ئاتا - ئانىڭىز ۋە ئاكىڭىز بولسا كېرەك.

سىزنىڭ ياپونىيىدە تۇرىدىغان ۋاقتىڭىز 28 - ئۆكتەبىر توشىدىكەن. بۇ نېمىدېگەن قىسقا ۋاقىت - ھە! مەن ياپونىيىنىڭ بۇ ئالتۇن كۈز پەسلىدە قەلبىڭىزدە چوڭقۇر ئىزلارنىڭ قېلىشىنى، سالامىمنى جوڭگودىكى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. راست، يەنە بىر ئىش، ئاڭلىسام، سىز ياپونىيىگە قايتىپ كېلىپ ھاۋاسى ئىللىق جايدا ئولتۇراقلىشىشنى خالايدىكەنسىز. جوڭگوغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىز بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ، ئەگەر ياپونىيىگە قايتىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالسىڭىز، پۇرسەت بولسا بىزنىڭ ئائوموريغا كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزنى چىن قەلبىمدىن قارشى ئالىمەن. . . »

ئائوموري ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئېيتقاندەك، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىچىدە ئەڭ بەختلىكى راستىنلا جوڭشەن شىيوزىمۇ؟ ئۇنىڭ

ھازىر ھايات ياشاۋاتقان (بۇ تەرىپى ئېنىق ئەمەس) ئاچىسى، سىڭلىسى، ئىنىسى قەيەردە؟ ئۇلارمۇ جۇڭگو تۇپرىقىدا ياشاۋاتامدىغاندۇ. ئۇلار بۇنى بىلەمدىغاندۇ. ئېھتىمال جۇڭشەن شيۇزى قېرىنداشلىرىمنى تاپىمەن دەپ ئۆزىگە بەخت ئەمەس ئازاب قوشۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ جۇڭگو زېمىنىدا ئۆزى بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشەلەرمۇ، ھاياتى يار بېرەرمۇ؟ . . . جۇڭشەن شيۇزى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا باشقىلارغا بېرىۋېتىشىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندى. ئۆزىنى بېقىۋالغان جۇڭگولۇق ئاتا ـ ئانىسىغا كۆڭلىدە رەھمەت ئېيتتى. دادىسىمۇ، ئاكىسىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن يەردە، جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ئاشۇ چاغدىكى قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرىپ ھايات قېلىشىدىن ئېغىز ئېچىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ئائىلە پاجىئەسىنى 50 مىڭ يۈەن ياپونىيە يېنى، 50 مىليون يۈەنمۇ تولدۇرالمايتتى. بۇ پۇل ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇپ بېرەلمەيتتى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگودىن ئەپۇ سوراپ قالماستىن، ئۆز خەلقىدىنمۇ ئەپۇ سورىشى كېرەك ئىدى. جۇڭشەن شيۇزىغا تەسەللى بېرەلەيدىغىنى ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ تۇرمۇشقا چىقارغان جۇڭگولۇق ئاتا ـ ئانىسى، كۆيۈمچان ئېرى ۋە سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى ئىدى.

بۇ قېتىم جۇڭگودىن ياپونىيىگە تۇغقان ئىزدەپ كەلگەن 45 نەپەر يېتىم ـ يېسىرلاردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلىرى پەقەت جۇڭشەن شيۇزى بىلەن لەنجۇلۇق يەنە بىر ئايال بولدى.

**ئىلاۋە:**

1980 ـ يىلىدىن باشلاپ ياپونىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ يېقىندىن ماسلىشىشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، ئىككى دۆلەت بىرلىكتە قارار چىقىرىپ كۆپ قېتىم «جۇڭگودىكى ياپونىيىلىك يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ياپونىيىگە بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقان ئىزدەش پائالىيەتلىرى»نى تەشكىللىدى. نۇرغۇنلىغان ياپونىيىلىك يېتىم ـ يېسىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپتى. بىراق ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ياپونىيىگە بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەيدىغان يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتتى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تېپىشىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۆزئارا كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگودىكى ياپونىيىلىك يېتىم ـ يېسىرلار ياپونىيىگە بېرىپ ئۇرۇق ـ تۇغقان ئىزدەش پائالىيىتىنى ھەر يىلى بىر قېتىم تەشكىللەشنى قارار قىلدى.

1990 ـ يىلى تەشكىللىگەن 37 نەپەر يېتىم ـ يېسىردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 4 نەپەر.

1991 ـ يىلى تەشكىللىگەن 50 نەپەر يېتىم ـ يېسىردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 5 نەپەر.

1992 ـ يىلى تەشكىللىگەن 33 نەپەر يېتىم ـ يېسىردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 4 نەپەر.

1993 ـ يىلى تەشكىللىگەن 32 نەپەر يېتىم ـ يېسىردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 5 نەپەر.

1994 ـ يىلى تەشكىللىگەن 36 نەپەر يېتىم ـ يېسىردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 4 نەپەر.

1995 ـ يىلى تەشكىللىگەن 67 نەپەر يېتىم ـ يېسىردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 7 نەپەر.

1996 ـ يىلى تەشكىللىگەن 43 نەپەر يېتىم ـ يېسىردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 4 نەپەر.

1997 ـ يىلى تەشكىللىگەن 45 نەپەر يېتىم ـ يېسىردىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 2 نەپەر.

ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جۇڭگودا ياپونىيىلىك يېتىم ـ يېسىر دەپ ئىسپاتلانغان يېتىم ـ يېسىرلار 2069 نەپەر بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپالىغانلار 659 نەپەر. جۇڭگودىكى بۇ يېتىم ـ يېسىرلار ھەرگىزمۇ ئىگە ـ چاقىسىز، ئاچ ـ يالىڭاچ، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەر ئەمەس. ئۇلار ئۇرۇش ئاپىتىدىن مۇشۇنداق تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچار بولغانلار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جۇڭگودا ئائىلىسى، بالىلىرى بار. خېلى يۇقىرى ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. يەنە تېخى ئۆزىنىڭ ياپونىيىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ قانچىسى بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلار يەنىلا جۇڭگولۇقلاردۇر. چۈنكى ئۇلار نەپەسلەنگەن ھاۋا جۇڭگونىڭ ھاۋاسى، ئۇلار چوڭ بولغان مۇھىت جۇڭگوچە مۇھىت، ئۇلار يەنە جۇڭگوچە مەدەنىيەت، جۇڭگوچە ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەنگەن، ئۇلارنىڭ روھىدا جۇڭگوچە ئاڭ بار.

## «قۇملۇقتىكى ئاي»

جۇڭشەن شيۇزى ياپونىيىدە تۇرغان 16 كۈن جەريانىدا ئۇنىڭ ئەتراپىدىن مۇخبىرلارنىڭ ئايىغى بىر دەممۇ ئۈزۈلۈپ باقمىدى. «تاڭ قۇياشى»، «كۈندىلىك خەۋەرلەر» قاتارلىق چوڭ گېزىتلەرنىڭ 1 ـ بېتىدە تەڭ يېرىمىدىن كۆپرەك ئورۇن ئاجرىتىلىپ جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى تاپقانلىق خەۋىرى بەس ـ بەستە ئېلان قىلىندى.

1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ياپونىيىلىك بىر مۇخبىر جۇڭشەن شيۇزىنى زىيارەت قىلدى.

- سىز ياپون تىلىنى بىلەمسىز؟

- ۋاقىت بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. ياپون تىلىنى ئۇنتۇپ كەتتىم.

- ئۇنداقتا سىز ياپونچە ناخشا ئېيتالامسىز؟

- ياپونچە سۆزلىيەلمىگىنىم بىلەن ياپونچە ناخشىنى ئاز - تولا ئېيتالايمەن.

ياپونىيىگە ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدەپ بارغان 45 نەپەر يېتىم - يېسىر ئىچىدە پەقەت جۇڭشەن شيۇزىلا ياپونچە ناخشىنى، يەنى يېرىم ئەسىر بۇرۇن ئۆگىنىۋالغان ناخشىنى ئوقۇيالايتتى. ئۇ مۇخبىرغا ياپونىيە تېلېۋىزىيە تىياتىرى «گۇمانلىق قان» دىكى ئاساسلىق ناخشىنى ئوقۇپ بېردۋىدى، بىر موماي ھاياجانلانغان ھالدا:

- ياپونىيىدىن ئايرىلغىنى 50 نەچچە يىل بولۇپتۇ. مانا ئەمدى ياپونىيىگە قايتىپ كېلىپ ياپونچە ناخشا ئوقۇۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئىش ئەمەس، - دېدى.

- سىز ئۆزىڭىز ئوقۇغان ناخشىنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟

- مەن بۇ ناخشىنى بالىلىق مەزگىللىرىمدە ئۆگىنىۋالغان. بىراق ناخشىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەنمەن. ھەتتا ناخشا مەزمۇنىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

- سىز ئوقۇغان بۇ ناخشا، ياپونىيىنىڭ داڭلىق شائىرى جياتىڭ ئەپەندىنىڭ مەشھۇر شېئىرى «قۇملۇقتىكى ئاي».

جۇڭشەن شيۇزى ناخشىدا مەدھىيىلەنگەن يىپەك يولىدا يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ «قۇملۇقتىكى ئاي» غا ئوخشاپ قالغانىدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى جۇڭشەن شيۇزىنىڭ ناخشىسىنى پۈتۈن ياپونىيىگە تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو ئارقىلىق تارقاتتى. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە ياپونىيە جياتىڭ ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى ھەرخىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق خاتىرىلەۋاتاتتى. جياتىڭ ئەپەندىنىڭ يۇرتى جيەنيە ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە جياتىڭ ئەپەندىنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ خەۋەرنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلاندى، خۇشال بولدى، پەخىرلىك تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. ئۇلار دەرھال توكيوغا كېلىپ جۇڭشەن شيۇزى بىلەن كۆرۈشتى. جياتىڭ ئەپەندىنىڭ ئوغلى ھاياجانلانغان ھالدا جۇڭشەن شيۇزىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان دادىسىنىڭ شېئىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتتى ھەمدە جياتىڭ ئەپەندىنىڭ يىڭىدىن نەشر قىلىنغان «قۇملۇقتىكى ئاي» ناملىق رەسىملىك شېئىرلار توپلىمىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلدى. جياتىڭ ئەپەندىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا بىر دانە VCD ئاپپاراتى سوۋغا قىلىپ ھاياجانلانغان ھالدا:

- سىز ناخشىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئوقۇدىڭىز. قارىغاندا، سىز ناخشا ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغاندەك قىلىسىز. بۇ VCD ئاپپاراتىنى سىزگە سوۋغا قىلدىم. مۇزىكا ئاڭلارسىز، - دېدى.

شۇ كۈنى ياپونىيە گېزىتلىرى ۋە ھەرقايسى دۆلەتنىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق ئاخبارات ئورۇنلىرى ئەڭ تېز سۈرئەتتە بۇ خەۋەرنى تارقاتتى. «تاڭ قۇياشى خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ 1 - بېتىنىڭ باش ئىستونىغا «قۇملۇقتىكى ئاي - كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قۇملۇق» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىنىپ، قۇملۇق، ئاي، جۇڭشەن شيۇزى قاتارلىقلار سىمۋوللۇق ئۇسۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆزگىچە تونۇشتۇرۇلدى. 1997 - يىلى 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ياپونىيە ھۆكۈمىتى جۇڭگودىكى ياپونىيىلىك يېتىم - يېسىرلار جەمئىيىتى توكيودا بۇ قېتىم ياپونىيىگە ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدەپ كەلگەن يېتىم - يېسىرلارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزدى. ياپونىيىنىڭ سابىق ۋەزىرى تيەنجۇڭ جياۋرۇڭنىڭ قىزى، ياپونىيە ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزاسى تيەنجۇڭجىن چىزى خانىم تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

«مەن ئالدى بىلەن جۇڭگودىن ياپونىيىگە تۇغقان ئىزدەپ كەلگەن ياپونىيىلىك يېتىم - يېسىر ۋەتەنداشلىرىمنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. 25 يىلنىڭ ئالدىدا دادام جۇڭگو بىلەن دوستلۇق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكەندى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودا قالغان ۋەتەنداشلارنىڭ دۆلەتكە قايتىپ كېلىش ئىشى يەنە بىر بالداق ئىلگىرى سۈرۈلدى. مەن ھەر قېتىم تېلېۋىزور ۋە گېزىتلەردىن ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ئىزدەپ ياپونىيىگە كەلگەن ئەھۋالىڭلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن. بۇ جەھەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسىڭلارنىڭ دۆلىتىمىزگە تېزرەك قايتىپ كېلىشىڭلارنى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرشىڭلار ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىقىمنى كۆرسىتىمەن. . . »

جۇڭشەن شيۇزى تېلېگراممىنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تولىمۇ ھاياجانلاندى. كۆڭلىدە جياۋرۇڭ ئەپەندىنىڭ 25 يىل ئىلگىرى جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا ئالا-

ھىندە تۆھپە چىقارغانلىقىغا كۆڭلىدا رەھمەت ئېيتتى.

جۇڭشەن شيۇزى جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قوشنىلىرى، تونۇش - بىلىشلىرى جۇڭشەن شيۇزىنىڭ راستتىنلا ياپون قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ئۇ كىشىلەرگە چوڭقۇر قىلىپ:

- جۇڭگو بىلەن ياپونىيە ھەققىي دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بىراق مەن تارىختىكى تراگېدىيىنىڭ تەكرارلانماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدى.

**خاتىمە:**

تارىختىكى تراگېدىيىنىڭ تەكرارلىنىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىپ تەبىئەت دۇنياسىدىن پاك - پاكىز يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ياپون قىزى جۇڭشەن شيۇزى جۇڭگو تۇپرىقىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ سەمىمىي كۆيۈنۈشى ۋە ئىنسانىي مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ چوڭ بولدى. جۇڭگولۇق يىگىت بىلەن توي قىلىپ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئانىسى بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىدىكى دەرد - ئازابلىرىنى، سېغىنىشلىرىنى ھېچكىشىگە چاندۇرماي بارلىق مېھرى - مۇھەببىتىنى ئېرىگە، ئوغۇللىرىغا بېغىشلاپ ئۆزىگە ئېرى ۋە پەرزەنتلىرى ئارقىلىق تەسەللى ئىزدىدى. ئوغۇللىرىنى ياخشى تەربىيىلەپ ئۇلارنى قاتارغا قوشۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. ئۈچ ئوغلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. بۇ جۇڭشەن شيۇزى بىلەن ئېرى بۇ شيەنتەي ئۈچۈن تېخىمۇ شەرەپلىك ئىش ئىدى. جۇڭشەن شيۇزى گەرچە ئۈرۈمچى رايونىدا ياشاۋاتقىلى ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، ياپونىيىگە بارىدىغان مەزگىلدە ئۆتەيدىغان بەزى رەسمىيەتلەرگە ئۆزى قول قويمىسا بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىگە بارغاندا، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باغچىلىرىنى، سودا سارايلىرىنى، ئىشقىلىپ ھەممە تەرەققىياتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چوڭ سودا سارايلىرىدىكى پەشتاقلىق لېفىتلارغا چىقىپ «ئۈرۈمچى ياخشىكەن» دەپ ماختاپ كەتتى. مانا بۇ جۇڭگو - ياپونىيە ئۇرۇشىنىڭ تىرىك شاھىدى بولغان جۇڭشەن شيۇزىنىڭ تارىخى. ئۇنىڭ ئېرى بۇ شيەنتەي دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئىككىيلەننىڭ كۈنلىرى تېخىمۇ خۇشاللىقتا ئۆتمەكتە. ئەسلى ياپونىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 1994 - يىلى 10 - ئايدا چىقارغان قارارىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭشەن شيۇزى ئېرى بۇ شيەنتەي ۋە باشقا ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ياپونىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشسا تامامەن بولاتتى. ئەر - ئايال ئىككىيلەننىڭ تۇرمۇشى ۋە تۇرالغۇ ئۆي قاتارلىق بارلىق ئىشلىرىغا ياپونىيە تەرەپ مەسئۇل بولاتتى. ناۋادا، ئۇلار ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىشنى خالىمىسا، ئۇلار ھەر يىلى بىر قېتىم ياپونىيىدە ھەقسىز ساياھەت پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولاتتى. قايسى ۋاقىتتا بېرىشنى خالىسا ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە بولاتتى. لېكىن جۇڭشەن شيۇزى ھازىرچە بۇ ھەقتە ئېنىق قارارغا كەلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، جۇڭشەن شيۇزىنىڭ بۇ ھەقتە ئېنىق بىر قارارغا كېلىشىمۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئەللىك نەچچە يىللىق ھاياتىنى جۇڭگو زېمىنىدا ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بار، نەۋرىلىرى بار. ئۇنىڭدىمۇ دۇنيادىكى بارلىق ئانىلاردا بار بولغان بۈيۈك ئانىلىق مېھرى بار. دېمەك ئۇ جۇڭگونى سۆيىدۇ. جۇڭگولۇقنىڭ پۇشتىدىن بولغان پەرزەنتلىرىنى سۆيىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى جۇڭگودا. ئۇ شىنجاڭنى سۆيىدۇ. پولات شەھىرىنى سۆيىدۇ. ياپونىيە شائىرى جياتىڭ ئەپەندىنىڭ «قۇملۇقتىكى ئاي» ناملىق شېئىرىدا مەدھىيىلەنگەن تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئۇ كېتىۋاتقان كارۋان تۆگىلىرىنىڭ بوينىغا ئېسىلغان قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان. ئاشۇ «قۇملۇقتىكى ئاي»نى كۆرگەن. ئېھتىمال، ئۇ بۇ قۇملۇقتىكى بوستانلىقلارنىڭ بىرسىگە ئۆز يۇرتى ياپونىيىلىك بىر «ئاي»نىڭ كېلىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان بولغىيتتى. جۇڭشەن شيۇزى بۇ زېمىندىن رازى. شۇڭلاشقا ئۇ مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

- ياپونىيىدىكى ئاتا - ئانام مېنى پانىي ئالەمگە ئاپىرىدە قىلغان بولسا، جۇڭگودىكى ئاتا - ئانام مېنى بېقىپ چوڭ قىلدى. مەن ئۇلارنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

شۇنداق، جۇڭگولۇقلار جۇڭشەن شيۇزىدەك نەچچە مىڭلىغان ياپونىيىلىك يېتىم - يېسىرلارنى ئۆزىنىڭ ئىللىق قوينىغا ئېلىپ، بېقىپ قاتارغا قوشۇپ، جۇڭگولۇقلار يۈرىكىنىڭ نەقەدەر مېھرى - مۇھەببەتكە باي ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ نۇرلۇق، يارقىن مەشئىلىنى ياپونىيە خەلقىنىڭ قەلبىدە ياندۇردى. تىنچلىقنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ تىنچلىققا موھتاج ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. مانا بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈرىكى، مانا بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ روھى...

# شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىت گۈزەللىكى

(ماقالە)

دولقۇن ئەلى

— شائىر نەيىم يۇسۇپنىڭ نېفىتلىكتىكى ئىجادىيەت مۇساپىسىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

مەنىۋى مۇھىت گۈزەللىكى ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ بىر تۈرى، ئۇ شېئىرىيەتتە ئىجادىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىردىكى ئوبرازلار مەنىۋى مۇھىتتا تويۇنغان بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كارتىنىلىرى شۇ ئەسەرنىڭ مەنىۋى مۇھىتىنى شەكىللەندۇرىدۇ. يازغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى بىلەن ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ زىچ بىرلىشىشى مەنىۋى مۇھىتقا زېمىن ھازىرلايدۇ.

شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىت ـ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللىنىدىغان بىر خىل بەدىئىي دائىرە. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىت ھېسسىيات ۋە مەنزىرىدىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. شائىر نەيىم يۇسۇپنىڭ شېئىرلىرى مۇشۇ خىل ئامىللارغا تويۇنغان بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزگىچە ھېسسىياتقا ئىگە قىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ئاددىيلىق ئىچىدىكى چوڭقۇرلۇقنى ۋە چوڭقۇرلۇق ئىچىدىكى ئىجتىمائىي گۈزەللىكنى بايقايمىز.

. . . . . .

كۆكتە تولۇن ئاي، ئاينى چۆرىدەپ،
بىھېساب يۇلتۇز بەزمە قۇرۇشقان.
قىز ۋە يىگىتكە ھېرىسمەن بولۇپ،
يەرگىمۇ سانسىز يۇلتۇز قونۇشقان.
. . . . .



يىگىت چەۋەنداز ـ ئۇنىڭ ئىسمى نۇر،
قۇدۇق قېزىشتا يىگىتلەرگە باش.
قىز نېفىت ئېلىش ئىشچىسى ـ چولپان،
ھۆسنى تولۇن ئاي، قاۋۇل ـ قەلەمقاش.
. . .
بۇلتۇر مۇشۇ پەيت دېگەنتى چولپان:
«توي قەرەلىنى ئۇزارتساق بىر يىل.
بىر ‹ئۆلۈك› نېفىت قۇدۇقىنى مەن
تىرىلدۇرمەككە باشلىدىم تەھلىل.
. . .
جان بېرىپ ئاشۇ ئۆلگەن قۇدۇققا،
ئۆز تويىمىزغا قىلايلى سوۋغا. . .»
. . .
چۆمۈلگەن كۈمۈش نۇرغا قاراماي،
ئەتراپ چىرايلىق، بىغۇبار نۇرلۇق.
نېفىت شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئۆسكەن،
قىز ـ يىگىت دىلى ئاندىنمۇ يورۇق.

شائىر نەيىم يۇسۇپنىڭ «نۇر بىلەن چولپان»ناملىق بۇ شېئىردا ئەكس ئەتتۈرگىنى يالغۇز ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتى بولماستىن، بەلكى جەڭگىۋار ياشلارنىڭ پۈتكۈل نېفىتلىككە بولغان مۇھەببىتى، ئانا تۇپراقنىڭ گۈزەل كەلگۈسىگە بولغان مۇھەببىتىدۇر. نۇر بىلەن چولپاننىڭ بىرلىشىشى روھ بىلەن روھنىڭ بىرلىشىشى، يېڭى ھاياتنىي كۈچنىڭ ئۆزگىچە مەنىۋى تۇپراقتا چوڭقۇر يىلتىز تارتىشى، ئېستېتىك گۈزەللىكنىڭ يارقىن جىلۋىلىنىشىدۇر. شائىر نەيىم يۇسۇپنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئاددەتتىكى روھى بولۇپ قالماستىن،

بەلكى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن، ئىستىقبال ئۈچۈن ئالغا ئىنتىلىش روھى، ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى نېفىتلىككە بېغىشلاشتەك ئۇلۇغ قوربان بېرىش روھى!

شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىت گۈزەللىكى — شائىرلارنىڭ قەلب گۈزەللىكى، ھېسسىيات گۈزەللىكى، ئەقىل، ئىقتىدار گۈزەللىكى، مۇناسىۋەت گۈزەللىكى قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولىدۇ. بۇ مەزمۇنلار ئىندىۋىدۇئال خاراكتېر گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شېئىردىكى مەنىۋى گۈزەللىك ماھىيەتتە شائىرنىڭ خاراكتېر گۈزەللىكىدىن ئىبارەت. چۈنكى خاراكتېر ئىنساننىڭ تۈپكى مەنىۋى ئالامەتلىرىنىڭ جەمئىيسى. ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىسى ۋە قىممىتىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى، شۇنداقلا ھەر بىر كىشىنىڭ كىشىلىك قارىشى، پەزىلەت، ھېسسىيات، ئەقىل - ئىقتىدار، ئىرادە ۋە ھەرىكەت جەھەتتىكى مۇقىملاشقان پوزىتسىيە سىستېمىسىدىن ئىبارەت.

شېئىردىكى مەنىۋى مۇھىت دەۋرىيلىككە ۋە يازغۇچىنىڭ خاسلىقىغا ئىگە بولىدۇ. تۇرمۇش ھادىسىلىرى خىلمۇ خىل، رەڭگا رەڭ، مول بولغانلىقتىن، بەدىئىي مۇھىت دائىرىسىمۇ چەكسىزلىككە، كۆپ خىللىققا ئىگە بولىدۇ. بىز شائىر نەيىم يۈسۈپنىڭ شېئىرلىرىدىن، بولۇپمۇ «ۋىجدان بۇيرۇقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى شېئىرلاردىن بەدىئىي مۇھىتنىڭ چوڭقۇر ھەم ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. شائىر ئۆزىنىڭ قەلىمى ئارقىلىق مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ناتونۇش بولغان نېفىتلىك ساھەسىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى، مەنىۋى گۈزەللىكىنى ئۆز شېئىرلىرىدا ماھىرلىق بىلەن چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەردى. نېمە ئۈچۈن نەيىم يۈسۈپنىڭ شېئىرىدا نېفىتلىكنىڭ مەنزىرىسى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئوبرازى شۇنچىلىك كونكرېت، شۇنچىلىك چىن ئىپادىلىنىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇنى ئۇنىڭ پۈتكۈل زېھنىي كۈچىنى نېفىتلىككە بېغىشلاپ، نېفىتلىككە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

شائىر نەيىم يۈسۈپ نېفىت ساھەسىدە توپتوغرا 40 يىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ جاپالىق مۇساپىسىنى، خۇشاللىق ۋە ئازابلىق مىنۇتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن. نېفىتلىكنىڭ ھەر بىر تال گىياھى، ھەر بىر سىقىم توپىسى ئۇنىڭغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ تومۇرى بىلەن تومۇرداش، تىنىقى بىلەن تىنىقداش بولغان. ئۇ نېفىتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا، روھىي قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار روھىنى، كۆرەشچان ئىرادىسىنى مەنىۋى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ئىپادىلەشكە تىرىشقان. شۇڭا بىز شائىر نەيىم يۈسۈپنىڭ «ۋىجدان بۇيرۇقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن نېفىتلىكتىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى، گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى، مەنىۋى دۇنياسىنى كۆرۈۋالايمىز، نېفىتلىك تۇرمۇشىنىڭ تەمىنى تېتىيالايمىز.

. . .   . . .

تۈنۈگۈنكى يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاقلىقتا،
بۈگۈن ئورمان يېشىل بوستان يەلپۈنىدۇ.
تۈندە مىليون سىمچىراغلار نۇر سەپكەندە،
كۆكتىكى ئاي، يۇلتۇزلارمۇ تەلپۈنىدۇ.

سېلىم بوۋاي كەپە قۇرغان ساي - ئېدىردا،
قەد كۆتۈرگەن ئېگىز قەۋەت بىنا رەت - رەت.
بوۋاي قاپقان قۇرغان ئاشۇ ئېتەكلەردە،
بوغۇنلارغا ئاچقان قۇچاق يەسلى - مەكتەپ.

. . .   . . .

يۇرسە قىزلار پەرۋانە بوپ مايبۇلاققا،
ۋىشكىلاردىن يىگىتلەر كۆز تاشلىشىدۇ.
ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشىپ دىلرەبالار،
كۆز قىسىشىپ شوخ ناخشىلار باشلىشىدۇ.

ناخشا - كۈلكە ئەمگەك بىلەن قارامايدا،
قىلار داۋام گۈل ئۈستىگە گۈل تىكىشلەر.
كەچتە ۋىسال تويلىرىغا كېتەر باشلاپ،
ناخشا بىلەن دېرىزىنى شوخ چېكىشلەر . . .

. . .   . . .

شائىر نەيىم يۈسۈپنىڭ «قاراماي مەنزىرىلىرى» ناملىق شېئىرىدىكى بۇ تەسۋىرلەردىن ناھايىتى يەڭگىل تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە تېپىك سانائەت مەنزىرىسى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. شېئىردا

يارىتىلغان باھار شامىلىدەك ساپ مەنىۋى مۇھىت دىل تارىمىزنى چېكىدۇ. بۇ شېئىردا تەبىئەت گۈزەللىكى بىلەن ئىجتىمائىي مەنىۋى گۈزەللىك ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئۆزگىچە شېئىرىي ئوبراز گۈزەللىكىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە شېئىرنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي مەنىۋى قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

شېئىر ئىجادىيىتىدە مەنىۋى مۇھىتنىڭ مەزمۇنلىرى بولغان «ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىككە تەڭ ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئىدىيە، پىكىر شېئىرنىڭ جېنى، بەدىئىيلىك بىر جۈپ قانىتى، بىر پارچە شېئىرنىڭ ئىدىيىسى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، بەدىئىيلىكى بولمىسا قاناتسىز شۇڭقار كۆكتە پەرۋاز قىلالمىغاندەك، بەدىئىيلىكى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئىدىيىسى، پىكرى ياخشى بولمىسا، خۇددى ئۆلۈك شۇڭقار ئەخلەت چاۋالار ئارىسىدا ياتقاندەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ - دە، ئاپتور كۈتكەن مەقسەتكە يېتەلمەيدۇ» دەيدۇ شائىر نەيىم يۈسۈپ.

دەرۋەقە شۇنداق. مەنىۋى ساپلىق بولمىسا، جەزبىدار مەنىۋى گۈزەللىك بولمايدۇ، مەنىۋى گۈزەللىك بولمىسا مەنىۋى قىممەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەتمۇ بولمايدۇ.

شائىر نەيىم يۈسۈپ ئىجادىيەت ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شېئىرىي ئىجادىيەت باشقا ئىجادىي ئەمگەكلەرگە ئوخشاشلا جاپالىق ئەمگەك، ھەر بىر كۈپلېت شېئىر ئۈچۈنمۇ ئاپتور نۇرغۇن زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىدۇ. دېمەك شېئىر يازماق تەس، ياخشى شېئىر يازماق تېخىمۇ تەس. شۇ سەۋەبتىن شائىر بولماقمۇ ئاسان ئەمەس. مېنىڭچە، شېئىر يازغان ئادەمنىڭ ھەممىسى شائىر ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ. مەن شېئىرىيەتكە ھەۋەس بىلەن كىرگەن، ھېلىمۇ قىزغىن ھەۋەس قىلىمەن، ئەزەلدىن ئۆزۈمنى شائىر دەپ ئاتاشنى راۋا كۆرمەيمەن، بۈرۈنمۇ، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۆزۈمنى ھەۋەسكار ھېسابلايمەن. ئۆمرۈمدە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك، كەلگۈسى ئەۋلادلار تىلغا ئېلىپ ياد ئەتكۈدەك بىر ياكى بىرقانچە شېئىر يازالىسام، ئۆزۈمنى بەختلىك ھەۋەسكار ھېسابلايتتىم».

يالقۇنتاغنىڭ ئېتىكىدە تۇغۇلساممۇ،
قاراماينى دەيمەن مېنىڭ ئەسلى يۇرتۇم.
يېلىنجايدۇ يۈرىكىمدە گۈلخان بولۇپ،
نېفىت شەھىرى - قارامايغا ئىشقىي ئوتۇم.

. . . . . .

سۆيگۈسىنىڭ يىلتىزى بار يۈرىكىمدە،
مېھرى ئاتەش ھۆسنى كۆركەم بۇ دىيارنىڭ.

. . . . . .

ئۆتتى ئۇندا ئالتۇن پەسلىم - ياشلىق چېغىم،
ئۆتتى قوغلاپ بىر - بىرىنى يازۇ - قىشلار.
نەقىش بولۇپ قالدى ئوتلۇق يۈرىكىمدە،
مېنى تۇنجى شاد ئەيلىگەن سۆيگۈ - ھېسلار.

. . . . . .

شائىر نەيىم يۈسۈپ نېفىتلىكنى سۆيدى، نېفىتلىكنى قەدىرلىدى. شۇڭا نېفىتلىكنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرەلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدى، ئۆزىنى سۆيدى، نېفىتلىكنى، نېفىتلىكنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تېخىمۇ بەك سۆيدى. ئۇ ئۆزىگە كەڭ قۇچاق ئېچىش بىلەن بىرگە، نېفىتلىكنىڭ ئىجتىمائىي دەۋرلىرىگە تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئاچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى، مەنىۋىيىتىدىكى پۈتكۈل جەڭگىۋارلىق ۋە بۈيۈكلۈكنى نېفىتلىك ئىشچىلىرىنىڭ قەلب ساداسى، روھىي دۇنياسى بىلەن بىرلەشتۈرەلىدى. ئۇ ئۆزىگە قويغان قاتتىق تەلەپ ۋە كەمتەرلىكىنى ئۆز شېئىرىنىڭ مەنىۋى مۇھىتىغا سىڭدۈردى. ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى گۈزەللىكنى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق قايتا يۇغۇرۇپ شېئىرىي گۈزەللىك شەكلىدە خەلققە تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ 40 يىللىق ئىجادىيەت مۇساپىسى داۋامىدا كۆرسەتكەن ئەجرى، ئاققۇزغان تەرى بىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىمىزغا ئەتىرگۈلدەك خۇش پۇراق چاچتى ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چاچقۇسى.

# دالىدىكى سەيياھ

ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم



مەن 1976 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلدۇم. مېنى شېئىردەك ياشايدىغان كىشىلەر ئۆستۈردى. ئۇلارنىڭ تىنىقلىرىدىنمۇ شېئىر پۇرىدىم.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخ پەنلىرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئىككى يىلدىن بۇيان ھاياجان ۋە ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتىمەن. بۇ گۈزەل، ئالىپتە شەھەر مېنى يۈكسەك مۇھەببەت ۋە چوڭقۇر تەنھالىقتا كۈتۈۋالدى. بىپەرۋا، سادىدا تۇيغۇم رېئاللىقنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. بۇ جايدا قوللىرىم قاتتىق ئالقانلاردا سىقىلمىدى. كۆتۈرەڭگۈ كىشىلەرنىڭ توپا - تۇزان ئىچىدىكى تىنىمسىز سىماسىنى، ئايدىڭ كېچىلەردىكى سىرلىق پاراڭلىرىنى سېغىندىم. ۋۇجۇدۇمغا تىنىپ كەتكەن تەگسىز ھاياجانلارنى يوچۇن شەھەر بەتلىرىگە 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە بىرقانچە ھېكايە قىلىپ تىزدىم. بۇنىڭلىق بىلەن سىقىلغان روھىم پۇخادىن چىقىپ بولالمىدى. قىسقا ئارىلىقتا تۇغۇلۇپ ئاياغلىشىدىغان شېئىرىي ھاياجانىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆز نۆۋىتىدە قەلىمىم چىقالمايدىكەن ئەمەسمۇ!

## مەن ئۆلۈمنى قىلدىم تەسەۋۋۇر

چىقىپ كېتىپ كەڭ داللارغا،
مەن ئۆلۈمنى قىلدىم تەسەۋۋۇر.
ئايلانماقتا تۈن دەرەخلىرى،
ئۈچۈپ يۈرگەن غۇر - غۇر شامالغا.

قوللىرىمغا قوندۇرۇپ بىر قۇش،
سۆزلەپ بەردىم بەخت ھەققىدە.
قۇشقاچلارنىڭ يۇمران تىلىدا،
چۈشەندۈرسەم ئەجەب ئاسان - ھە.

قوللىرىمنى سوزسام مۇبادا،
يۇلتۇز ئوينار ئالقانلىرىمدا.
كۆزلىرىمنى تىكسەم ساماغا،
ئايلىنىمەن سىم - سىم يامغۇرغا.

مۇشۇ ئوتلاق مېنىڭ ۋەتىنىم،
كىچىك ئېرىق، بۇلاق سۇ، چىمەن.
ئوغلاقلارنىڭ قاتارىدا مەن،
ئوتلاقلارغا بىللە كېتىمەن.

بىر كېپىنەك قوندى بېشىمغا،
قانىتىغا چىقتىم ئاستىلا.
پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىدا،
ئۇچۇپ كەتتىم يىراق - يىراققا.

ئايلاندىم مەن قاراڭغۇلۇققا،
ئايلاندىم مەن نۇرلۇق يۇلتۇزغا.
شۇ چۆچەكچى دەل - دەرەخلىرىم،
خەزىنىسىنى كۆرسەتتى ماڭا.

مەن ئۆلۈمنى قىلدىم تەسەۋۋۇر،
چىمەنلىكتە ئۇخلاپ جىمىدە.
بەندىلىكنىڭ تاشلاپ تونىنى،
ئېھ، ئايلىنىپ قالدىم ھېچكىمگە.

## سەن كەلمىدىڭ

تاقىتىم قالمىدى كۈتۈشكە يەنە،
شۇندىمۇ كۈتىمەن سېنى يۈز ئەسىر.
ئېھ، سېنىڭ بارلىقىڭ ئۆمرۈمدىن دېرەك،
ئاھ، مېنىڭ يوقلۇقۇم بولسۇن بەرىبىر.

ئالدىڭغا بارماققا جۈرئەت يوق مەندە،
كەپتەردەك كەلسەڭ ھەم تۇرغىدەك يوق جان.
تېنىمنى باسار قار، روھىناتنى قىش،
سەن كۆڭۈل ئۆيۈمگە بولمىساڭ مېھمان.

سېغىندىم ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى،
سېغىندىم ئۆلۈمنى كۈتكەندەك روھىم.
بوسۇغىدا يۈزمىڭ خىل ئاياغ تىۋىشى،
دەسسىلەر ھەرقەدەم مېنىڭ يۈرىكىم.

---

① شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئاتالغان سەھىپە.

شىۋىرلار ئانا يەر قۇلاق تۇۋىمىدە،
«دالىدا ئاپئاق قار، قەلبىمدە باھار.»
مەقسەتسىز، ئارمانسىز، ئىزسىز، زۇۋانسىز،
«ئەسسالام!» ۋەتىنىم دەپ سۆيگەن دىلدار!...

ۋادەرىخ، كۇتۇشكە ئەمدى يوق تاقەت،
ۋۇجۇدۇم ئوت ئالدى، لاۋۇلدايدۇ قىش.
شۇ سەۋەب ئۆگەندىم سوكۇت قىلىشنى،
يول يۇردۇم ھەتتاكى چىقارماي تىۋىش.

ھەسرىتا، كەلمىدىڭ يازدىم بىر شېئىر،
ھەسرىتا، كەلمىدىڭ قالدى ئورنۇم بوش.
كۇتەرمەن ئىشىكنىڭ چېكىلىشىنى،
ئاھ، جېنىم كەلسەڭچۇ بولۇپ كىچىك قۇش.

## تەڭگە قارشى

سېغىنمايتتى بۇنچە ئەزەلدىن،
سىقىلمايتتى ھېلىدىن - ھېلى.
تولغىنىشقا باشلىدىم ئەنسىز،
قېنىم تەڭگە سېغىمىغانسېرى.

خالىمىدىم... قالاي ئۆتۈنۈپ،
ئىشىكىمنىڭ چېكىلىشىنى.
ھېلى تېخى چۈشكەندەك كۆكتىن،
ئۇستۇمگە نۇر سېپىلىشىنى.

ئۆزۈم ئۇچۇن ياشىغان بولسام،
قونماسمىدى قولۇمغا يۇلتۇز.
ئاھ، سىلەرنى دېمىسەم دوستلار،
قېپيالىغاچ يۇرەتتىم يالغۇز.

بۇ ئوشۇقتىن - ئوشۇقتۇر ماڭا،
كېلىشىڭنى سېغىنغىنىم يار.
ئۆتۈپ كەتتى يېگىرمە بىر يىل،
سۆيمىدىم گۇل، سېغىنمىدىم قار.

مەن پەسىلسىز يىللار قوينىدا،
تېڭىرقىدىم بىر تال قۇرتتەك.
يالغۇز ئىدىم ئەزەلدىن دوستلار،
ياشاپ يۇردۇم يەنە ھېچكىمدەك.

ئاستا چىقتىم باغرىمنى سىلاپ،
يىراق ئىكەن تېنىمدىن - تېنىم.
چاچراپ چىقىپ ئاقار شارقىراپ،
ۋۇجۇدۇمغا سىغمىغان قېنىم.

ئوقۇپ بولۇپ يىرتىپ تاشلىدىم،
يەكشەنبىلىك شېئىرلىرىمنى.
كەتتىم ئاستا تېنىمنى تاشلاپ،
ھېس قىلمىدىم يالغۇزلۇقۇمنى.

ئېھ، ئازابقا بويسۇنمىغان دىل،
ئەتتىم سانجىپ زېمىننى كاۋاپ.
دۆلىتىمدە بىرلا پۇقرا بار،
دېگەن خانىش ئۆلدى ئالدىراپ.

بۇنچە ئەنسىز بولمايتتى يۇرەك،
توپۇپ كەتتىم شۇنداق يۇرەكتىن.
ئۆزۈم ئۇچۇن ياشايتتىم دوستلار،
ئاھ، تۇغۇلغان بولسام بۆلەكتىن.

## نۇرلۇق دېرىزەم

مەن باغلاندىم ئەسلىمىلەرگە،
سوغۇق بىر نۇر ئۇچۇپ كىرگەندە.
مەن قايتتىم ئەكس سادادىن،
ئېلاستىكىلىق نۇر قوڭغۇرىقى
جاراڭلىدى قۇلاق تۇۋىمىدە،
شۇنچە شېرىن ئىرسىيەتلىك قان.
ئېقىپ كىرگەندە كۆڭلۇمگە
سېنىڭ ئىسمىڭ پۇتۇلدى
ھەم يېزىلدى ئۆكسۇشلىرىمگە.
ئۆسۈشلىرىم چىچەكلىگەن قان،
ئەرنىڭ قېنى قارا، قىزىل رەڭ.

يىرىم يولدىن قايتقىن سەيياھ،
بۇ كوچىنىڭ ئاخىرى ئۇزاق.
ئۆلسەڭ يەنە تىرىلسەڭ قايتا،
دوست - دۇشمەنلەر بولۇر پاتپاراق.
قايتىپ كەتكىن، قايتىپ كەت سەيياھ!
قايت ئۇمىدسىز، قايتقىن يۈگەنسىز.
سەن نىشانغا يەتمىگەن بىلەن،
يەنە سېنى ئەسلەپ تۇرىمىز...

يارقىراق نۇر - ۋەتەننىڭ نۇرى،
ئېرىپ كېتەر جىسمىڭ تەخىرسىز.
چېچەكلەيدۇ بىر غېرىچ زېمىن،
شۇ زېمىندا قالار ئىزىڭىز...
ئۆستۇرىمىز قولدا يەپىلەپ،
كۆسەي بولۇپ قۇرۇپ كېتەر قول.
شاخلىرىدا سايرايمىز تىنماي،
سەھەرلىرى قان قۇسار بولۇر.
ۋەتەن دېگەن ئەجەب ئۇزۇن سۆز،
بېتەلمىدىم يۇگۇرۇپ ھەتتا.
ۋەتەن دېگەن ئەجەب ئۇلۇغ سۆز،
تېگەشمىدىم ئالەمگە، ساڭا.

ۋەتەن - ۋەتەن بەكمۇ ئېغىر سۆز،
كۆتۈرەلمەس تۇپراقمۇ ھەتتا.
مۇكچىيىدۇ ئاتىلار يۇدۇپ،
ئات قىپ مىنەر ئۇششاق باللار.

قۇرۇپ كەتكەن ئېرىقلارغا سۇ،
باشلاپ كېلەر ۋەتەن دېگەن سۆز.
شۇ ئېرىقنىڭ جىمى سۇيىنى،
يۇتۇۋالار بىر جۇپ قارا كۆز .

سەھەرلىرى چىققان چېچەكلەپ،
ئېھ، قۇياشنىڭ قان رەڭ چىرايى.
مۇڭ تۆكىدۇ نۇرلۇق دېرىزە،
بوشلۇق ئارا لەيلەر خىيالى. . .

# ئىككى شېئىر

كەنجى خۇمارجان

## سەرسان قۇش

روھىمنىڭ كۆكىدە «ئۇچار تەخسە» سەن،
ئەگىيسەن، قەلبىمگە قونمايسەن بىراق.
ئارمىنىز چامدامىمۇ كەلمىگەن بىلەن،
ئاھ، مېنى سۆيۈشتىن يىراقسەن، يىراق.

لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەن ۋاقىتنىڭ ،
يۈرۈيمەن بۇ يەردە گەردىشى بولۇپ.
يۈرەكلەر چاڭقاشتىن چاك - چاك كەتسىمۇ،
چاناقلار تۇرىدۇ كۆز ياشقا تولۇپ.

كېچىلەر قوينىدىن ئىزدەپ باشپاناھ،
چىگرىسىز سامادا ئۇچماقتا بىر قۇش.
ئاھ، نىسىپ بولارمۇ بەختباش ئامرىقىم،
يۈرىكىڭ قېتىغا بەختلىك قونۇش.

## مەن ئۆزۈمنى ئىزدەپ تاپقان كۈن

ساپان قىلىپ ساختىنا جىلۋەڭنى،
يۈرىكىمگە تېرىدىڭ ھەسرەت.
بارچە يوللار ئېتىلىپ بىر - بىر،
ئۈنتۈش يولى قېپقالدى پەقەت.

ئاشۇ يولغا ماڭدىم ئامالسىز،
باستى مېنى بويتاقلىق يۈكى.
بۇ دۇنيادا ياشاش ئېھتىمال،
بىر ئۆمۈرلۈك قورساق كۆپۈكى.

كىملەرگىدۇر ئېسىلىپ بۇ دەم،
كېلەر ئۇزاق - ئۇزاق يىغلىغۇم.
مەن ئۆزۈمنى ئىزدەپ تاپقان كۈن،
تەڭرى مېنى سۆيىدۇ چوقۇم.

# ئىككى شېئىر

مۇشتاق كامال

## سېنتەبىر كۈيى

بىر سېزىم يوقىتار ساددا قەلبىمنى،
ئۆرتىنەر يۈرىكىم سېغىنىش بىلەن.
لىپمۇ - لىق تولىدۇ كۆزلىرىمگە ياش،
شۇ ھالدا مەن شائىر، ياكى بىر دەردمەن.

كېچىسى يازىمەن سۆيگۈ مەكتۇبى،
قېنىمنى ئىچكۈزۈپ تەنھا قەلەمگە.
ھىجراننىڭ تاغلىرى باسار يەلكەمنى،
سۈكۈت خەنجىرىنى سانجىپ قەلبىمگە.

مەست بولۇپ بارىمەن ھېلىقى جايغا،
سۆزلەيمەن ھەممىنى يۇلتۇزلىرىمغا.
تەسەۋۋۇر قىلىمەن تىلسىم كۆزۈڭنى،
ئوخشىتىپ دىلىمغا سىڭگەن شېئىرغا.

ئايلىنار ئۈستۈمدە مېھرىبان بىر قۇش،
ۋە دەردلىك سايرايدۇ مېنىڭ ئالدىمدا.
ئۆزئارا بەزلەيمىز بىر - بىرىمىزنى،
ئەتىلا ئۆلۈشكە تەيياردەك گويا.

## قىزنىڭ كۆزى

چاندۇرسەن مېنى ھەتتا ئۆزۈمدىن،
سارالڭ قىلىپ، كۈلەر چاغدا كۇلدۇرمەي.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرسەن تەپتىڭدە،
دەرد سالىسەن ئاغرىغاننى سەزدۈرمەي.

ئەركىم مەندە ئەمەس ئەسلا دىلبىرىم،
باغلاقلىقمەن قىل ئارقاندا قاتمۇ - قات.


مەن بىلمەيمەن سەندە چەكسىز سېھىر بار،
شۇڭا نۇرۇڭ يېگىتلەرگە بىر قانات.

يىراق جايدىن بىر كۈن پارلاپ كېلىسەن،
ئارمان گۈلۈم كېتەر شۇئان پورەكلەپ.
ئىللىق نۇرۇڭ ئەپكىلىدۇ مەن ئۈچۈن،
كەلگۈسىمگە بېغىشلانغان مۇھەببەت.

# جەننەتكە تۇتاشقان دەريا

(ھېكايە)

### ئەمەتجان مۇھەممەت



ئەمەتجان مۇھەممەت 1975 - يىلى كورلا شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىغاندىن كېيىن 1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان.
ئەمەتجاننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئالىي مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا «يول»، «يىراقتىكى ئورمان»، «ياشارغان تۆت قولاق» قاتارلىق 10 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «يىراقتىكى ئورمان» ناملىق ھېكايىسى 1997 - يىلى «بوستان» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «تەكلىمان روھى» تېمىسىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

ئۇ ئاخىرى قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئاچلىق، ھارغىنلىق ئۇنى مادارىدىن كەتكۈزگەن. ئەستە يۆتكەۋاتقان ئاياغلىرىدىن، چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرىدىن سۇيۇقلۇق تامچىپ تۇراتتى.

ئەتراپ قاراڭغۇ، كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغان ھىلال ئاي ئۇنىڭ قەلبىدەك نۇرسىز ۋە ئەلەملىك ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتىن غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان تونۇش چىراي، ئوتلۇق كۆزلەر ئەمدى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىۋاتقاندەك...

ئەنە ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. كۆزلىرى غەزەپلىك چاقنىدى. ئىككى تامچە ياش زىناقلىرىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى. ئۇ تالاي قېتىم مۇھەببەت شارابىنى ئىچكەن ئەتىرگۈل بەرگىدەك چىرايلىق لەۋلىرى چىڭ ھىمىرىلدى. ئاندىن جاۋغىيىدىن قىزىل سۇيۇقلۇق تامچىشقا باشلىدى. قان، پۈتكۈل ئەتراپ قان رەڭگىدە قىزاردى.

ئۇ بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە تىزلىنىپ قالدى...

ئۆلۈۋالايلى، ئۇلار ئاخىر شۇنداق قارارغا كېلىشكەنىدى. بۇ ئامالنى ئۇ ئويلاپ تاپقانىدى. تولۇنئاي ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن. قاياقتىندۇر چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى بىلەن پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ تۇنجى سۆيگۈسىگە گۇۋاھ بولغان ئانا دەريا ئۈنسىز ئاستا ئاقاتتى. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى. نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى.

— شۇنداق قىلىپ تاھىر بىلەن قارا باتۇر ئېلىشىپتۇ. ئېلىشا - ئېلىشا ئاخىر تاھىر قارا باتۇرنىڭ قىلىچى ئاستىدا جان ئۈزۈپتۇ. زۆھرە ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ.

— مۇشۇ دەرياغىمۇ؟

— ھەئە.

- ئاندىن نېمە بوپتۇ؟
- زۆھرەمۇ ئۆلۈپتۇ.
- زۆھرە سۇ ئۈزۈشنى بىلمەمدىكەن؟
- بىلىدىكەن. ئەمما ئۇنداق قىلماپتۇ. پاك مۇھەببىتىنى تاھىرغا بېغىشلاش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىپتۇ.

قىز جىمىپ قالدى. يىگىت قىزنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ سورىدى:

- نېمىنى ئويلاۋاتىسەن؟
- ھېچ... ھېچنېمىنى.
- يالغان ئېيتىۋاتىسەن، چوقۇم بىرنېمىنى ئويلىدىڭ.
- ئەمىسە راست گەپ قىلايمۇ، زۆھرەنى ئويلىدىم. بىچارە ئۆلمىسە بوپتىكەن.
- ياق، ئۇمۇ جېنىدىن كېچىشى كېرەك. تاھىر زۆھرەنى دەپ جېنىدىن كەچكەنىكەن، زۆھرەمۇ ئۆلۈم ئارقىلىقلا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشى كېرەك.
- ئۇغۇ توغرا، ئەمما...
- نېمە ئەمما؟
- تاھىرمۇ، زۆھرەمۇ ئۆلمىسە ياخشى بولىدىكەندۇق.

...

- ئەگەر ئۇلار يىراقلارغا قېچىپ كەتسىچۇ؟
- قېچىپ كەتسىغۇ بولاتتى، ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى. شۇڭا بىز ئۇلارنى ھازىرغىچە ياد ئېيتىۋاتىمىز.
- ئەگەر بىزمۇ قېچىپ كەتسەكچۇ؟
- مۇمكىن ئەمەس، ھازىر تاغلارنىڭمۇ، باغلارنىڭمۇ، ئورمان - جاڭگاللىقلارنىڭمۇ ئىگىسى بار.
- ئۇنداقتا ئۇلارمۇ بىزنى دەريادىن سۈزۈۋالارمۇ؟
- سۈزۈۋالىدۇ. چوقۇم سۈزۈۋالىدۇ. بىزنى بىر يەرگە دەپنە قىلىشىدۇ.
- بىزنىڭمۇ قەبرىمىزدىن چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىدىكەن - دە؟
- ئېچىلىدۇ، چوقۇم قىپقىزىل چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىدۇ. پەقەت مۇشۇ دەريالا بىزنى پاك پېتى ئۇ دۇنيادا ئۇچراشتۇرالايدۇ.
- موماملىنىڭ دېيىشىچە، بۇ دەريا جەننەتكە تۇتىشىدىكەن، بۇ راستىمدۇ؟
- راست جەننەتكە تۇتىشىدۇ. ئۇ يەردە بىزنى ھېچكىم توسالمايدۇ. بىز مەڭگۈ بىرگە بولىمىز.

ئۇ قىزنىڭ يۈزلىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى. قىزنىڭ مەڭزىدىكى ئاي نۇرىدا شەبنەمدەك يالتىراپ تۇرغان ئىككى تامچە ياشنى ئاستا سۈرتۈۋەتتى.

- قورقۇۋاتامسەن؟
- ئازراق.

ئۇ قىزنى باغرىغا باستى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى قىزنىڭكىدىنمۇ تېز سوقۇپ، پۇتلىرى بوش تىترەۋاتاتتى.

- تىترەۋاتىسەنغۇ؟
- شۇنداقمۇ، ھاۋا... ھاۋا... سوغۇقتەك قىلىدۇ.
- ئەمىسە بىردەم ئولتۇرۇۋالايلى.

ئۇلار قوللىرىنى تۇتۇشۇپ يانمۇ - يان ئولتۇرۇشتى.

- ھېلىقى ناخشاڭنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بەرگىن، بۇ ئاخىرقىسى بولۇپ قالسۇن، - قىز يىگىتكە ئىلتىجا نەزەرى بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بۇ ناخشىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان چاغدىكى بەخت تۇيغۇسى بىلەن ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئارىلاشقان ياش تامچىسى لىغىلدايتتى.

ئاخىرقى قېتىم، راست، بۇ ئاخىرقى قېتىملىقى بولۇپ قالارمۇ. ئۇنىڭ تېنى بىردىنلا جۇغۇلداپ كەتتى. قىزنىڭ كۆزلىرىگە قارىيالماي سۇ يۈزىگە قارىۋالدى.

زۆھرە جانىم ۋەسلىڭ ئىزدەپ رەقىب
قولىغا چۈشتۈم ئەمدى،
كېچە - كۈندۈز دىدار ئىزدەپ ئوتتەك
يانىپ ئۆچتۈم ئەمدى.

مۇڭلۇق، تىترەڭگۈ ناخشا ئەتراپنى ئويغىتىۋەتتى.

... ئارمان بىلەن كەتتىم، ئەمدى...

ئۇ ناخشىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرگەندە نېمىشقىدۇر كۆزىگە ياش كەلگەندەك بولدى. قىز ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇۋالغانىدى. بىر تامچە ئىسسىق سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ مۈرىسىگە سىرغىپ چۈشتى.

بىر چاغدا مەھەللە تەرەپتىن خورازنىڭ سوزۇپ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىن باشقا خورازلارمۇ بەس - بەستە چىللاپ كەتتى.

- تاڭ ئاتقىلىۋاتىدۇ، - قىزنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتقان سۆزى ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى.
- شۇنداق، شۇنداقتەك قىلىدۇ. ئەمدى...

قىز ئورنىدىن تۇردى. مەيىن شامال ئۈچۈرۈپ تۇرغان قىزىل گاز ياغلىقنى بېشىدىن ئېلىپ بايام ئولتۇرغان قارا تاش ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى. قىزنىڭ ھەرىكەتلىرى تولىمۇ تەبىئىي بولۇۋاتاتتى. ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئەمدى ئىلگىرىكى يىغىنى ئەمەس، ھېچنېمىگە پەرۋا قىل-

مايدىغان بىر خىل ھالەتنى كۆردى.

- قورقۇۋاتامسەن؟ - قىز كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى. ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خورلۇق ھېس قىلدى.

- ياق، ياقەي نېمىدىن قورقاتتىم.

ئۇ قىزنىڭ نازۇك قوللىرىنى تۇتتى. ئۇلار پەستە ئېقىۋاتقان سۇ يۈزىگە يۇزلەندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خاتىرىسىدە پەقەت ئۆزىلا قالدى. ئۇ قىزنى تارتىپ چۈشۈردىمۇ ياكى قىز ئۇنى تارتىپ چۈشۈردىمۇ بۇنى بىلمەيتتى. پەقەت بىر قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. تىنىقلىرى يېتىشمەي قالدى. ئاغزىنى ئېچىۋىدى، سۇ كىرىپ تۇنجۇقۇپ كەتتى. بۇ سۇ ئەمەس ئۆلۈمنىڭ ھىدى ئىدى. ئەمدى پەقەت بىرلا نەرسىنى ئىزدىدى. بۇ نەرسە سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرسىلا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيتتى. ئاخىر شۇنداق بولدى. ئۇ سەللا تىركىشىۋىدى، سۇ يۈزىگە چىقىپ قالدى. سۇ يۈزىدە ئۇڭدىسىغا يېتىپ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەچ ئۆزىنى سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىگە قويۇۋەتتى. قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى. ئاھ، ھاۋا. . . ئاھ، ھاياتلىق. . . ئۇ ئاينى، يۇلتۇزلارنى كۆردى. ئاي، يۇلتۇزلار ھېچقاچان ئۇنىڭغا بۈگۈنكىدەك گۈزەل تۇيۇلمىغانىدى. ئاندىن ئاتا - ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى يادىغا كەچتى. . .

سۇ ئۇنى ئېقىتىپ كېتىۋاتاتتى. قوللىرى كېمىنىڭ پالىقىدەك تىنىمسىز مىدىرلايتتى. «قوللىرىم نېمىشقا ھەرىكەتلىنىۋاتىدۇ، مەن ئۆلۈشۈم كېرەك ئىدىغۇ» ئۇ قوللىرىنى يىغىۋىدى، يەنە سۇ تەكتىگە چۆكتى. تۇنجۇقتى. يەنە قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇ يۈزىگە چىقىۋالدى.

بۇ دەريا راستىنلا جەننەتكە تۇتىشارمۇ؟ كىشىلەر راستىنلا ئۇلار ئۇچۇن قەبرە قاتۇرارمۇ ياكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن كۈلەرمۇ؟ ئاينىسا سۇ ئۈزۈشنى بىلمەمدىغاندۇ، ئەگەر تاسادىپىي تىرىك قالسىچۇ؟ . . .

ئۇ دەقىقە ئارىلىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. قىرغاق خېلىلا يىراقتا ئىدى. پۇت - قولىدا ماغدۇر قالمىدى. شۇنداقتىمۇ جان - جەھلى بىلەن ئۈزۈپ قىرغاققا يەتتى. زەي پۇراپ تۇرغان تۇپراققا يۈزىنى يېقىپ ئۇزاق ياتتى. قاچاندۇر بىر چاغدا ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن تۇرغاندا قىزنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى - دە، چۈشتىن ئويغانغاندەك ۋارقىرىۋەتتى:

- ئاينىسا. . . ئاينىسا. . .

ئۇ ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرۈپ بايا دەرياغا سەكرىگەن جايغا كەلدى. ھەممە نەرسە ئاۋۋالقىدەك.

ئاي ھېلىھەم ئەتراپقا نۇر سېپىپ تۇراتتى. چېكەتكىلەر تىنىمسىز چىرىلدايتتى، پاقىلار كۇركىرايتتى. ئەمما ئۇ كۆرۈنمەيتتى. قارا تاشقا باستۇرۇپ قويۇلغان قىزىل گاز ياغلىق يېنىك شامالدا بوشقىنە لەپىلدەيتتى. ئۇ قارا تاش يېنىدا يۈكۈنۈپ ياغلىقنى قولىغا ئالدى - دە، يۈزىگە ياقتى. ياغلىقتىن ئۇنىڭغا تونۇش ھىد ئۇرۇلدى. شۇ تەرىقىدە بىرھازا ئولتۇرۇپ كېتىپ، كېيىن بىردىنلا دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى ئەمدىلا سۇزۇلۇۋاتقان دەريا يۈزىدە ئىدى. دەريا يۈزىنىڭ سەللا كۆتۈرۈلگەن جايىدا ئۇ باردەك، ئاشۇ جايىدىن ئۇ كۈلۈپ چىقىدىغاندەك پۈتۈن بىر كۈن دەريا ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈردى. ئەمما قىزنىڭ يا ئۆلۈكىنى، يا تىرىكىنى تاپالمىدى. ئاچلىق، ھارغىنلىق ئۇنىڭ مادارىنى قويمىدى. ئۇ ئەمدى ئۇنىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ھايات بىلەن ئۆلۈم ئارىسىدىكى تېنىنى سۆرەپ قايتىشقا مەجبۇر بولدى.

ياتاق ئۆينىڭ تېمىدا ئۇنىڭ رامكىغا ئېلىنغان كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چوڭ سۈرىتى ئېسىقلىق ئىدى. كۆزلەر، زىناقلار، چىرايلىق پۈرۈلگەن لەۋلەر. . . ھەممىسى كۈلەتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا كۆرۈش ئۈچۈن سۈرەتنى ئۇدۇلدىكى تامغا ئېسىپ قويغانىدى. ئۇ ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدىكى ئاشۇ ھالىتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنى تۇنجى قېتىم ئەس - ھوشىدىن ئايرىغانمۇ ئاشۇ كۈلكە ئىدى. بۇ كۈلكىلەر ئەمدى ئۇنىڭغا مەڭگۈ نېسىپ بولمايدۇ. بۇ كۈلكىلەرنى باشقا بىرى ئەمەس، دەل ئۇ ئۆزى دەپنە قىلدى. تاھىر - زۆھرە ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئۆزى ئېيتقانىدىغۇ.

ئۇ سۈرەتتىن كۆزى قىيمىغان ھالدا نەزەرىنى يۆتكەپ كارىۋات يېنىدىكى ئۈستەل قېشىغا كەلدى. ئۈستەل ئۈستىدە قەغەزلەر چېچىلىپ ياتاتتى. قەغەزلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇ نەچچە كۈن ئاۋۋال يېزىپ تولدۇرۇۋەتكەن «ئاينىسا» دېگەن ئىسىملار تۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇۋالدى. تەنلىرى جۇغۇلداپ تۇرۇپ ئېغىر بىر تىندى. نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى. . .

ئۈستەل ئۇرۇلدى. تىتما - تىتما قىلىۋېتىلگەن قەغەز پارچىلىرى ھاۋادا ئاستا لەيلەپ ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ پۇتى ئاستىغا دومىلاپ كەلگەن بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ ئىچىدىكى سۇزۇك سۇيۇقلۇققا تىكىلدى. يەنە شۇ چىرايلىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىراي. . .

ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشلەپلا ئېچىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىشكە باشلى-

دى.

تۇنجى قېتىم هاراق ئىچكەندىمۇ رومكىدا ئايىنسانىڭ ئاشۇ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆرۈنگەندى. لېكىن ئۇ چاغدا پەقەت «قىزىتۋېلىش» ئۈچۈن بىرنەچچە رومكىلا ئىچكەن. هاراقنىڭ تەسىرىمۇ خېلى ۋاقىتقىچە يادىدىن كەتمىگەندى. بۈگۈن ئۇنىڭ بۇرنىغا هاراق ئەمەس، ئاچچىق زەي سۇ هىدى ئۇرۇلغاندەك بولدى. بىر هازادىن كېيىن ئۆينىڭ تېمى ئاستا - ئاستا چۆرگىلەشكە باشلىدى. ئايىنسانىڭ سۈرىتىمۇ ئەمدى تامنىڭ هەممە يېرىدە پەيدا بولۇپ تام بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدى.

تۇرۇلگەن قوشۇما، غەزەپلىك تىكىلگەن كۆزلەر، چىڭ چىشلەنگەن، قان تېمىپ تۇرغان لەۋ...

– ياق! – ئۇ بوتۇلكىنى زەرب بىلەن تامدىكى سۈرەتكە ئاتتى. ئەينەك چېقىلدى. سۈرەتنىڭ يۈزى بۇزۇلدى. ئەمدى ئۇنىڭ غەزەپلەنگىنىنىمۇ، كۈلۈمسىرىگىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ دەلدەڭشىپ كېلىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. كارىۋات غىرسىلاپ كەتتى. ئاشۇ چاغدىمۇ كارىۋات ئەنە شۇنداق غىرسىلاپ كەتكەندى. ئۇ كۆنى ئۇ مەست قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى كەتكۈزمىگەندى.

ئۇ قولىدىكى ياغلىقنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق هىدلىدى. ئەمما ياغلىقتىن، ئەمدى ياغلىقتىنمۇ زەي سۇ هىدى كېلەتتى.

ئۇ قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. ئەتراپتا بىرەر دەرەخمۇ، گىياهمۇ يوق، ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيدۇ. هەممە جاي گۆردەك قاراڭغۇ، پۇتلىرى يالىڭاياغ، پاتقاقمۇ، قانغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل بەدبۇي سۇيۇقلۇق ئىچىدە تىزلىرىغىچە چىلىشىپ تۇراتتى. هەدەپ پۇتلىرىنى يۆتكىمەكچى بولاتتى - يۇ، ئەمما پۇتلىرىنى تارتىپ ئالالمايتتى. قاياقتىندۇر بىر ئاقۇچ تۇمان كۆتۈرۈلدى. تۇمان ئىچىدە ئېشەك قوشۇلغان هارۋا كۆرۈندى. هارۋىدا سەللە يۆگىگەن، بۇرۇتلۇق بىر يىگىت ئولتۇراتتى. يىگىت ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدى.

– هارۋامغا چىقىۋال.

– نەگە بارىمىز؟

– ئاۋۋال چىق، ئاندىن بىلىسەن.

ئۇ هارۋىغا قانداقلارچە چىقىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. يىگىت ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ هارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى.

– سىز كىم؟

يىگىت ئاچچىق كۈلدى.

– مەن توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەيتتىڭغۇ. ئەمدى ئۇنتۇلۇپ قالدىڭما؟

– سىز زادى كىم؟

– تاهىر.

ئۇ چۆچۈپ كەتتى.

– مېنى نەگە ئاپىرىسىز؟

– جەننەتكە.

– جەننەتكە؟

– هەئە، ئۇ يەردە يارىڭ سېنى كۈتۈۋاتىدۇ.

– ياق، مەن بارمايمەن، – ئۇ هارۋىدىن چۈشمەكچى بولۇۋىدى، كۈچلۈك بىر قول ئۇنىڭ كانىيىدىن سىقتى.

– بۇ قەيەر؟

ئۇ پەسكە قارىۋىدى، هېلىقى تونۇش دەريانى كۆردى، دەريادا قان - يىرىڭغا ئوخشايدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق ئېقىۋاتاتتى.

– مانا، بۇ سەن بۇلغىغان جاي.

– ياق، مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن، مېنىڭ بۇ يەردە يەنە ياشىغۇم بار.

– ئۇنىڭمۇ ياشىغۇسى بار ئىدى. ئەمدى بېرىپ بىللە ياشا.

«ياق، ياق!» ئۇ قاتتىق توۋلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ، تىنىقلىرى يېتىشمەي هاسىراپ كەتتى. بەدىنى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەندى. خېلىدىن كېيىن ئۆرۈلگەن ئۈستەل، يەردە چېچىلىپ ياتقان قەغەز پارچىلىرى هەم چېقىلغان سۈرەت رامكىسىنى ئىلغا قىلالىدى. «چۈشۈمكەن، چۈش كۆرۈپتىمەن» ، ئۇ شۇندىلا يېنىك تىنىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى.

سىرتتا بوران چىقىۋاتاتتى. دېرىزىلەر، ئىشىكلەر يېنىك تاراقلايتتى.

– ياغلىقىمنى قايتۇرۇپ بەر.

تولىمۇ زەئىپ بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ زېھنىنى يىغدى.

– ياغلىقىمنى قايتۇرۇپ بەر.

بۇ دۆرەم هېلىقى ئاۋاز ئېنىق ئاڭلاندى. ئاۋاز ئىشىك سىرتىدىن كېلىۋاتاتتى.

ئايىنسا؟ توغرا بۇ ئايىنسانىڭ ئاۋازى. ئۇ كارىۋاتتىن تاقلاپ چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچتى. سىرتتا هېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا چېپىپ قىزنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. ئەتراپ يەنىلا هەم قاراڭغۇ، هەم سۈرلۈك. ئۇنى بىردىنلا ۋەهىمە باستى. ئىتتىك ياتاققا كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى. يۈرىكى تىنىمسىز دۈپۈلدەيتتى. بېشى ئۇتتەك قىزىپ كەتكەندى. بىر چاغدا ئىشىك يېنىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىككە قارىغانچە قېتىپ قالدى.

– ئايىنسا!

بوسۇغىدا ئايىنىسا تۇراتتى. چۇۋۇلغان قوڭۇر چاچلىرى يۈزىنى يېرىم يېپىۋالغان، سوغۇق شامال ئۇچۇرۇپ تۇرغان ئاپئاق كۆڭلەكلىرى ئاستىدا پۇتلىرى كۆرۈنمەيتتى. قاراڭغۇلۇقتىن ھېلىقى زەئىپ ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى.

— ياغلىقىمنى قايتۇرۇپ بەر.

ئۇ كارىۋاتتىن يىقىلىپ دېگۈدەك چۈشۈپ ئايىنىساغا قاراپ ئۆمىلەشكە باشلىدى.

— مېنى كەچۈر. مەن كەلدىم، مانا مەن.

ئۇنىڭ سۇنۇلغان قوللىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. ھېلىقى ئاۋاز ئەمدى سىرتتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ياغلىقىمنى قايتۇرۇپ بەر.

ئايىنىسا ئۇنىڭدىن ئون مېتىرچە يىراقتا ھاۋادا لەيلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئەمدى پەقەت ئايىنىسانىڭ شامالدا ئۇچۇۋاتقان قوڭۇر، ئۇزۇن چاچلىرى بىلەن ئاپئاق كۆڭلىكىنىلا كۆرەلىدى. ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئەمما قانچە يۈگۈرسىمۇ يېتەلمەيۋاتاتتى.

— ياغلىقىمنى قايتۇرۇپ بەر.

ھېلىقى ئاۋاز تەكرارلىنىۋاتاتتى.

ئۇ يىقىلىپ - مۆدۈرۈلۈپ يۈرۈپ ھېلىقى دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. قىز دەل ئۇلار سەكرىگەن سۇ يۈزىگە كەلگەندە كۆزدىن يۈتتى.

— ياغلىقىمنى قايتۇرۇپ بەر.

ھېلىقى ئاۋاز ئەمدى سۇ تېگىدىن ئاڭلاندى. دەريا سۈيى ئۇنى تىپتىنچ باغرىغا چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ ياغلىقنى ھېلىقى قارا تاش ئاستىغا بۇرۇنقىدەك باستۇرۇپ قويدى - دە، ئاستا پىچىرلىدى:

— ئايىنىسا مەن كەلدىم.

سۇ يۈزى كۆلچۈك چايقىلىپ كېيىن ئاستا - ئاستا جىمىپ قالدى. شامال چىقىۋاتاتتى. قىزىل گاز ياغلىق چوغدەك يېنىپ لەپىلدەيتتى. دەريا يۈزىدىن پىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى: «پەقەت مۇشۇ دەريالا بىزنى پاك پېتى ئۇ دۇنيادا ئۇچراشتۇرالايدۇ».

مومامنىڭ دېيىشىچە، بۇ دەريا جەننەتكە تۇتىشارمىش...




(ھېكايە)

ياسىن مۇھەممەتنىياز

يەر تەكتىدىن كېلىۋاتقان سۇس دۈپۈرلىگەن ئاۋازدىن ئۈركىگەن كېيىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىراقتا — يايلاقنىڭ ئۇ چېتىدە كۆزىگە ئاران ئىلىنغان توچكىغا بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن يېنىككىنە بىر قانچىنى تاقلاپ قويدى. ئاندىن ئوتلاش ئۈچۈن بوينىنى سوزدى - يۇ، يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى توچكىغا قارىدى. ئېسىگە قاچانلاردىدۇر يوقىتىپ قويغان بالىسى بىلەن ھېلىقى ئىككى پۇتلۇق مەخلۇق كەچتى - دە، ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ يېقىنلا يەردىكى دۆڭگە چىقىپ توختىدى. يەنە بىر پەس يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ئىككىنچى دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. كېيىكنىڭ يۈرىكى دۈپۈرلەپ جىسمىنى قورقۇنچ قاپلىدى. ئېڭىكىنى يەرگە چاپلاپ شەپە چىقارماسلىققا تىرىشتى. ئات يۈرەكنى ئېزىدىغان تۇياق ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭ ئالدى-

دىنلا ئۆتۈپ كەتكەندە، ئۇ ئاتنىڭ كەينىگە ئارتىلغان كېيىكنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن جۈرئەت بىلەن ئاتنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. . .

چەۋەنداز يا ئاتنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن كېيىكنى، يا يېقىنلا يەردە ئوتلاپ يۈرگەن توشقاننى كۆرمەيتتى. قانغا بويالغان بىلىكىگە قاراپ كىمنىدۇر تىللايتتى. خىيالىغا يەتتە كۈندىن بېرى كۆرمىگەن ئايالى، يېتىلىپ قالغان ئوغۇل - قىزلىرى ۋە تىنچلىقتىن مەست بولغان ئاشۇ يېگانە ئۇلۇس كېلەتتى. ئۇ مۇشۇ دۆڭدىن ئاشسىلا مەنزىلگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئېتىنى قاتتىق قامچىلىدى، ئات يىراقتىنلا ئۆز بايتاللىرىنى ھىدلاپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

ئۇ ئۇلۇسقا كىرىشىگىلا ئوغۇللىرى يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

- ئاتا، يارىلىنىپسىزغۇ، - دېيىشتى ئۇلار ئاتنىڭ يارىلانغان بىلىكىنى كۆرۈپ.

ئۇ ئۈن چىقمىدى. ئۇچلۇق قالپاق كىيىپ، يانلىرىغا قىلىچ ئېسىشقان ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. قاش - كۆزلىرى قىزلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كەنجى ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە يەۋېتىدىغاندەك قارىدى. «بۇ بىرنېمە بىر مۇشتىقمۇ يارىمايدۇ» ياللىتىدە پەيدا بولغان بۇ ئوي بىلەن تەڭ ئوغۇل زەرب بىلەن ئۇرۇلغان مۇشتتىن كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى.

- چىنتۆمۈر، باللارنى نېمە قىلىۋاتىسىز؟

ئۇ غەزەپ ۋە سېغىنىش ئارىلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئايالى مەختۇمسۇلاغا تىكتى، ئاندىن ئاتنىڭ كەينىگە ئارتىلغان كېيىكنى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ ئوغۇللىرىغا ۋارقىرىدى:

- ئاتقا مىنىش! . . .

ئاتىسىنىڭ ھېچقاچان بۇنداق ئاچچىقلانغىنىنى كۆرمىگەن ئوغۇللار ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئات سېلىشتى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ يارىلانغان قولىغا قاراپ بىرنېمىنى پەملىگەندەك قىلاتتى. ئەمما ئارغىماق بىلەن تەڭ مېڭىش ئۈچۈن ئاتلىرىنى قامچىلاش بىلەنلا بەنت ئىدى. ئاتا پات - پات ئوغۇللىرىغا قاراپ قويۇق قاشلىرىنى ھىمىرەتتى. ئوغۇللار ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئەندىكىپ، ئاتنىڭ بوينىغا يېپىشقىنىچە ئېتىنى ئۆلگۈدەك چاپتۇراتتى.

ئۇلار ئەتىسى تاڭ ئوبدانلا سۈزۈلگەندە، تاپ قۇشلار ئەگىپ يۈرگەن بىر جايغا كېلىپ توختاشتى. تاپ قۇشلار ئاللىقاچان ئۆلۈكلەرنىڭ كۆزلىرىنى يەپ بولۇشقان، ئەتراپنى دىماغنى بوغىدىغان قان ھىدى قاپلاپ كەتكەنىدى. چىنتۆمۈر ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا ئەزەلدىن ئېچىلمايدىغان چىرايى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ كەتتى:

- سەنلەر، ئەجدادلارنىڭ يېڭىلگىنىنى ئاڭلىغانمۇ؟

- ياق، ئاتا!

- چىنتۆمۈرنىڭ يارىلانغىنىنىچۇ؟

- ئاتا! ئېيتىڭ، كىم ئۇ سىزنى يارىلاندۇرغان. بىز بېشىنى يانجىيمىز. جەسىتىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمىز!

- جۆيلۈمە، ياۋنىڭ جەسىتىنى ئىتمۇ يېمەيدۇ!

ئۇلار يەنە ئاتلىرىغا مىنىشتى. تاكى ئاسمان بىلەن يايلاق تۇتىشىپ كەتكەن جايغىچە بېرىپ، ئىس چىقىۋاتقان بىرەرمۇ چېدىر كۆرۈنمىگەندىن كېيىن قايتىشتى. چىنتۆمۈر يول بويى ئېتىنى «چۇ» دېگەندىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ دەھشەتلىك قىرغىننىڭ قان - ھىدلىرىنى پۇرۇغاندەك قىلاتتى. كۆڭلىدە ياۋ بىلەن ئۆز ئۇلۇسىنىڭ كۈچىنى دەڭسەپ كۆرەتتى. ئوغۇللىرىغا خۇددى تۇنجى رەت كۆرۈۋاتقاندەك ھېسسىياتتا قايتا - قايتا سەپسېلىپ، كۆك تەڭرىدىن نىجاتلىق تىلەيتتى.

«ياۋ سەركەردىلىرى بىلەن ئوغۇللىرىم ئوتتۇرىسىدا قانچىلىق زور پەرق بار - ھە، ياۋ سەركەردىلىرى ھەتتا مېنىڭدىنمۇ چەبدەس تۇرمامدۇ» . ئۇ قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن دۇبۇلغىسىنى تۈرتۈپ قويدى، «قارا، ئايخىرغۇلنىڭ ئات مىنىشىگە، يۇلتۇزبەگچۇ؟ ئۇلار مۇشۇ چاغقىچە مېنى رازى قىلغان ئەمەس، ‹پۇۋ› دېسىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك، پەقەت كۆلقۇنلا مېنى تارتقان» . ئۇ تۇيۇقسىز چۈشتەكلا ئېسىدە قالغان ھېلىقى چاغلارنى يادىغا ئالدى، شۇ قېتىم ئۇنى كۈچلۈك بىر قول مىجىقلاپ ئېلىپ ئازگالغا تاشلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالغان بۆرىنىڭ ئۇنى يەۋەتمەي، تىللىرى بىلەن يالاپ كەتكىنىنى ئۇ ئەبەدىي ئۇنتۇيالمايدۇ. ئوخشاشلا ئۆرە تۇرغۇدەك بولغاندا ھېلىقى بۆرىنىڭ يەنە بىر بالىنى كۆتۈرۈپ كەلگىنى ھېلىمۇ ئېسىدە. «ھېلىقى بوۋاينىڭ ئېيتقانلىرى راستىمىدۇ؟» ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلىدى، «مەختۇمسۇلا راستتىنلا مېنىڭ ئۆز سىڭلىممىدۇ؟» ئاپام بىزنى نېمىشقا تاشلىۋېتىپتىكىنە؟ »

نەچچە كۈندىن بېرى چېپىپ ھالىدىن كەتكەن ئات سىيىش ئۈچۈن توختىدى. چىنتۆمۈر ئوغۇللىرىغا «سىلەر مېڭىۋېرىڭلار» دەپ تۇرۇشىغا، «ئوغلۇم» دېگەن بىر سادا ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ ئەتراپقا قارىۋىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئېتىنى ھەيدىمەكچى بولۇپ قامچىسىنى كۆتۈرۈۋىدى، ھېلىقى سادا يەنە قايتىلاندى. ئۇ

بۇ ئاۋازنى قاچانلاردىدۇر ئاڭلىغاندەك قىلاتتى، ئەمما ئېسىگە ئالالمىدى. شۇ چاغدا ئات خۇددى بىرسى يېتىلىگەندەك ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئاۋاز شۇنچە يىراقلاپ باراتتى. ئۇ ماڭا - ماڭا تاغ قاپتىلىدىكى ئورمانلىققا كېلىپ قالدى. قاياقتىندۇر بۆرىنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇنى سۈر باستى. ئات قەيەرنى دەسسىسە شۇ يەردىن كىشىنى قورقىتىدىغان غەلىتە ئاۋاز چىقاتتى. چىنتۆمۈر قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ ئورمانلىق ئىچىگە كىردى.

— مېنى تونۇدىڭمۇ ئوغلۇم، — تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىدىلا بىر بوۋاي پەيدا بولۇپ قالدى. چىنتۆمۈر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بوۋاينىڭ قولىغا سۆيدى.

— سىزنى قانداقمۇ ئۇنتاي ئاتا، سىز جىمى تىنلىقلارنىڭ① ئاتىسىدۇرسىز.

—ئوغلۇم، قىلىچىڭ قان بىلەن بويالدى، قىنىغا سىغماس، ياتلارنىڭ نەسلى قۇرۇمىسا سىلەرگە پاراغەتچىلىك بولماس.

— سۆزىڭىز يوللۇق ئاتا!

—ئاسىي يوقىتىلمىسا، قوشۇن بەرىكەتلىك بولماس.

— ئاتا. . . !

چىنتۆمۈرنىڭ سۆزى ئېغىزىدا قالدى. ئۇلۇغ سۈپەت بوۋاي قاياقلارغىدۇر يوقىدى. ئۇ بىر قانچە قېتىم ۋارقىراپ باقتى. ئەمدى يا ئورمانلىقتىن، يا بوۋايدىن سادا چىقمايتتى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى. ئېتىغا مىندى، ئېتى بىرقانچىنى سوكۇلداپ قويۇپلا توختاپ قالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر شەپە ئاڭلىنىپ كەينىگە قارىدى - دە، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ھېلىقى بۆرە ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۆرە تۇرۇپلا ھېلىقى بوۋايغا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭدىن ۋايىم يېگەندەك تەرىزدە قارايتتى. چىنتۆمۈر ئىختىيارسىزلا «ئاتا» دەپ ۋارقىراپ سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋايمۇ، بۆرىمۇ كۆرۈنمىدى.

ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ يارىسىنى ئېچىپ، ئۆسۈملۈك سۈيىنى يارىسىغا سۈركىدى. ئاندىن جاراھەتكە يوپۇرماق چاپلاپ، ئۇنىڭ سىرتىغا دەرەخ قوۋزىقىنى قويۇپ تاسما بىلەن چىگىتتى. مەختۇمسۇلانىڭمۇ، قىزى ئايقۇتنىڭمۇ كۆزلىرىدىن بىر خىل ئەندىكىش چىقىپ تۇراتتى. چىنتۆمۈر كۆزلىرىنى ئايغىرغۇلغا تىكىۋىدى، ئۇ ئاتىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇشقا پېتىنالماي، ئىجازەت سوراپ چىقىپ كەتتى.

— كىم بىلەن جەڭ قىلىمىز؟ — سورىدى مەختۇمسۇلا.

—ياتلار بىلەن.

ئۆينى جىمجىتلىق قاپلاپ ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. چىنتۆمۈر كۆلقۇتتىن نېمىنىدۇر سورىماقچى بولۇپ سورىماي قويدى. بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ تۇرغان ئوغلىنىڭ بۈركۈتتەك كۆزلىرى، مەيدىسىدىكى بۈزغۇر تۈكلىرى ئۇنىڭغا «ئاتا، مانا مەن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ سۈزۈلۈۋاتقان ئاسمانغا قاراپ ئوغلىنىڭ قانغا بويالغان جەسىتىنى كۆرگەندەك بولدى - دە، ئوغلىغا پەرمان بەردى.

— پۈتۈن ئۇلۇس تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن يىغىلىپ بولسۇن.

ئۇ تاغ قاپتىلىغا چىقىپ ئېتىنى سۇغىرىپ يانغاندا، كىشىلەر تامامەن يىغىلىشىپ بولۇشقانىدى. كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ تۇرۇشۇۋالغان بولۇپ «جەڭ بولغۇدەك، جەڭ» دېگەن سۆزلەر قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزىلەر ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بىر سۆزنى تىڭلىغان ئالغاندەك «جەڭ؟» دېيىشتى ۋە ئۆز - ئۆزىدىن «مۇمكىنمۇ؟» دەپ سوراپ قوياتتى. چىنتۆمۈر كېلىشىدى، ھەممە جىمىپ كەتتى. چىنتۆمۈر قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن ئەرلەرگە، چاچلىرى ساڭگۇل - سوڭگۇل ئاياللارغا قاراپ، ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى يەنە بىر سېلىشتۇردى ۋە خۇددى ھېلىلا قىيامەت بولىدىغاندەك ۋارقىرىدى:

— بۇ يەردىن بىر كۈنلۈكلا يىراقتا، يات ئەل ياۋلىرى قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، نەيزىلىرىنى ئويناتماقتا، ياۋنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئەتە يا ئۆگۈن دەھشەتلىك قىرغىن بولۇشى مۇمكىن. جىمى ئەر - ئايال جەڭ ھازىرلىقىنى كۆرۈڭلار!

«جىمى ئەر - ئايال» دېگەن سۆزدىن كىشىلەر ياۋنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلەپ بولۇشتى - دە، بىردەمدىلا سەپنى بۇزۇپ چېدىرلىرىغا يۈگۈرۈشتى. چىنتۆمۈر يۇلتۇزبەگنى تۈنۈگۈن جەسەت يىغىلغان جايدىن تارتىپ قاراۋۇل قويۇشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ياتلار ئېلىدىن تىرىك تۇتۇپ كېلىشكە چەبدەس يىگىتلەردىن 4- 5 نى يولغا سالدى. ئۆزى بولسا پۈتۈن كۈن ئۇلۇسنى ئارىلاپ يۈردى. بۈگۈن چېدىر ئالدىغا چىقىپ يۈگۈرۈپ يۈرىدىغان شوخ باللاردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. كىشىلەرنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، قىلىچ ۋە نەيزىلەرنى بىلەۋاتقان ئاۋازلار ھەممە يەردە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چېدىر ئىچىدە ئۇنى -

① تىنلىقلار - جانلىقلار

بۇنى يىغىشتۇرۇپ يۈرگەن ئاياللار پات - پاتلا چېدىر ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىشاتتى ۋە ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قارايتتى.

گۆگۈم چۈشكەندە ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ ئاتقا مىنگۈدەكلا بولغان بارلىق كىشىلەر سەپكە تىزىلغانىدى. كىشىلەرنىڭ تولىسى ئىككىدىن ئات يېتىلىۋالغان، ئوقدانلىرى يا ئوقى بىلەن تولغانىدى. چىنتۆمۈر ئاياللارغا قارىدى، بۈگۈن بىرەر ئايالدىمۇ بۇرۇنقىدەك مۇلايىم كۆزلەر كۆرۈنمەيتتى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭدىن «راستىنلا جەڭ بولارمۇ» دەپ سورىدى. راست، كىشىلەر شۇنچە ئالدىراش تەييارلىق قىلىشقان بولسىمۇ، تېخى ئەتىگەنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تىنچ تۇرمۇشنىڭ بىردىنلا ئاياغلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەلمەيۋاتاتتى.

ئاي تولغان كۈنى.

يات ئەل تۇتقۇنىنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىمۇ «بىزنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىمىز يوق» دېگەن سۆزى چىنتۆمۈردىن باشقا ھەممە كىشىنى ئىشەندۇرەتتى. ئەمما چىنتۆمۈر چوقۇم جەڭ بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئەزەلدىن چىنتۆمۈرنىڭ كېيىنى ئاڭلاپ كەلگەن بۇ كىشىلەر كۆڭۈللىرىنىڭ بىر يەرلىرىدە جەڭ بولمايدىغانلىقىغا ئىشەنسىمۇ، يەنىلا بىر قولىدا ئۆزەڭگە، بىر قولىدا قىلىچ، نەيزىلىرىنى تۇتۇشقان ھالدا ئوتلاقتا يېتىشاتتى. بەزىدە قولىدىكى قىلىچقا قارىشىپ، گەۋدىسىدىن دومىلاپ چۈشكەن باشلىرىنى كۆرگەندەك بولۇشۇپ چۆچۈپ كېتىشەتتى. ئەمما ئارقىدىنلا مۈگدەشكە باشلايتتى. تۇيۇقسىز زېمىننى قومۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك، ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ كىشىلەر ئىشەنمىگەن مىنۇتلار ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئاتلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، بۇ غەلىتە سادادىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك پۇشقۇرۇپ قوياتتى. تۇغ ئېتى① جەڭ ھىدىنى پۇراپ قالدى بولغاي، ئالدى پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرالماي قالدى.

- چىقىڭلار يىگىتلەر!

تۇغ ئېتى قويۇۋېتىلدى. ئۇ دۆڭدىن چاپچىپ چۈشۈپ ئاسمانغا قاراپ قاتتىق كىشنىدى. بۇ ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن بۇيرۇقى ئىدى. قىقاس - چۇقان باشلىنىۋىدى، ئاق ئات ئالغا قاراپ چېپىپ كەتتى. ياتلار كىرىچلىرىنى كېرىشتى، ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قۇتكۇل بىلەن يۇلتۇزبەگ ئات سېلىشىپ مۇھاسىرىگە ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتلىقلار گىرەلىشىپ كەتتى. كىشىلەر بىر تەرەپتىن قىلىچ، نەيزە ئۇراتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ۋارقىرايتتى. كىم ئاتتىن گۈلۈپ قىلىپ يىقىلسا شۇنىڭ ئىسمى غەزەپ بىلەن چاقىرىلاتتى. . .

جەڭ چىنتۆمۈرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشتى. ياۋنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر لەشكىرى يىقىلغاندا، ئاياللارنىڭ يىغا - زارلىرى باشلىنىپ ئۆزلىرىنى جەسەتلەرگە ئېتىشتى. ئەرلەر بولسا ھېلىلا ئاخىرلاشقان دەھشەتلىك قىرغىندىن نېمە قىلىشنى بىلمەي ئاتلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى سىلىشىپ ئۆزىنى ئالدىشاتتى. بىردىن ئاياللارنىڭ يىغىسى پەسىيىپ ھەممە كىشى ئالدىغا قاراشتى. يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقلار چاڭ كۆتۈرۈپ كېلىشىۋاتاتتى. پۈتۈن قوشۇن بىردەمدىلا سەپكە تىزىلىشتى. چىنتۆمۈر باتۇر سەپنىڭ ئەڭ ئالدىغا چىقتى ۋە كىشىلەرنىڭ خۇدىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان چىرايىغا قارىدى. ئاتلار تىپىرلاپ تۇرالمايۋاتاتتى. كىشىلەر ئىختىيارسىز ئالدىغا بىرقانچە قەدەم تاشلىدى.

- ياق! توختاڭلار.

كىشىلەر ئەقلىدىن ئاداشقاندەك ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پىسەنتكە ئالمىدى ۋە يەنە بىرقانچە قەدەم ئالدىغا سۈرۈلدى. كىمدۇر بىرى ئىجازەتسىزلا تۇغ ئېتىنى قويۇۋەتتى. كىشىلەر يا تۇغ ئېتىنىڭ كىشنىشىنى يا چىنتۆمۈرنىڭ «ئاتلىنىڭلار» دېگەن سۆزىنى كۈتمەي، ياۋ جەڭ مەيدانىغا كىرمەستىنلا ئاتلىنىپ كەتتى. ئەڭ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان ئەرلەر دېيىشىۋالغاندەكلا ئاتلىرىنىڭ يۈگەنلىرىنى چىقىرىۋېتىشتى. يۈگەندىن ئاجرىغان ئاتلار ئۇلارنى ئەڭ دەسلەپ ياتلار بىلەن ئۇچراشتۇردى. ئۇلار ئوقتەك يۈرۈشى بىلەن ياۋ سېپىغا قانداق كىرگەن بولسا، شۇنداق تەلۋىلىك بىلەن سەپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئوخشاشلا چاققانلىق بىلەن ئاتلىرىغا يۈگەن سېلىشىپ ئۇلارنى ئارقىدىن مۇھاسىرىگە ئالدى. ئىككىلا تەرەپ قاتتىق ئېلىشىۋاتقان بىر پەيتتە، ئاياللارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك قىيا - چىيا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەزەلدىن ئاياللارنىڭ جەڭ قىلغىنىنى كۆرمىگەن ياتلار قوشۇنى بىردەمدىلا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى. ئەڭ بالدۇر يېتىپ كەلگەن ئايال، كۆكسىگە غاسسىدە سانجىلغان نەيزىدىن «ئاھ» دەپ يەرگە يىقىلدى. پۈتۈن ئاياللار «مەختۇمسۇلا» دەپ دەھشەتلىك ۋارقىرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ھېچنېمىنى سېزىشمىدى. چىنتۆمۈرمۇ، ئۇنىڭ بارلىق لەشكەرلىرىمۇ ئۆزىنى يوقاتقانىدى. قايسىبىر ئەر نەيزىنىڭ ئۇچىغا ئىلىنگەن جەسەتنى

① تۇغ ئېتى: ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاق ئاتقا ئۇرۇش ئىلاھى مىنىدۇ دەپ قارىغان ھەمدە ئاتنى ئىگەرلەپ، ئۈستىگە تۇغ چوقىغان. بۇ ئات ئۇرۇش سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ قوشۇنغا يول ئاچقان.

بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېيىقتەك ھۆركىرەپ يۈرەتتى. ئاياللار ئەرلەر ئۈچۈن، ئەرلەر ئاياللار ئۈچۈن ئېلىشماقتا ئىدى. ئاخىر ياتلار مەغلۇپ بولۇشۇپ نەچچە مىڭلاپ كىشى تەسلىم بولدى. ئەمدى ھېچبىر ئايال ياش تۆكمىدى. ھېچكىم جەسەتلەر ئارىسىدىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئىزلەشمىدى. ئۇلار خۇددى ھازىرلا جەڭ باشلىنىپ كېتىدىغاندەك ئۇن - تىنسىز تۇرۇشاتتى.

— باتۇر، — بەستى ئەرلەردىن قېلىشمايدىغان بىر ئايال نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — يارۇ - بۇرادەرلىرىمىزدىن، ئەرلىرىمىزدىن يەنە ئوغۇللىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. بىز تۇتقۇنلارنى ياغچ[1] قىلىمىز.

چىنتۆمۈر گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە باياتىنقى «مەختۇمسۇلا» دېگەن ئاۋاز گۈركىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى كۆلقۇتنىڭ ئىگىسىنىڭ جەسىتىنى يۇراپ تۇرغان ئىتىغا چۈشتى. شۇئان سەكرەپ چۈشۈپ ئوغلىنى جەسەتلەر ئارىسىدىن تارتىشتۇرۇپ ئالدى. كۆزلىرىدىن ئاققان بىرتامچە ياش قانغان مىلىنىپ كەتكەن يۈزىدە ئۇيۇپ قالدى.

— باتۇر، ئۇلارنى ياغچ قىلىمىز، — ھېلىقى ئايال كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىدى.

— ئىككىسىنىلا قالدۇرۇڭلار.

تۇتقۇنلار تىزلاندۇرۇلۇپ ئاياللارنىڭ ئالدىغا تاشلاندى.

— يوق بارمۇ سەنلەرگە بىزنىڭ ئۇلۇستا، تۇفى، — يىقىلايلا دەپ قالغان بىر ئايال بىرىنچى بولۇپ قىلىچنى ئاسمانغا كۆتۈردى، — قېنى ئانىلار، ئەرەنلەر ئۈچۈن.

شارت - شۇرت قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىردەمدىلا نەچچە يۈز گەۋدە يەرگە يىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاياللارنىڭ يىغىسى زېمىننى بىر ئالدى.

. . .

«قالدۇرۇلغان ئىككى تۇتقۇننىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ياتلار تاغ كەينىدىكى باشقا يات ئەل بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەنمىش، ئۇلار نەچچە كۈن ئىچىدە ئىككى تەرەپتىن بۇقەۋمنى قىرغىن قىلارمىش» . . .

بۇ خەۋەر بىردەمدىلا پۈتۈن ئۇلۇسقا تاراپ كەتتى. ھايات قالغان كىشىلەر ئەسلىدىكىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيتتى. باغرى يۇمشاق ئاياللار، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بۇقۇلدىشىپ يىغلىشاتتى. كىشىلەر ئاللىقاچان ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە كىشى ھەر ئەتىگىنى ئاسمانغا قاراپ «قىساس ئالىمىز، قىساس» دەپ ۋارقىرايتتى، ئەمما ئادەملەرنىڭ تولىسى «مۇشۇ يايلاقتىن كەچسەكلا خەۋپتىن قۇتۇلىمىز» دەپ ئويلىشاتتى.

«ياق، دەپ ئويلايتتى چىنتۆمۈر، يايلاقتىن بىرقەدەم چېكىنسەك ياۋ ئالدىغا بىر قەدەم ماڭىدۇ. يەنە بىر قەدەم چېكىنسەك يەنە بىر قەدەم قىستاپ كېلىدۇ، بىز تاكى گۆرگە كىرىپ كەتكۈچە ئۇلار بىزنى قىستاپ كېلىۋېرىدۇ».

ئۇ چېدىردا قانداق قىلىش توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا ئايغىرغۇل كىردى. ئۇ ئوغلىغا قاراپمۇ قويماستىن ئولتۇرۇۋەردى، ئوغلى خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن ناھايىتى تەستە ئېغىز ئاچتى:

— ئاتا! مېنىڭچە يايلاقنى تاشلاپ كېتەيلى.

— ياۋ قوغلاپ ۋەتۆەرىكىڭنى چىقىرىۋېتىدۇ.

— بىلىمەن دادا! ئۇلارغا ئەل بولۇش كېرەك.

چىنتۆمۈرنىڭ ئېسىگە بوۋاينىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى كەلدى. ئوغلىغا چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەزەردە كۈلۈمسىرەپ قويدى. «ئەجەبا، ئاكىسى ھەتتا ئانىسى ئۈچۈن جەڭ قىلىشنىمۇ ئويلىمايدىكىنە» دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، چېدىر ئالدىدا تويلانغان خالايىقنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— بىز بىر تېمىم قېنىمىز قالغۇچە ئېلىشىشىمىز كېرەك.

— ئاتا، پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىمىز، پۈتۈن ئۇلۇس دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يېرىمىغىمۇ توغرا كەلمەيدۇ! . . .

— سەن تەسلىم بولماقچىمۇ؟

— لېكىن بىز ھاياتلىقتا ئېرىشىمىز، دادا!

چىنتۆمۈرنىڭ مىسران قىلىچى چاقماق تېزلىكىدە قىنىدىن سۇغۇرۇلدى - دە، شارت قىلىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى يەردە دومىلاتتى.

— كىمكى جەڭ قىلمايمەن دەيدىكەن. . .

— ياق، چىنتۆمۈر، بىز ئەمدى جەڭ قىلمايمىز، چېكىنىمىز، يايلاقتىن كېچىمىز.

— ھەممىمىز شۇنداق.

— مۇمكىن ئەمەس، توختاڭلار يىگىتلەر، ئانىلار. . .

سەلدەك ئېقىۋاتقان توپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلمايتتى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ باقتى، ھەتتا بىرقانچىسىنىڭ بېشىنى ئالدى.

---

[1] ياغچ - قىتلى قىلىش.

كىمدۇر بىرى «نەسلىمىزنى قۇرۇتماقچىمىدىڭ» دەپ ۋارقىرىدى. ئەنە شۇ چاغدا چىنتۆمۇر ئورنىدا قېتىپ قالدى. كىشىلەر چېدىرلىرىنى ئالدىراش يىغىشتۇرۇشۇپ كەچ كىرىپ بولغۇچە يولغا چىقىپ بولدى. پۈتۈن ئۇلۇسنا، ئۇنىڭ چېدىرى تىكەندەك يالغۇز تۇراتتى.

— ئوت قويىۋېتىڭلار، — دېدى چىنتۆمۇر كەيىنگە قاراپ.

. . .

چىنتۆمۇر، ئايقۇت، يۇلتۇزبەگ ئاندىن يەنە بىرقانچە قىران ياشلار بۇ ئۇلۇسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قوغدىغۇچىلىرى سۈپىتىدە، ياراقلانغان هالدا ئاتلىرى ئۈستىدە تۇراتتى. چىنتۆمۇرگە بۇ مۇقەددەس يايلاق بارغانچە چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتاتتى. «ياق» دەپ شىۋىرلايتتى چىنتۆمۇر ئۆزىگە «بىر غېرىچ زېمىنىدىنمۇ كەچمەيمەن».

چىنتۆمۇر ئەبەدىي ئۇنتۇيالمايدىغان ئاشۇ كۈنى كۈن قارايغاندا، ياۋ ۋە ئۇلار ئىنتىپاق تۇزگەن بىر قەبىلە يايلاقىا پاتماي قالدى. ئەمما ئۆز قوشۇنىنىڭ نەچچە يۈزدىن بىرىگىمۇ توغرا كەلمەيدىغان بۇ قوشۇننىڭ سەركەردىسىنى كۆرۈپ ئىمتاسلىقىا چۆكۈشتى. شۇ چاغدا چىنتۆمۇر تۇغ ئېتىنى قويىۋەتتى. تۇغ ئېتى بۇرۇنقىغا ئوخشاش قانتىق كىشنىمىدى. خۇددى ئىككى قوشۇننى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرغاندەك بىر چىنتۆمۇرگە، بىر ياۋ قوشۇنىغا قارىدى. ئاندىن ئالدى پۇتىنى يەرگە بىرقانچىنى ئۇرۇپ قويۇپ ئۇقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە ياۋ ئارىسىغا كىرە-كىرمەيلا گۈپ قىلىپ يىقىلدى. . .

چىنتۆمۇر يۇلتۇزبەگنىڭ ئاندىن بىرقانچەيلەننىڭ ئارقا-ئارقىدىن يىقىلغىنىنى كۆردى، قالغان ئىشلارنى سېزەلمىدى. ئۇ جان-جەهلى بىلەن ئېلىشاتتى، هەر بىر قىلىچ چۆرۈشىدە، هەر بىر نەيزە چوقۇشىدا ياۋ قوشۇنىدىن نەچچىسىنى جېنىدىن جۇدا قىلاتتى.

— توختاڭلار، — دېدى ياۋ سەركەردىسى بىر چاغدا، — بولدى، بىز ئۇنىڭغا يېڭىلدۇق، بىز ئۇنى ئەمەس، ئۇنى تاشلاپ كەتكەن هېلىقى قەۋمىنى قىرغىن قىلايلى.

— ياق، مەن سەنلەرنىڭ قىلىچىڭلاردا ئۆلمەن.

هېچكىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. بىردەمدىلا ئۇنى جايىدا قالدۇرۇپ قاچقان كىشىلەرنى قوغلاپ كېتىشتى. چىنتۆمۇر ئۆزىنى شۇقەدەر يېگانە، شۇقەدەر بىچارە هېس قىلىپ كۆزلىرىنى ئىختىيارسىز يەردە ياتقان يۇلتۇزبەگكە ئاغدۇردى. ئۇنىڭ باشلىرىنى ئات چەيلەپ چىرايىنى تونۇغۇسىز قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئايقۇتنى ئىزدىدى، يا ئېتى، يا ئۆزى كۆرۈنمەيتتى، جەڭ مەيدانىغا يېقىنلا جايدا ئۇنىڭ نەيزىسى يەرگە چوقۇقلۇق تۇراتتى. ئۇ شۇياققا قاراپ ماڭدى ۋە ئايقۇت چوقۇم شۇ ياقتا دەپ جەزم قىلدى. دېگەندەك، تاغ تەرەپتە ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىنى ئۇچرىتىپ قالدى ۋە ئاتلىرىنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئات چاپتۇردى. . .

ئات ئىزى ئۇنى قاراڭغۇ ئورمانلىقىا باشلاپ كىردى. ئۇ ئۇيان چاپتى-بۇيان چاپتى، هېچقانداق ئىز كۆرۈنمەيتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىدا بىر كېيىك پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كېيىككە زوقلىنىپ قارىدى، ئەمما كېيىكنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى يېنىپ تۇراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىمۇ، ئۇنىڭ قانداقلارچە ئاتتىن يىقىلغانلىقىمۇ نامەلۇم. ئۇ هەمىشە چۈش كۆرەتتى. چۈشىدە ياتلار خانى ئايقۇتنى خۇتۇن قىلىۋالغۇدەكمىش. ئايقۇتنىڭ قولىدا قېلىچ تۇرارمىش، ئەمما ئىككى بالىسى بولارمىش.

— ياق. . .

ئۇ كۆزىنى ئاچتى. ئەمما هېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ئېتىنى سىلاشتۇرۇپ تېپىپ مىندى. ئات ئورمانلىقتىن چىقالماي ئۇنى هەر تەرەپكە سۆرەپ يۈرەتتى. ئاخىر ئاتمۇ يىقىلدى. ئۇ ئورمانلىقتىن چىقىپ كېتەي دەيتتى. هېلىقى يېگانە ئۇلۇسنى، ئاندىن بىچارە قىزىنى تاپاي دەيتتى. دەلدەڭشىپ ماڭاتتى. ماغدۇرسىزلىنىپ گۈپ قىلىپ يىقىلاتتى. ئاندىن تىزلىنىپ ماڭاتتى. ئەمما كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ تۈگىمەس ئورمانلىقتا هالىدىن كېتەتتى. . .

ئۇ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشىدە دوزاخنى كۆردى. هېلىقى ئۇلۇستىكى قەۋملەرنىڭ هەممىسى ئوتتا كۆيىۋاتقۇدەك، چىنتۆمۇر ئۇلارنى تارتىمەن دەپ قولىنى، يۈزىنى، ئاخىرىدا پۈتۈن جىسمىنى ئوتتا كۆيدۈرۈۋالغۇدەك.


— ئاتا! ئاتا!


ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، ئەمما يېقىملىق بۇ ئاۋاز ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى، ئەمما هېچنېمىنى كۆرەلمىدى. كىمدۇر بىرى قان هىدى پۇراپ تۇرغان ئالمىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۈرتتى.

— ئوغلۇم، سادىر! — ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلغانىدى.

— ئاتا!

سادىر چىنتۆمۇرنىڭ ئايىغىدا يىقىلدى.






## 1

مەن ئۇلارنىڭ مېنى دائىم ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. بۇ ئاشۇ مەلئۇنلارنىڭ نومۇسسىزلىق بىلەن تولغان چىرايلىرىدىن ئېنىقلا چىقىپ تۇرمامدۇ!

ئۇلار خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ھېچنەرسىدىن خەۋىرى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشقانىدى، ئۇلارنىڭ قىياپىتى ئادەمنىڭ جىنىدىن ئۆتكۈدەك دەرىجىدە تەبىئىي ئىدى. ئۇلار قانچە تەبىئىي قىياپەتكە كىرگەنسېرى مېنىڭ شۇنچە ئوغام قايناپ، ئۇلارنى چايناپ پۇركىۋەتكۈم كېلەتتى. بۇنداق چايناپ پۇركىۋېتىش ھېسسىياتى مەندە يەنىلا يىرتقۇچ ھايۋانغا خاس تەبىئەتنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم. بىراق يەنىلا نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى خۇددى قەپەستە نەرە تارتىپ ئۇياقتىن - بۇياققا توختىماي مېڭىپ تىپىرلاپ تۇرغان شىرغا ئوخشىتاتتىم. ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنى چايناپ پۇركىۋەتكەن ھالىتىمنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. تەسەۋۋۇرۇمدا جاۋغايلىرىمدىن ئادەم قېنى تېمىپ تۇراتتى؛ ئاسمانغا قاراپ بۆرىدەك ئېچىنىشلىق ۋە دەھشەتلىك ئاۋازدا ھۇۋلاپ قوياتتىم. كېيىن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم تېخىمۇ بېسىپ بۇنىڭغا قاپقاراڭغۇ كېچە ۋە قاراڭغۇلۇق قوينىدا قالايمىقان ياتقان سانسىز جەسەتلەر قوشۇلدى، بۇ جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلانغانىدى. بىراق مەن بۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشنى ياقتۇرمايتتىم، چۈنكى باشقىلارغا ھەرقانچە نەپرەتلەنگىنىم بىلەنمۇ ناھايىتى باغرى يۇمشاق ئادەم ئىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ناھايىتى قىسقا ئارىلىقتىكى ئۆزۈمنى بىردەملىكلا تۇتۇۋالالماي قېلىش ئىدى، خالاس. مەندە باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىش تۇيغۇسى كەمچىل ئىدى، باشقا كىشىلەر بىلەن زادىلا بىرەر نەرسىنى تالىشىپ باققىنىم يوق. مەن كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا بۇ دۇنيادىن ھېچنەرسىنى ئېلىۋالغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا باشقىلار بەرمىسىلا ھېچنەرسىنى ئېلىۋالمايتتىم. يىرتقۇچلارنىڭ ماھىيىتى باشقىلاردىن بىرەر نەرسىنى تارتىۋېلىش، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تارتىۋېلىش ئوبيېكتى باشقىلارنىڭ باشقا نەرسىسى بولماستىن، بەلكى تېنى. مەن بۇنداق غەيرىي نورمال بولغان تارتىۋېلىشنى زادىلا ياقتۇرمايتتىم، بۇنداق تارتىۋېلىش تۇيغۇسى مەندە زادىلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، بىراق بۇ ناھايىتى بۇرۇنقى ئىشلار. كېيىنچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى تارتىۋېلىشقا ھەممىدىن بەكرەك خۇشتار ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. بىراق ناھايىتى توخۇ يۈرەك ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوشۇرۇن ئېلىپ باراتتىم. ئۆزۈمنىڭ توخۇ يۈرەك ئادەم بولۇپ تۆرىلىپ قالغانلىقىمدىن ناھايىتى مەمنۇن ئىدىم، چۈنكى مەن بۇنداق توخۇ يۈرەكلىكىمدىن ھۇزۇرلىناتتىم. بىر خىل سوغۇق ۋە مۇدھىش بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسى ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغاندا پۇخادىن چىقىپ قالاتتىم، مەن بۇ خىل تۇيغۇغا خۇمار بولۇپ قالغانىدىم. ئاشۇ خىل تۇيغۇنىڭ ۋەسۋەسىسى مېنى دائىم قىينايتتى. مەن پۈتۈن دۇنيادىن خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا ئەنە شۇ تۇيغۇنى ئىزدەيتتىم، خۇددى ئاشۇ تۇيغۇ بولمىسا نەپىسىم ئۈزۈلۈپلا قالىدىغاندەك... مانا بۇلاردىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەۋەردار! شۇنداق تۇرۇقلۇق خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك شۇقەدەر تەبىئىي ۋە ئەستايىدىل قىياپەتكە كىرىۋېلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ داپيۇزلەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان!

- ۋېلىسىپىت مىنگەن پوچتىكەش كوچا دوقمۇشىدىن ئەگىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مېنى كۆ-

رۇپ قالدى ـ دە، سالام تەرىقىسىدە بىلىنەر ـ
بىلىنمەس كۇلۇمسىرەپ قاراپ قويدى. ئۇ ئەبلەخ
بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ھېچقانداق تونۇشلۇق
يوق، مەن پەقەت ئۇنىڭ پوچتىكەش ئىكەنلىكىنى-
لا بىلىمەن، ئۇنىڭ پوچتىكەش ئىكەنلىكىنى ئۇ-
نى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئادەممۇ بىر قارايلا
بىلىۋالالايدۇ، چۇنكى ئۇ پوچتا كىيىمى كىيىۋال-
غان ـ دە! ئەگەر ئۇنىڭ پوچتىكەش ئىكەنلىكىنى
بىلىشلا ئۇنىڭ بىلەن ئاللىقانداق تونۇشلۇق مۇنا-
سىۋەت بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بولسا، دۇنيادا
تونۇش ئادەم بىلەن ناتونۇش ئادەملەرنىڭ نېمە
پەرقى بار؟ ئادەملەرنى تونۇش ۋە ناتونۇش دەپ
ئايرىپ ئولتۇرۇشنىڭ يەنە نېمە ئۆلچىمى قالى-
دۇ. ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ مىجەز ـ خاراكتېرى
زادى قانداق؟ قەيەردە ئولتۇرىدۇ؟ . . . مەن بۇ-
لارنىڭ ھەممىسىدىن تامامەن خەۋەرسىز، شۇنداق
تۇرۇقلۇق ئۇنى قانداقمۇ تونۇش دېگىلى بولسۇن؟
بىراق ئۇ مەن خۇددى ئۇنىڭ كونا تونۇشىدەكلا
ماڭا قاراپ سۇس كۇلۇمسىرەپ قويدى. ئۇ ئەبى-
لەخنىڭ ماڭا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشى زادى نې-
مىنىڭ بېشارىتىدۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا كۇلۇمسىرەپ
قاراپ قويغان ئاشۇ خۇنۇك ـ خۇددى يول بويىدى-
كى كىرلىشىپ كەتكەن ئۇششاق ئەينەك پارچىلى-
رىدەك نۇرسىز كۆزلىرىنىڭ كەينىگە زادى نېمە
يوشۇرۇنغان! ؟ ئۇنىڭ قىياپىتى ناھايىتى تەبىئىي
ئىدى، ئۇنىڭ پەقەتلا مېنى تونۇشى ھېسابلاپ،
تونۇش ئادەم دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداقلا
سالام قىلىپ قويغانلىقىغا قىل سىغمايدىغاندەك،
بۇنىڭدىن زادىلا باشقىچە نەرسىنى تاپقىلى بولماي-
دىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار خۇددى بىرەر تونۇ-
شى ئۇچراپ قالسا ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشمىسا
ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغاندەكلا ھېس
قىلىدۇ، شۇڭا پەقەت مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىنلا
شۇنداق قىلىشىدۇ. ئۇمۇ پەقەتلا مەجبۇرىيەتنى
ئىلاجىسىز ئادا قىلىۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. بى-
راق ئۇنىڭ كەينىگە باشقىچە نەرسىلەرنىڭ يوشۇ-
رۇنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئۇلار مېنىڭ ھەممە
ئىشىمنى بىلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە غەلىتە
بىر ئادەم، مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم ئۇلارنى
ھەيران قالدۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار يول بويىدا مېنى
ئۇچرىتىپ قالسا مېنى نومۇسسىزلارچە ھېسسى-
يات بىلەن قايتىدىن كۆزىتىپ، مېنىڭ ئالاقزادە
ھالىتىمنى قايتا بىر قېتىم تاماشا قىلىشتىن ئۆ-
زىنى قاچۇرالمايدۇ، بىراق ئۆزلىرىنىڭ ماڭا نې-
مىشقا قاراۋاتقانلىقىنى بايقاپ قېلىشىمدىن ئەن-
سىرەپ ئەنە شۇنداق كونا تونۇشلۇقى باردەك قى-
ياپەتكە كىرىۋالىدۇ. مەن بولسام ئۇلار قانچە
خاتىرجەم، قانچە تەبىئىي، قانچە نورمال كۆرۈن-
سە شۇنچە شۇمشىيىپ كېتىمەن. . .

پوچتىكەشنىڭ ۋېلىسىپىتى كۆز ئالدىمدىن
يىراقلاپ كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرىپ يوقال-
دى. بىراق ئۇنىڭ ماشرەڭلىك ۋېلىسىپىتى ۋە
ۋېلىسىپىتكە ئېسىۋالغان ماشرەڭ سومكىسى بىر-
ھازا كۆز ئالدىمدىن كەتمەي مېنىڭ ئوغامنى قاي-
نىتىۋەتتى. مەن ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ
توختاپ ماڭا يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر پارچە قايتۇ-
رۇۋېتىلگەنلىك ئۇقتۇرۇشى چاپلانغان كونۋېرتنى
تۇتقۇزۇپ قويۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانى-
دىم، بىراق ئۇ ئۇنداق قىلمىدى.

ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى. سوغۇق شامال
قۇلاقنى خۇددى ئوت بىلەن داغلىغاندەك ئېچىش-
تۇراتتى. كوچىدىكى ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ
تۇرغان كىشىلەرنىڭ قەدەملىرىمۇ سوغۇقتا دا-
ئىمقىدىن ئاستىلاپ كەتكەنىدى، ئۇلار مۇزدا تې-
يىلىپ يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئەنسىرەپ، ئاۋايلاپ
مېڭىشاتتى. كىشىلەرنىڭ قەدەملىرى ياز ۋاقتى-
دىكىدەك تېز ـ تېز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ
قىياپەتلىرىدىن قەيەرلەرگىدۇر ئالدىرىشىۋات-
قانلىقى چىقىپ تۇرسىمۇ قەدەملىرىنى تېز ـ تېز
ئېلىشالمايتتى. بەزىلەرنىڭ ھەتتا يۈگۈرۈشلىرى-
مۇ قولاشماي قالغانىدى، ئۇلار ئاران ـ ئاران
ئالغا سىلجىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كوچىدىكى
ھەممە نەرسە ـ ماشىنىلار. . . ئادەملەرنىڭ ھەم-
مىسى سوغۇقتا توڭلاپ ئۇيۇشۇپ ھېلىلا مىدىر-
لىيالماس بولۇپ قېتىپ قالىدىغاندەكلا كۆرۈنەت-
تى.

مەن كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاپتوبۇس بې-
كىتىگە قاراپ ماڭدىم، دەل شۇ چاغدا بىر ماشىنا
مېنى ئۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى؛ قاتتىق تورمۇز
قىسقان ماشىنا مۇزدا تېيىلغىنىچە يانتۇ بولۇپ
توختىۋىدى، ئۇنىڭغا بىر تاكسى سۈركىلىپ ئۆ-
تۈپ توختىدى. تاكسىنىڭ ۋە ھېلىقى ماشىنىنىڭ
بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ كېتىشىدىن خېلى يىرى-
نىڭ سىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن
دەپ ئويلىدىم مەن؛ شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇشۇمغا
ماشىنىنىڭ شوپۇرى ماشىنىدىن چۈشۈپ يۈگۈ-
رۈپ كېلىپلا مېنىڭ ياقامدىن ئالدى. ئۇ ئېگىز،
بەستلىك ئادەم بولۇپ مېنىڭ ياقامدىن تۇتقان
قوللىرىغا قارىۋىدىم، بۇ قوللار ناھايىتى يوغان
كۆرۈنۈپ كەتتى، مەن خۇددى ئىككى پۇتىدىن
تۇتۇۋېلىنغان توخۇدەك تىپىرلاپ بېقىپ ئۇنىڭ
چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدىم. ئۇ ئاللىنېمىلەرنى-
دۇر دەپ مېنى بىرھازا تىللىدى، ئاندىن مېنى
سۆرەپ ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىنىڭ
سۈركىلىپ كېتىش دەستىدىن زەخمىلەنگەن
قىسمىنى كۆرسەتتى. بۇ ماڭا ناھايىتى كۈلكى-
لىك تۇيۇلۇپ كەتتى، چۈنكى ئۇ مېنى ئاتايىتەن
ماشىنىنىڭ ئۇ تەرىپىگە سۆرەپ ئېلىپ بېرىپ
كۆرسىتىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئى-
دى، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى ھېچنەرسە
قىلىپ بېرەلمەيمەن، سىرى چۈشۈپ كەتكەن
بولسا سىرلىيالىسام كاشكى! مەن يا سىرچى
بولمىسام.

ـ كۆردۈڭمۇ ھېجىقىز! ؟ ـ دەپ ۋارقىرى-

دى ئۇ ماڭا.
بىردەمدىلا ئەتراپىمىزغا كىشىلەر ئولىشىپ
كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىراقلا ماڭا تىكىلگە-
نىدى. ئۇلارمۇ ماڭا خۇددى تونۇشتەكلا قاراپ
تۇرۇشاتتى. ئۇلار بۇ يەردە شۇنچە سوغۇققا قارى-
ماستىن دۇگدىيىشىپ تاماشا كۆرمەكچى. قاراش-
لىرىدىن ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئېنىقلا بىلىنىپ
تۇرسىمۇ، بىراق مەن بۇ قاراشلارنى ھېلىقى
پوچتىكەشنىڭ قاراشلىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ دەپ
ئويلىدىم. ئۇلار باشقىلارنىڭ بىچارىلەرچە ھالى-
تىنى تاماشا قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن، مەن
شوپۇرنىڭ ياقامدىن سىقىشىغا پەرۋامۇ قىلمى-
دىم، بىراق باشقىلارنىڭ قاراشلىرىغا بولسا قات-
تىق ئوغام قايناپ كەتتى. شوپۇرغۇ ماشىنىنىڭ
سىرىنىڭ چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى مەندىن كۆرۈپ
شۇنداق قىلسۇن، باشقىلارچۇ؟ باشقىلار ماڭا نې-
مىشقا ئۇنداق قارىشىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە زادى
قايسىلىرى مېنى تونۇيدىغاندۇ؟ ئۇلار خۇددى
ھەممىسىلا مېنى تونۇيدىغاندەك، ۋەقەنىڭ تەرەق-
قىياتىغا ۋە ماڭا كۆكۈل بۆلۈپ قارىشىپ تۇرات-
تى.
قاتناش ساقچىلىرى كېلىپ ماجىرانى بىر
تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا مەن ئۇ يەردىن
ئايرىلدىم. ئاشۇ جەرياندا تۇرغۇنلىغان ئادەملەر
مېنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ماڭا قاراپ تۇرۇشىدىكى
مەقسىتى ئېنىق ئىدى. ئۇلار بەلكىم مېنى بۇ
يەردە ئوبدان كۆرۈپ تونۇۋېلىپ، باشقا جايلاردا
ئۇچراپ قالغان چاغلاردا خۇددى ھېلىقى پوچتى-
كەشتەك سۇس كۈلۈمسىرەپ قارىشىپ قويار.
ھەممىدىن ئوغامنى قايناتقىنى شۇكى، بىر ئەبلەخ
ئوتتۇرىغا چۇشۇپ خۇددى مېنىڭ تۇغقىنىمدەك
مەن تەرەپتە تۇرۇپ، شوپۇرنىڭ قوللىرىنى يا-
قامدىن ئاجرىتىپ، شوپۇردىن ئۆزىنى تۇتۇۋې-
لىش، مەندەك بىر ياۋاش ئادەمنى ئەپۇ قىلىۋې-
تىشنى ئۆتۈندى. ئۇ ئەبلەخ مېنى قانداق تونۇي-
دۇ، مېنىڭ ياۋاش ئادەملىكىمنى زادى نەدىن
بىلىدۇ؟ مەن ئۇنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان
تۇرسام، دېمەك ھەممە ئادەم مېنى ئوغرىلىقچە
كۆزىتىپ يۈرۈشكەن.

2

«تاك. . . تاك. . . تاك. . .» ئىشىك چې-
كىلدى.
قولىدا پوچتا سومكىسى كۆتۈرۈۋالغان پوچ-
تىكەش بۇ كونا بىنانىڭ چىرىغى بۇزۇلۇپ قال-
غان، كۈن نۇرى ياخشى چۈشمەيدىغان كارىدورىدا
ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ
قاسقان شەپكىسىنىڭ جىيىكىنى قولى بىلەن كۆ-
تۈرۈپ قويۇپ ئەزەلدىن ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم
چېكىپ باقمىغان، پەقەت ئۆزىنىڭ چېكىشى ئۇ-
چۇنلا يارىتىلغان بۇ ئىشىكنى قايتىدىن چەكتى.

پوچتىكەش بۇ بىناغا كىرىپ مۇشۇ ئىشىك-
نىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىدا دائىم ۋاقىت ئۆز
ئورنىدا توختاپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ
ئېڭىدا ۋاقىت ئۇقۇمى پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ
كېتەتتى. تۈنۈگۈننى، بۈگۈننى ۋە ئەتىنى زادىلا
پەرق قىلالماي قالاتتى. ئىشىكنى ئۇ بۇرۇنقى-
دەكلا چېكەتتى، ئۆي ئىگىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئىپا-
دىسىز خۇددى ھەيكەلدەك قاتقان يۈزلىرى بۇرۇن-
قىدەكلا ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ
بىرنەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇ بۇرۇنقى-
دەكلا خەتنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىدۇ. خەتلەرنىڭ ھەم-
مىسى بۇرۇنقىدەكلا - ئادرېسى خاتا بولغانلىقى
ئۈچۈن قايتۇرۇۋېتىلگەن خەتلەر. ھەممىدىن ئا-
دەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان يېرى شۇكى، بۇ خەت-
لەر سېلىنغان كونۋېرتلارمۇ بىرلا خىل، كون-
ۋېرت ئۈستىدىكى پوچۇركىمۇ بىرلا خىل، تاپ-
شۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئىسمىمۇ بىرلا خىل. پوچ-
تىخانىدا ئىشلەيدىغانلار ئاشۇنداق كونۋېرتنى بىر
كۆرۈپلا تونۇۋالاتتى. بۇ ئادەمنىڭ پوچۇركىسى
باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.
پوچتىكەش يىگىت بۇ خەتلەرنى ئىگىسىگە بەكمۇ
ئوخشىتاتتى، ئىگىسىدەكلا قوپال ۋە يېقىمسىز
دەپ ئويلايتتى، پوچتىكەش بۇ خەتلەرنى زادىلا
يازغۇچىسىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى،
خۇددى ئاشۇ ئادەمدىن باشقا بىراۋنىڭ ئاشۇنداق
خەتلەرنى يازالىشى مۇمكىن ئەمەستەك.
پوچتىكەش يىگىت يەنە بىر قېتىم ئىشىكنى
چەككەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ئۇنىڭ مەڭ-
گۈ ئۆزگەرمەس قىياپىتى پەيدا بولدى، ئۇ پوچ-
تالىيونغا سوئال نەزەرى بىلەن ئۈن - تىنسىز
قاراپ تۇردى، پوچتىكەش يىگىت دائىم ئۇنىڭ
قاراشلىرى ئالدىدا گاڭگىراپ قالاتتى، كۈندە دې-
گۈدەك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ
بىلەن سالاملىشىپ ئەھۋاللىشىدىغان ئادەتنى شە-
كىللەندۈرمىسە بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى، پوچ-
تىكەش يىگىت ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بول-
غىلى بەلكىم ئىككى يىل بولغاندۇ ياكى ئۇنىڭ-
دىنمۇ ئېشىپ كەتكەندۇ، زادى قانچىلىك بولغان-
لىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئىككى -
ئۈچ يىلدىن بېرى كۈندە دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇر-
غانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۆرۈشكەندە
سالام - سائەت قىلىشمىسا بولمايدىغاندەك تۇيۇلات-
تى. يىگىت دائىم ئاشۇ ئادەم بىلەن يەنە ئۇچرى-
شىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا بىئارام بولۇپ كېتەت-
تى. بۇنداق ئۇچرىشىش كىشىنىڭ كۆڭلىنى
بەكمۇ غەش قىلاتتى. بۇ ئۇچرىشىشقا ئىككى -
ئۈچ يىل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق پوچتى-
كەش يىگىت زادىلا كۆنەلمىدى. ئۇ كۈندە ئۇچرى-
شىپ تۇرۇپمۇ ئۆزئارا سالام قىلىشمايدىغان،
كىشىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان بۇنداق بىئەپ
ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ ئۇچرىشىشنىڭ
پاتراق ئاخىرلىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ

ئادرېسى خاتا بولغان خەتلىرى دائىم ئەۋەتىلىۋەر-
مىسىلا بۇنداق كۆڭۈلسىز ئۇچرىشىش ئاخىرلى-
شىپ، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىنلا ئۇ ئادەم ناتو-
نۇش ئادەمگە ئايلىنىپ دۇنيادىكى سانسىزلىغان
ناتونۇش ئادەملەر قاتارىدا يوقىلىپ كېتەتتى. بە-
راق ئۇ قېرىشقاندەك خاتا ئادرېسقا خەت ئەۋەتە-
ۋەردى. ئۇنىڭ بۇنداق خەتنى ئەۋەتىشتىكى مەق-
سىتى خۇددى ئاشۇ پوچتىكەش يىگىتنى دائىم
ئىشىكى ئالدىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان،
ئادەمنى كولدۇرلىتىدىغان پۇتۇنلەي مەنىسىز بىر
رەزىل ئويۇندەكلا تۇيۇلاتتى. پوچتىكەش يىگىت
دائىم ئۇنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا سۇسقىنە كۈلۈم-
سىرەپ قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۇنىڭ
ئۆزىنى بىر سالام دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولاتتى،
سالام ئەمەس دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولاتتى. پەقەت
مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن دائىم ئۇچرىشىپ تو-
رىدىغان ئادەم بىلەن سالام - سائەت قىلىشمايدى-
غان ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلغىلى ھەمدە ناتو-
نۇش ئادەمگە سالام قىلىپ ئىلىك ئېلىنماي قې-
لىشنىڭ خىجىللىقىدىن قۇتۇلغىلى بولاتتى.

پوچتىكەش يىگىت سۇسقىنە كۈلۈمسىرەپ
قويدى. بۇ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ قىياپىتىدە
ھېچقانداق بىرەر تەسىر پەيدا قىلالمىدى.

- خېتىڭىز قايتىپ كەپتۇ، ئادرېسىنى خاتا
يېزىپ قويۇپسىز.

پوچتىكەش يىگىت شۇ سۆزنىلا قىلاتتى، بۇ
سۆزلەر خۇددى ئۇنئالغۇغا ئېلىپ قويۇلغاندەك
بىرلا خىل تەلەپپۇزدا چىقاتتى، بىرەر سۆز قېتى-
لىپ قالمايتتى ياكى بىرەر سۆز چۈشۈپ قالمايت-
تى، ھەر كۈنى شۇنداق.

ئۇ خەتنى ئېلىپلا ئاشۇ سىرلىرى ئۆڭۈپ
كەتكەن ھەم كىرلەشكەن ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ
كىرىپ كېتەتتى. بىرەر ئېغىز سۆز قىلىش ئە-
مەس، ھەتتا كونۋېرتقا قاراپمۇ قويمايتتى.

پوچتىكەش يىگىت ئۇنىڭ زادى كىمگە خەت
يېزىۋاتقانلىقىنى بىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.
بۇ مەڭگۈ ئىگىسىگە تەگمەس خەتنى ئۇ زادى
نېمىشقا توختىماستىن يېزىۋېرىدىغاندۇ؟ بۇ دۇن-
يادا ئاشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئادەم مەۋ-
جۇت ئەمەسمىدۇ- يا؟

پوچتىكەش يىگىت قاراڭغۇ كارىدوردىن قاي-
تىپ چىققاندىن كېيىنلا ئۆزىنى ۋاقىتنىڭ سىر-
لىق ئوردىسىدىن قايتىپ چىققاندەك ھېس قىلات-
تى. ئاشۇ كارىدوردىن قايتىپ چىقمىسا ۋاقىتى-
نىڭ سىرلىق ئوردىسىغا مەڭگۈ قامىلىپ، يەنىلا
شۇ كارىدور، يەنىلا ھېلىقى قېتىپ قالغان ئىپا-
دىسىز چىراي ۋە ئادرېسى خاتا بولغانلىقى ئۈچۈن
قايتىپ كەلگەن خەتلەردىن شەكىللەنگەن چەمبە-
رەك ئىچىدە مەڭگۈ ئايلىنىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

پوچتىكەش يىگىت ۋېلىسىپتنى مىنگىنىچە
بىنالارنى ئارىلاپ مېڭىپ چوڭ يولغا چىقىپ يول
بويىدا كېتىۋاتقان ۋېلىسىپىتلەر ۋە ماشىنىلار ئا-
رىسىغا كىرىپ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كۆزدىن
غايىب بولدى. چوڭ يولغا چىققۇچە نېمە ئۈچۈن-
دۇر ئۇ خۇددى ئۆزىنى باشقا ئىشقا ئەمەس، پە-
قەت ھېلىقى ئادەمنىڭ ئادرېسى خاتا يېزىلغانلىقى
ئۈچۈن قايتۇرۇۋېتىلگەن يەنە بىر توپ خەتلىرىنى
ئېلىپ كېلىش ئۈچۈنلا بۇ يەردىن ئايرىلىۋاتقان-
دەك ھېس قىلدى.

3

مەن ئەسلىمەمدىكى سانسىزلىغان ئوبرازلار
ئارىسىدىن ئاخىرى ئۇنىڭ چىرايىنى ئاز - تولا
ئىلغا قىلىپ ئايرىپ چىقالىدىم. باشقا مەڭگۈ
ناتونۇش بولغان كىشىلەرنىڭ ئوبرازلىرى تىنىم-
سىز ھالدا ھەرىكەتلىنىپ، ئاشۇ ئىنتايىن ئا-
جىز، بىراق ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان،
ئىنتايىن غۇۋا، بىراق ئەڭ كۈچلۈك بولغان،
تىنىمسىز جانلىنىپ تۇرغان ئوبرازنى يۇتۇپ كې-
تىشكە تىرىشاتتى. مەن جان - جەھلىم بىلەن
ئاشۇ ئوبرازنى ئەسلىمەمنىڭ پايانسىز قاراڭغۇ
قوينىدىن يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىشقا تىرىشات-
تىم.

ئەسلىمەمدىكى ئۇنىڭ ئوبرازى ماڭا قاراپ
مەنىلىك كۈلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياپما
قاپاق بولغىنى بىلەن ناھايىتى چوڭ ئىدى، بۇر-
نىنىڭ ئوڭۇدە بىر تال مەڭ بولۇشى مۇمكىن،
توغرا بىر تال مەڭ، بەلكىم ئىككىدىدۇر، بەل-
كىم مەڭزىدىدۇر، ئىشقىلىپ يۈزىنىڭ بىر يېرىدە
مەڭ بار، بىر تال ئەمەس بىرنەچچە تال. . . مېنىڭ
ئېسىمدا ئۇنىڭ ئوبرازىدىن پەقەت شۇلارلا قال-
غان. بەلكىم ياپما قاپاق كۆزلەر باشقا بىراۋنىڭ،
مەڭلەر باشقا بىراۋنىڭكىدۇر، بەلكىم، ئەسلى-
مەمدىكى بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىنى يى-
غىپلا بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى قۇراشتۇرۇۋال-
غاندىمەن. . . بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

ئاشۇ ئوبرازنىڭ تۇيۇقسىز ئەسلىمەمدە پەيدا
بولۇشى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى
ئىش، ئاشۇ كۈنى مەن ۋۇجۇدۇمدا ئەزەلدىن بو-
لۇپ باقمىغان بىر خىل ئىللىق سېزىم دەستىدىن
باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېسسى-
ياتقا كەلگەنىدىم، بۇنىڭغا بەلكىم ئىككى يىل
بولغاندۇ، ئىككى يېرىم يىل ياكى ئۈچ يىل بول-
غاندۇ، قاچان ئىكەنلىكى زادىلا ئېنىق ئېسىمدە
ئەمەس. مەندە ئاشۇ كۈندىكىدەك ئىللىق سېزىم
بولۇپ باقمىغىلى ناھايىتى ئۇزاق يىللار بولۇپ
كەتكەنىدى. بەلكىم ئوتتۇز يىللار بولغاندۇ. . .
مەن ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئەنە شۇنداق تۇيغۇنىڭمۇ
مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى پەقەت شۇ كۈنىلا ئەسلىيە-
لىدىم، ئەسلىدە دۇنيادا بۇنداق تۇيغۇنىڭ بار ئى-
كەنلىكىنى تامامەن ئۇنتۇپلا كەتكەن ئىكەنمەن.

ئاشۇ كۈنى باللىق چاغلىرىمدىلا مەن بىلەن
خوشلاشقان ئاشۇ تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمدا، تۇيۇقسىز

پەيدا بولغاندا مەن ساراسىمىگە چۈشۈپ زادى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم. مەن ئاشۇ شېرىن تۇيغۇدىن زادى قانداق ھۇزۇرلىنىشنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. چۈنكى مەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى مۇزدەك سوغۇق بولغان تۇيغۇدىن ھۇزۇرلىنىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم. بۇنىڭ ئىچىدە مېنى ھەممىدىن بەكرەك پۇخادىن چىقىرالايدىغىنى قورقۇنچ تۇيغۇسى ئىدى. قاتتىق قورقۇنچ دەستىدىن پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ كەتسە مەن خۇشاللىقتىن خۇدۇمنى يوقاتقۇدەك بولاتتىم. بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ۋەسۋەسىسى مېنى نېمە ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىكىن - تاڭ.

مەن ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن - يۈرىكىمنىڭ قاتتىق سېلىپ، ئۆگە - ئۆگىلىرىمنىڭ ئۇيۇشۇپ كېتىشلىرىدىن، تىزلىرىمنىڭ تىترەپ، پېشانەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتىشىدىن نېمىشقا شۇنچىۋالا ھۇزۇرلىنىدىغانلىقىمنى چورتلا چۈشەنمەيتتىم. بۇ خىل غەلىتە لەززەتتىن ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا تىرىشاتتىم. بىراق ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشقا تىرىشقانسېرى ئۇنىڭ پاتقىقىغا شۇنچە چوڭقۇر پېتىپ ئاخىرى ئۆزۈمنى زادىلا قۇتۇلدۇرۇۋالالمايدىغان ھالەتكە يەتتىم. مەن تامامەن ۋۇجۇدۇمدىكى تۇيغۇلارنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالغانىدىم.

ئۇ ماڭا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى نېمىلەردىندۇر بېشارەت بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەينى چاغدا مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدە ئۇنىڭ ئاشۇنداق كۈلۈپ تۇرغان ھالىتى ئانچە مۇھىم ئورۇنغا ئۆتەلمىگەنىدى. ئۇ چاغدا ئاشۇ ھالەتنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى زادىلا ھېس قىلالمىغان ئىكەنمەن، چۈنكى ئۇ چاغدا تېخى كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇنى سانسىزلىغان مەنىلىك كۈلۈشلەر ئىچىدىكى تۇنجىسى دەپ ئويلىغانىدىم. نەزەرىمدە ئۇنداق كۈلۈشلەر ۋە ئۇنداق تەبەسسۇم بىلەن قاراشلارغا ئېرىشىش پۇرسىتى ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا زادىلا ئەھمىيەت بەرمەي ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن. پەقەت نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنكى ئاشۇ كۈنلەردىلا ئاندىن ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم، تاكى ئاشۇ چاغقىچە بۇنى ھېس قىلالمىغان ئىكەنمەن.

ئۇ تۇيۇقسىز يادىمغا يەتكەن ئاشۇ كۈنى يول بويىدا ئاستا ماڭغىنىمچە ئىشقا كېتىۋاتاتتىم. مەن ئۇياق - بۇياق مېڭىپ يۈرۈپ گېزىت سېتىۋاتقان موماينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلىكىگە قويۇۋالغان گېزىتلەرنى، ھەتتا سومكىسىدىكى گېزىتلەرنى ھەدەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدىم. مەن دائىم گېزىتلەر ئىچىدىن قارا رامكىغا ئېلىنغان بىر پارچە رەسىمنى ئىزدەيتتىم. لېكىن ئۇ رەسىم زادىلا بېسىلىپ باقمايتتى، شۇنىڭ بىلەن مەن گېزىتلەردىن بىرنىمۇ سېتىۋالماستىن ھېلىقى بىچارە گېزىت ساتقۇچى مومايغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن قاراپ قويۇپ كېتىپ قالاتتىم. ئۇ مېنىڭ گېزىتتىن بىرەرنى زادىلا سېتىۋالمايدىغانلىقىمنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئالدىغا بېرىشىمغىلا توختاپ، مېنىڭ گېزىتلەرنى ۋاراقلىشىمغا قاراپ تۇراتتى.

ئاشۇ كۈنى زادى نېمىنىڭ مەندىكى ئەسلىمىلەرنى قوزغىتىپ تۇيۇقسىز ئۇنى يادىمغا يەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن شۇنىسى ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، مەن تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ تۇيغۇ بىلەن تۆت كوچا دوقمۇشىدا قاتقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. دەسلەپىدە زادى نېمىنى يادىمغا ئالغانلىقىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. كېيىن ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۇنىڭ ئاشۇ ئىللىق ۋە گۈزەل ئوبرازىنى ئەسلىمەمنىڭ پايانسىز خارابىلىقىدا تېكلەشكە باشلىدىم. ئەسلىمەمدە پەيدا بولغان ئاشۇ ئوبرازنىڭ تولۇق مۇكەممەل قىياپەتكە كىرىشى ئۇنىڭدىن بىرنەچچە يىللاردىن كېيىنكى ئىش. ئۇنى مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن مېنىڭ ئېڭىمدىكى ئاياللارغا ۋە مېھرىبانلىققا تەۋە بولغان بارلىق پارچە - پۇرات تۇيغۇلارنى جەم قىلدىم. بۇ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە پارچە - پۇرات بولغان تۇيغۇلار مۇكەممەل بىر ئايالنىڭ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈپ چىقىشىم ئۈچۈن تازا يېتەرلىك بولمىغاچقا بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كەتتى.

— سەن زادى كىم؟ — مەن خىياللىرىمدا ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— سەن زادى كىم؟ — مەن چۈشلىرىمدە ئۇنىڭدىن سورىدىم.

ئۇ خىياللىرىمدا ناھايىتى مەۋھۇم ئىدى. چۈشلىرىمدە خۇددى قاراڭغۇ جىلغىدىكى ئېقىن سۇدا يالتىراپ تۇرغان شولىدەك، تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر ئەگرى سىزىقتەك پەيدا بولۇپ يەنە يوقاپ كېتەتتى. ئۇ يايما قاپاقلىق كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. چۈشۈمدە ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى، كۆزىدىن باشقا ھەممە يېرى خۇددى بىر قارا سايىدەك مەۋھۇم ھالەتتە كۆرۈنەتتى.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئاشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن روھىم چۈشكەن ھالدا سىنىپقا كىرىپ كېتىۋاتاتتىم. مەن ئۇ چاغدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدىم. ئەتىگەندە مەكتەپكە كېلىۋېتىپ قاپقارا لاي سۇ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈۋاتقىنىمچە سومكامغا سېلىنغان كىچىككىنە زاغرا نان سۇغا چۈشۈپ كەتتى. مەن ئۇنى سومكامغا ناھايىتى ئاۋايلاپ سالغانىدىم، بىراق بەكمۇ كىچىك بولغاچقا سومكامنىڭ ئاغزىدىن ئىزمىلاپ ئېتىلگەن بولسىمۇ بىرلا سەكرەش بىلەن چۈشۈپ كەتتى. زاغرا نان

پەقەت ئېغىزغا بىرلا سالغۇدەك چوڭلۇقتا ئىدى. بىراق بىز ئۇنى يېگەندە ھەرگىزمۇ ئېغىزغا بىرلا سېلىپ يەۋەتمەيتتۇق، ئەكسىچە ئۇنى ئالدىمىزغا قويۇپ قويۇپ بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خۇددى چوڭ بىر ناننى پارچىلىغاندەك نەچچىگە پارچىلاپ ئاندىن يېيىشكە تۇتۇش قىلاتتۇق. مەن ناننى ئالدىرىماي چايناپ ئۇزۇندا يۇتاتتىم. شۇنداق قىلغاندا خۇددى چوڭلا بىر پارچە ناننى يەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، ئۆزىمىزنى تويغاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرەلەيتتۇق.

مەن ناننىڭ چۈشۈپ قالغىنىنى سەزگەندىن كېيىن سۇدا بىر چۆكۈپ، بىرلەيلەپ ئېقىپ كېتىۋاتقان نېنىمنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردۈم، مەن بېرىپ تۇتۇۋالاي دېگۈچە ئۇ ئېقىپ بىر سۆڭگۈچتىن باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن سۆڭگۈچ بىلەن سۇ كېچىپ ئۆمىلەپ باغ ئىچىگە كىرىشىمگىلا يوغانلا بىر ئالا ئىت كۆزۈمگە چېلىقتى. ھېلىقى نان ئىتنىڭ ئاغزىدا تۇراتتى. ئىت ناننى مەندىن بۇرۇن سۇدىن سۇزۇۋالغاندى، ئىت مېنى كۆرۈپ خىرىلداپ ھۈرپەيدى. مەن ناننىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ تارتىۋېلىشنى، ئۇنىڭغا يېگۈزمەسلىكنى ئويلىدىم، بىراق ئىت ئۇنى ماڭا بەرمەستىن ئېلىپ قاچتى. ھازىرغىچە زادىلا يادىمدىن چىقمايدىغىنى شۇكى، ھەتتا مېنىڭ نېسىۋەمنى ئېلىپ قاچقان ئاشۇ ھايۋانمۇ شۇ بىر پارچە ناننى بىرلا ھاپ دەپ يۇتۇۋېتىشكە قىيمىغانىدى.

ھەممە پالاكەتچىلىك شۇنىڭدىن باشلاندى. بۇ مېنىڭ پەقەتلا ناندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئەمەس ئىدى. ئۇ پەقەت شۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق كېلىشمەسلىكلەردىن بېشارەت بەرگەنىدى.

— ھەي، ئەتىگەندە ئەجەب ئوڭۋاقمىدى! — دېدىم مەن. ئەتىگەندە پالاكەت باسسا كەچكىچە ھەممە ئىش تەتۈر كېلىدۇ دەيدىغان قاراشقا تامامەن ئىشىنەتتىم. ھەتتا بۇ قاراش مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ قارىشىمغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. گايىدا ئۇ مېنىڭ رېئال تەجرىبىلىرىمدىن يەكۈنلىنىپ چىقىپ ئاندىن كىشىلەرگە ئومۇملاشقاندەكمۇ تۇيۇلاتتى. بەزىدە بۇ ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن يەكۈنلەنگەن خۇلاسىمۇ ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىۋېلىپ ئىشىنىپ قوبۇل قىلغانمۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەي قالاتتىم.

مەكتەپكە بېرىشىمغىلا بالىلارنىڭ سىنىپلارغا كىرمەي قالايمىقان چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. شۇ كۈنى دەرسكە سەل كېچىكىپ قالغانىدىم. دەسلىپىدە ئوقۇتقۇچى تېخى سىنىپقا كىرمىگەن ئوخشايدۇ دەپ كېچىككەنلىكىم ئۈچۈن تەنقىدلىنىشتىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش بولدۇم، بىراق ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. پەقەت بىزنىڭ سىنىپىتىكىلەرلا ئەمەس، ھەممە سىنىپتىكى بالىلار توڭگۇز توپاق ئويناپ مەكتەپنى بىر ئالغانىدى.

كېيىن باشقىلاردىن مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ توختىتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بېشىمغا بىر چېلەك مۇزدەك سۇ قۇيۇلغاندەك بولۇپ ئەندىكىپ كەتتىم - دە، ئورنۇمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدىم. مەن بۇ خەۋەرنىڭ يالغان بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىپ بىرەرسىدىن ئۇنداق ئەمەس دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قېلىش تەمەسىدە ھەممە ئادەمدىن بىر قۇر سوراپ چىقتىم، بىراق بۇنى يالغان دەيدىغان بىرەر ئادەم چىقمىدى.

مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. مەن ئۆگىنىشتە ناھايىتى ناچار ئوقۇغۇچى ئىدىم. دەرستە ناچار بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشتىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال ئىدى. بىرسى ئىسقىرتسا، بىرسى سەت گەپلەر بىلەن قوشاق توقۇيتتى. ئۇلار مېنىمۇ خۇشال بولىدۇ دەپ ئويلاشتى. بەلكىم ئاشۇ كۈنى مەكتەپنىڭ تاقىلىپ كەتكىنىگە قايغۇرغان يالغۇزلا مەندىمەن. شەھەرلىك بەزى بالىلارمۇ سەل قايغۇرۇشتى، چۈنكى ئۇلار ئۈچۈن مەكتەپ بىر يەرگە يىغىلىپ ئوينايدىغان ياخشى مەيدان ئىدى. ئەمدى ئوقۇش توختاپ كەتسە ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ ئويناش ئۈچۈن بىر - بىرىنى ئۆيلىرىگە بېرىپ چاقىرىشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر ئاتا - ئانىلىرى ئوينىغىلى سىرتقا چىقىشىغا ئۇنىمىسا مىڭ توۋلىغان بىلەنمۇ ئوينىغىلى چىقالمايتتى.

دادۇيجاڭلارنىڭ دەھشەتلىك تەلەتى كۆز ئالدىمدا شەكىللەندى. ئۇلارنىڭ باشقىلارنى ئۇرۇپ - تىللاپ ئىشقا ھەيدەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېغىمدا ئۆزۈمنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالمىغانلىقىمنى ئويلاپ خۇشال بولۇپ كېتەتتىم. مانا ئەمدى مېنىمۇ دادۇيجاڭلارنىڭ تىل - ئاھانىتى بىلەن ئېغىر ئەمگەك كۈتۈپ تۇراتتى.

مەن چۈشنى ئاچ قورساق ئۆتكۈزدۈم. ئادەتتە باشقا كۈنلىرىمۇ ئاچ قورساق ئۆتكۈزەتتۇق، چۈنكى ھېلىقى بىر پارچە نان ھېچنېمىگە دال بولالمايتتى. مەن ئاچلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئازراق بولسىمۇ ئاچلىقنى باسار دېگەن ئۈمىدتە ئېرىقتا ئېقىۋاتقان لاي سۇنى چاڭگىلىمغا ئېلىپ ئىچىۋەردىم. قورسىقىم كوركىراپ كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يول ماڭسام قورسىقىم شالاق - شالاق قىلىپ، قۇرۇق ئاشقازاندىكى سۇ چايقىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى.

چۈشتىن كېيىن باشقىچە بىر گەپ بولۇپ قالارمۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن تېخىچە كەتمەي تۇرغاندىم، چۈشتىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئارقا تەرىپىنى بويلاپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىدىن سۇنى ئىچىۋېتىپ ئېغىرلاشقان گەۋدەمنى تەستە رۇس قىلىپ مەكتەپ ئىچىگە قاراپ ماڭدىم. سۇنى بەك جىق ئىچىۋەتكەن ئىكەنمەن، بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا قۇسۇپ تاشلىدىم. يولدا بۇنى كۆرگەن بىرەيلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى. مەن گەپ قىلماي يولۇمنى داۋام قىلدىم. ئاشۇ

كۆنى لىق سۇ قاچىلانغان تۇلۇمغا ئوخشاپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلغانلىقىم ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە. مەن ھەتتا ئاشۇ كۈنى سىنىپقا بارغىچە يول بويىدا ئۇچرىغان مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسىنى، ئۇلارنىڭ ئاشۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنىمۇ ناھايىتى تولۇق ۋە ئىنچىكە ئېسىمگە ئالالايمەن. ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر تا ھازىرغىچە ئاشۇ يەردە يەنىلا شۇ پېتى قېتىپ تۇرغاندەك، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بولۇپ قەيەرلەردىدۇر ساقلىنىۋاتقاندەك ئوپ - ئوچۇق ھالدا كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. دەل ئاشۇ كۈنى مەن ئۇنى، ئۇنىڭ ماڭا مەنىلىك قاراپ كۈلۈشىنى كۆرگەنىدىم. مەن ئۈچۈن زادىلا مۇھىم بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى يەنىلا كۆز ئالدىمدا تۇرغاندەك مېنىڭ ئېڭىمدا زاھىر بولىدۇ، بىراق پەقەت ئاشۇ قىزلا ناھايىتى مەۋھۇم.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقىچە بىرەر خەۋەر ئاڭلاپ قالارمەنمىكىن دەپ ئۇلارغا تەلمۈرۈپ قارىدىم، بىراق ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ زۇۋان سۈرمىدى. بىزنىڭ ئاچچىقى يامان ئوقۇتقۇچىمىز ئىنتايىن سۈرلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ ئالدىمغا كېلىۋىدى، ئەتىگەن كېچىكىپ قالغىنىمنى يادىمغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا شۈمشىيىپ، ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ قولىقىمنى تولغاپ قاتتىق تىللىشىنى كۈتتۈم، بىراق ئۇ مېنى كۆرمىگەندەكلا گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. بۇرۇن ئۇنىڭ مېنى تەنقىد قىلغان چاغدىكى گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازىدىن جان - پېنىم چىقىپ كېتەتتى. بىزنىڭ بۇ پىشقەدەم سىنىپ مەسئۇلىمىز ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشتا قاتتىق قوللۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭدىن قاتتىق قورقاتتۇق. ئۇ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇراتتى. ئۇرغان چاغدا پۇت ۋە قوللىرى تەڭلا ھەرىكەتكە كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇ يوق يەردە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي ئۇنى «چامباش مۇئەللىم» دەپ ئاتايتتۇق، . ئۇ تەنقىدلەش ئۈچۈن بىرەرسىمىزنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ دوسكا ئالدىغا چىقىشقا بۇيرۇسا قورقۇنچتىن تېنىمىز جۇغۇلداپ كېتەتتى. بىراق ئاشۇ كۈنى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ مېنى تەنقىدلىشىنى، بار ئاۋازى بىلەن تېنىمنى جۇغۇلدىتىپ قولىقىم تۈۋىدە تىللاپ ۋارقىرىشىنى، قولاقلىرىمنى سوزۇپ، كۆتۈمگە ئايىماي تېپىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەتتىم، بىراق مۇئەللىم مېنى كۆرمىگەندەكلا گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتتى. مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ئىسسىق ياش ئىختىيارسىز قۇيۇلۇپ چۈشتى.

مەكتەپ مەيدانىدا تاملاردىن سويۇلۇپ چۈشكەن چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنىڭ پارچىلىرى توپا - چاڭلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كونىراپ تىتىلىپ ئۇپراش دەستىدىن ئىزىنىمۇ يايالماس بولۇپ قالغان سالتاڭ ئىشتانلىرىنىڭ ئاستىدىكى يالىڭاچ پۇتلىرى ئارىلىرىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. قان بىلەن بويالغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ قەغەزلەر ئاشۇ ئۇچۇشىدا ئاشۇ يالىڭاچ پۇتلار ۋە سالتاڭ ئىشتانلارنىمۇ ئۆزى بىلەن قوشۇپ ئاللىقاياقلارغىدۇر ئېلىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى ھەرقانداق ئادەم يىرتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، يىرتىپ سالسىلا ئەجىلىم توشتى دەپ ئويلىسا بولىۋېرەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ يەر ئۈستىدە ئۇچۇپ لەيلەپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىمدە زادى قانداق بولۇپ تامدىن سويۇلۇپ چۈشكەندۇ دەپ تېگىگە يېتەلمەي قالىمەن. مەن ماغدۇرسىز قەدەملىرىمنى ئاستا ئېلىپ سىنىپ بىناسىنىڭ كارىدورىغا قەدەم تاشلاي دەپ تۇرۇشۇمغىلا بىرەيلەن بىلەن قوغلىشىپ ئويناۋاتقان بولسا كېرەك، بىر قىز بالا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كارىدور ئىچىدىن يۈگۈرەپ چىقىپ قالدى. بۇ چاغدا مېنىڭ بىر پۇتۇم پەلەمپەيدە، بىر پۇتۇم بوسۇغىدا ئىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي پەلەمپەيدىن ئوڭدامغا ئۇچۇپ چۈشتۈم. قاتتىق چۈشكەن ئىدىم. بىردەم ئاغرىق دەستىدىن تىن ئالالماي قالدىم. ياپما قاپاق كەلگەن ئۇ قىز تېخىچە كۈلۈۋاتاتتى. ئۇلار بەكمۇ قىزىق بىر ئويۇننى ئويناۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ مېنىڭ قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەنلىكىمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۈلۈشتىن ئۆزىنى توختىتىۋالالمىدى. ئۇنى قوغلاپ كەلگەن يەنە بىر قىزمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋېرىۋاتاتتى.

بەدىنىم قاتتىق سىلكىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەماللىققا دەرھاللا ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. بىرئازدىن كېيىن ئۇ قىز كۈلۈشتىن توختاپ، كېلىپ مېنى قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. قورسىقىم قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنىدى، ھېلىمۇ ياخشى بېشىم تېگىپ كەتمىدى دەپ ئويلىدىم مەن، بېشىم تېگىپ كەتكەن بولسا ھايات قېلىشىم تەس ئىدى. مەن قورسىقىمنى چاڭگاللاپ بەك تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. قورسىقىمغا تو كەتكەندەك قىلاتتى. قورسىقىم بىردەم چىڭقىلىپ ئاغرىغاندىن كېيىن ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ياپما قاپاق كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ تۇراتتى.

— بەك قاتتىق چۈشۈپ كەتمىگەنسەن؟

تىنىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ بىردەم گەپ قىلالماي تۇرغاندىن كېيىن دېدىم:

— ھېچنەرسە بولمىدۇم... ئاناڭنى... نېمانچە يۈگۈرىسەن؟!

— خاپا بولدۇڭمۇ؟ — يەنە سورىدى ئۇ.

مەن گەپ قىلماي رەنجىش بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدىم، ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ئەركىلەپ قارىدى.

مانا بۇ تۇرغۇن يىللاردىن كېيىن تۇيۇقسىز مېنىڭ قەلبىمنى پاللىدە يورۇتۇۋەتكەن ئاشۇ تە-

بەسسۇم. مەن ئاخىرى مېنىڭ ئەسلىمەمدە ئەخلەتتەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن باشقا ئوبرازلارنىڭ كاساپىتىدىن مەجرۇھ بولغان ئاشۇ ئوبرازنى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقتىم.

ئۇنىڭ ئىسمى چىنار!

4

ئۇلار ئۇنى دەسلەپتە ساقچىخانىغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ زادى نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى چىرايى زەڭگىلەردەك قارا، بۇدۇر چاچلىق ساقچى يىگىت ئۇنىڭ مايلىشىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ. بۇ ئادەمنىڭ تاتىراڭغۇ يۇزلىرىدىن خۇددى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ماي تېمىپ تۇراتتى. ساقچىنىڭ چىرايى قارا بولغىنى بىلەن قاملاشقان ئادەم دېيىشكە بولاتتى. ساقچىنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ ئۇ غەلىتە بىر خىل تەرىزدە كۇلۇپ قويدى، بۇ غەلىتە كۇلكە بىلەن ئۇنىڭ پارقىراپ كەتكەن مايلىشاڭغۇ يۇزلىرى بەكمۇ يىرگىنچلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۇلكىسى ساقچى يىگىتنىڭ بىردىنلا ئوغىسىنى قايىنىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، بىراق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپلا يەنە جىمىپ قالدى.

بۇ ئادەم بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەن باشقا ئوغرىلارغا زادىلا ئوخشىماي قالدى. ئۇنىڭ خۇددى ھەيكەلدەك بىرلا خىل ئىپادە بىلەن قېتىپ قالغان چىرايىدا زادىلا جىددىيلىشىش، بىچارىلىك ياكى يېلىنىش، ھىيلىگەرلىك دېگەندەك ئىپادىلەر كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ھېلىقى غەلىتە كۇلكىسى بولسا بۇ چىرايدىكى مۇزدەك سوغۇقلىقنى تېخىمۇ كۇچەيتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى.

دەسلەپكى قەدەمدىكى تەكشۇرۇش ساقچىلارنى ھەيران قالدۇردى. بۇ ئادەم زادىلا ئوغرىلىق قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى بىرئاز غەلىتىرەك، بىراق ئۆزى ناھايىتى ياخشى ئادەم، — دېدى ئۇنىڭ قوشنىسى ساقچىلار ئەھۋال ئىگىلەپ بارغان چاغدا. ئۇلار ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىپ ساقچىخانىدا تۇتۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ سۆزلەرگە زادىلا ئىشىنەلمەي قالدى.

— ئۇ ئىنتايىن ياۋاش ئادەم. باشقىلار بىلەن زادىلا ئارىلاشمايدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىش بىلەن چاتىقى يوق.

ئۇنىڭ تېلېۋىزورنى دائىم يۇقىرى ئاۋازدا قويۇشىدىن رەنجىگەن بىر بوۋاي:

— ئۇنىڭ بىرلا ئەيىبى، تېلېۋىزورنى بەك ئۇنلۇك قويۇۋېتىدۇ، لېكىن مېنىڭچە بۇنىمۇ توغرا چۇشىنىشكە بولىدۇ. چۇنكى ئۇ بويتاق. ئۇنىڭ يېشى قىرىقلاردىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرىلا ئېشىپ كەتكەندۇ، تېخىچە توي قىلاي دېمىدى. ئاشۇ ياشقا كىرگىچە بويتاق ئۆتۇش ئاسانمۇ؟ يالغۇزچىلىقتا تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى ھەرقانچە يۇقىرى قويۇۋەتكەن بىلەنمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

— بويتاقچىلىق يامان، — دېدى پاكار، يۇمىلاققىنە كەلگەن بىر ئادەم. ساقچى يىگىت ئۇنىڭ دىغماققىنە قوللىرىغا ئالاھىدە سەپسالدى. بۇ ئادەم ھەر بىر ئېغىز سۆز قىلغاندا قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ سۆزلەيتتى، خۇددى قوللىرىغا تايىنىپ سۆزلەۋاتقاندەك، قوللىرىنى ھەرىكەتتىن توختىتىۋالسىلا سۆزلىيەلمەي قالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، — بىز ئۇنىڭ نېمىشقا ھازىرغىچە ئۆيلەنمەيدىغانلىقىنى زادىلا چۇشەنمەيمىز. بۇنىڭغا بىزمۇ ھەيران. ئۇ ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمايدۇ. ھېچكىم بىلەن مۇڭداشمايدۇ. بىز پەقەت ئۇ ئۇنئالغۇنى بار ئاۋازى بىلەن قويۇۋەتكەن چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

— ئۇ خىزمەتنى ناھايىتى ئەستايىدىل ۋە پۇختا ئىشلەيدۇ، تەرجىمانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمىسى ئىنتايىن ياخشى، بىراق ناھايىتى ئاستا، بىر بەت نەرسىنى ئىككى - ئۈچ كۇن ئاۋۋال بېرىپ قويمىسا تەرجىمە قىلىپ ئۇلگۇرەلمەيدۇ، لېكىن قىلىپ بولغان تەرجىمىسى ناھايىتى ياخشى، ھەتتا بىر تال چېكىتىنىمۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئۆزى ناھايىتى ياۋاش ئادەم... — دېدى ئۇنىڭ ئىدارە باشلىقى ئۇنى تەرىپلەپ، — ئۇنى بىز پەقەت بىرنەرسە تەرجىمە قىلىشقا توغرا كەلگەندىلا ئېسىمىزگە ئالىمىز.

ساقچى يىگىتنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بىر تىلدىكى سۆزلەرنى يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلالايدىغانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى چۇشىنىپلا قالماستىن، ھەتتا تەرجىمە قىلىپ باشقىلارغا چۇشەندۇرۇپ بېرەلىشى زادىلا ئەقىلغە سىغمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

— سىز قاچاندىن بېرى ئوغرىلىققا ئادەتلىنىپ قالغان؟ — ساقچى يىگىت ئۇنى سوراق قىلىۋېتىپ ئىختىيارسىز سىزلەپ سالدى.

— ئەزەلدىن ئوغرىلىق قىلىپ باققىنىم يوق... سىزنىڭچە مېنىڭ ئوغرىلىق قىلىشىم مۇمكىنمۇ؟

— بىزدە پاكىتلار تولۇق. سىزنىڭ ئوغرىلىق قىلىۋاتقىنىڭىزنى كۆرگەن گۇۋاھچىلار بار. سىز ئاشۇ ئايالنىڭ يانچۇقىغا قولىڭىزنى سېلىۋاتقىنىڭىزدا ئەتراپىڭىزدىكىلەر سىزنى كۆرۈپ تۇرغان.

— ئۇلار خاتا كۆرۈپ قاپتۇ. ئاپتوبۇس جىددىي تورمۇزلانغاندا مەن يىقىلىپ چۇشمەسلىك ئۇ-

چۈن بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋالاي دېسەم قولۇمغا ھېچنەرسە چىقمىدى. سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئاشۇ ئايالغا تايىنىۋاپتىمەن، ئاپتوبۇس ئىچىدە ئادەم بەك كۆپ، ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرۈشىمنى نەدىن بىلەي. سىز بىلىسىز، مەن شەھۋانىيەتكە ئانچە بېرىلىدىغان ئادەم ئەمەس، بولمىسا مۇشۇ چاققىچە بويتاق ئۆتەتتىمەمۇ؟!

— مەن سىزنى لۇكچەكلىك قىلدىڭىز دېمىدىمغۇ!

— شۇنداق . . . شۇنداق . . . مېنىڭ قولۇم ئىگىسىز ھالدا پەقەت تايىنىدىغان نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بېلىگە بېرىپ قاپتۇ.

— بېلىگىمۇ ياكى يانچۇقىغىمۇ؟

— بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر، چۈنكى مەن بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋېلىپ يىقىلىپ چۈشۈشتىن ساقلانساملا بولدى، ئۇنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. ئويلىمىغان يەردىن قولۇم ئۇنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ قاپتۇ.

— ئەمىسە پۇلچۇ؟

— توغرا، قولۇمغا پۇل چىقىپ قاپتۇ. مەن ئاپتوبۇستا بىلەت ئالغاندا بىلەت ساتقۇچى پۇل قايتۇرۇپ بەرگەن. سەنتۈرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنى رۇسلىۋالغان چېغىمدا قولۇمدا پۇل تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم، مەن ئۇ پۇلنى بىلەت ساتقۇچى قايتۇرۇپ بەرگەن پۇل دەپ قاپتىمەن. قولۇمغا چىقىپ قالغان پۇلنىڭ ئۇنىڭ ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي.

سوراق دائىملا ئەنە شۇنداق بىرلا خىل تەكرارلىنىپ تۇراتتى. ساقچى يىگىت بىلەن ئوغرىنىڭ سوئال - جاۋابى خۇددى ئۈنئالغۇغا ئېلىپ قويغاندەك بىرلا خىل تەرتىپ بىلەن قايتا - قايتا تەكرارلىناتتى.

بۇ يەر تىل ئۆگىنىشكە ئەڭ مۇۋاپىق جاي ئىكەن دەپ ئويلىدى ئۇ، چەت ئەللىكلەر بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۆگەنمەكچى بولسا مۇشۇ يەرگە كەلسە بولغۇدەك، مۇشۇنداق سوئال - سوراقلار قايتا - قايتا تەكرارلىنىۋەرسە ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنى يادلاپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، بۇ دىئالوگلار تەبىئىي ھالدا ئۇلارغا ياد بولۇپ كېتىدۇ.

بىرنەچچە كۈنلۈك سوراقتا ھېچبىر ئىلگىرىلەش بولمىدى. ئۇلار ئاخىرى ئۇنى قويۇۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يەنە قايتا قولغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئۇلار زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

## 5

يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتتىم. كاللامدا ئۇيقۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۆزۈمنى ئىنتايىن سەگەك ھېس قىلدىم. قاتتىق ھاياجاندىن نېرۋىلىرىم جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. قاپقاراڭغۇ ئۆيدە تورۇسقا تىكىلگىنىمچە بىرھازا ياتقاندىن كېيىن ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھەركۈنى شۇنداق ئويغىنىپ كېتەتتىم. بۇنداق چاغدا ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ ياناتتى.

كىيىملىرىمنى ھاپىلا - شاپىلا كىيىپ سىرتقا ماڭدىم. ئىشىك ئالدىغا چىقىشىمغا مۇزدەك سوغۇق شامال چېكىلىرىمگە ئۇرۇلدى، بىراق قىزىپ كەتكەن تومۇرلىرىم ئازراقمۇ سوۋۇي دېمىدى. مەن خۇددى ئەرۋاھتەك لەيلەپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. ھەممە ئەتراپ قار بىلەن قاپلانغانىدى. كۈمۈش رەڭلىك قار قاراڭغۇلۇق قوينىدا سۇس يالتىراپ جاھاننى تېخىمۇ قاراڭغۇ ھەم مۇدھىش كۆرسىتەتتى.

كوچىلاردا ئادەم ئايىغى ئۈزۈلگەنىدى. ئاللىقەيەرلەردىندۇر ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەتراپ جىمجىت ئىدى. پۈتۈن جاھان، قاراڭغۇ كوچىلار، تار، ئەگرى - بۈگرى يوللار خۇددى يالىڭاچ ئايالنىڭ رەسىمىنى مېنىڭ قورقۇنچ ۋە قىزىقىش ھەمدە ھەيرانلىق ئىچىدە خىلۋەت جايلاردىكى خالالارغا كىرىۋېلىپ ئوغرىلىقچە قوينۇمدىن چىقىرىپ قايتا - قايتا تاماشا قىلغان چېغىمدىكىدەك مېنىڭ لەززەتلىنىشىم ئۈچۈن ئوچۇقچە قالغانىدى.

مەن ھەم ناھايىتى سەزگۈر ئىدىم، ھەم خۇدۇمنى يوقاتقانىدىم. تىنىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، پۈتۈن سەزگۈمنى ئىشقا سېلىپ ئەتراپتىكى تىۋىشلارنى كۆزىتەتتىم. ئەگرى - بۈگرى، قاراڭغۇ كوچىلاردىن تېخى چىرىغى ئۆچۈرۈلمىگەن دېرىزىلەرنى ئىزدەيتتىم.

تۇيۇقسىز شىرتىلدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ قارىسام ئايىغىم ئاستىدا مەن بىلەن تەڭ مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر جانلىق ئاپئاق قاردىن شەكىللەنگەن مۇز ئۈستىدە كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى. بۇ بىر تال چاشقان ئىدى. ئۇ خېلى بىر ئۇزاقچە ئالدىمدىلا ماڭدى، ئاندىن نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ يوقالدى.

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا چىرىغى يېنىقلىق تۇرغان بىر دېرىزىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدۇم. ئەتراپقا تېزلىك بىلەن بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن تىنىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كەلدىم. ھەر بىر قەدەم ئالغان ۋاقتىمدا ئالدى بىلەن بىر پۇتۇمنى بىر جايغا تاۋۇش چىقارماي قويۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بەدىنىمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۇنىڭغا چۈشۈرۈپ يەنە بىر پۇتۇمنى يۆتكەپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە سۈرۈلۈپ باراتتىم، شۇنداق قىلغاندا زادىلا تاۋۇش چىقارماسلىق مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارىسام دېرىزىنىڭ پەردىلىرى ھىم ئېتىلگەنىدى. ئۆي ئىچىنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى. مەن دېرىزە ئالدىدا

بىردەم تۇرۇپ دۇنيادىكى پەردىلەرنىڭ ھەممىسى-
نى ئىچىمدە قاغىدىم. بۇ قىلىن پەردىلەر ئادەمگە
ھېچقانداق ئىمكانىيەتنى قالدۇرمايتتى. دېرىزى-
لەرگە پەردە تارتىشنى زادى قانداق ئەبلەخ ئەڭ
باشتا باشلاپ بەرگەن بولغىيدى؟! مەن تىنىقىمى-
نى ئىچىمگە چىڭ يۇتۇپ دېرىزە ئىچىدىكى تا-
ۋۇشقا قۇلاق سالدىم، مەن ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاللى-
قانداق ئاۋازلارنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلاتتىم، بى-
راق خۇددى دېرىزە ئىچىدە ھېچقانداق نەرسە مەۋ-
جۇت ئەمەستەك ھېچنەرسىنى ئاڭلىيالمىدىم.

مەن يەنىلا سەرسانە ھالدا يورۇق دېرىزىلەر-
نى ئىزدەپ مېڭىپ كەتتىم.

مەن زادى قايسى چاغلاردىن باشلاپ بۇ كو-
چىلاردا ھەركۈنى كېچىدە سەرسان بولۇپ ئايلى-
نىپ يۈرىيدىغان بولۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن.
بۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى.
بەلكىم 10 يىل، بەلكىم 15 يىل بولغاندۇ. ھەر-
كۈنى كېچىدە تۈگىمەس بىھۇدە ئايلىنىپ يۈرۈش-
لەردىن ھېچنەرسىگە ئېرىشىپ باققىنىم يوق.
بىراق مەن يەنىلا بۇنداق قىلىشتىن ئۆزۈمنى تار-
تىۋالالمىدىم، يەنىلا ھەركۈنى ئاشۇنداق بىرخىل
بېسىپ بولغۇسىز ۋەسۋەسە بىلەن يۈرىكىم جۇ-
غۇلدىغان، ۋۇجۇدۇم تىترىگەن ھالدا ئاشۇ قاراڭ-
غۇ كوچىلارغا كىرىپ كېتىمەن.

مەن يەنە بىرمۇنچە دېرىزىنىڭ تۈۋىگە بار-
دىم. بىر دېرىزىنىڭ يېنىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ
قايتسام، يەنە بىر دېرىزىنىڭ ئالدىغا باراتتىم.
بىر دېرىزىدىن ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىسا
يەنە بىرىدىن چوقۇم كۆرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئى-
شىنەتتىم. پەردىسى تازا ھىم ئېتىمىلگەن بىرەر
دېرىزىنىڭ ھېلىلا ئۇچراپ قالىدىغانلىقىغا ئىشى-
نەتتىم. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى مەن ئەنە شۇن-
داق ئىشىنىپ كەلدىم، بىراق دېرىزىلەرنىڭ ئى-
چىدىن تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان ھېلىقى
ھالەتلەرنى زادىلا كۆرەلمىدىم، خۇددى دۇنيادا
ئۇنداق ئىش مەۋجۇت ئەمەستەك.

بىر دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدىم، پەردى-
نىڭ ھىم ئېتىلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم -
دە، جىددىيلىشىش ۋە قورقۇنچ تۇيغۇسى بىلەن
پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۈيۈشۈپ كەتتى. دېرىزىنىڭ
پەردىسى ھىم ئېتىلمىگىنى بىلەن تور پەردە بار
ئىدى، بۇ تور پەردە ئۆي ئىچىنى كۆرۈشكە ئانچە
توسالغۇلۇق قىلالمايتتى. دېرىزىگە مۇز تۇتۇپ
كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ مۇز تۇتمىغان جايلىرى-
دىن ئۆي ئىچىگە قاراشقا بولاتتى. مەن ئىتتىك-
لىشىپ كەتكەن نەپىسىمنىڭ ئۆي ئىچىگە ئاڭلى-
نىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بىرھازا تۇرۇۋېلىپ ئۆ-
زۈمنى توختىتىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن يۈزۈمنى
ئەينەككە چاپلاپ تۇرۇپ ئۆي ئىچىگە قارىدىم.
ئۆي ئىچىگە قارىشىم بىلەنلا ئەت رەڭلىك بىرنەر-
سىنى كۆرۈپ قالدىم - دە، يۈرىكىم جىغغىدە
قىلىپ تۇيۇقسىز ئىگراپ سالدىم، ئاندىن ئالاق - جالاق
بولۇپ ئەتراپقا قارىۋەتتىم، ئەتراپتا بىرەر ئادەم
ئۆتۈپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن پۈتۈن
دىققىتىمنى يىغىپ ئۆي ئىچىگە قارىدىم، ھېلىقى
ئادەم تېنىگە ئوخشايدىغان نەرسە خۇددى ئوت -
يالقۇندەك ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى، ۋۇجۇدۇم ئۇ-
نىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ چوغ بولۇپ
ياناتتى. دەھشەتلىك ھاياجاندىن خۇدۇمنى يوقى-
تىپ خۇددى يۈرەك - باغرىم يېرىلىپلا كېتىدى-
غاندەك ھېس قىلاتتىم. بىراق ئەنە شۇنداق خۇ-
دۇمنى يوقاتقان ھالەتتىمۇ ئەتراپقا قورقۇنچ بىلەن
بىراۋنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قاراپ
قوياتتىم.

دېرىزە ئەينىكى ئىتتىكلەپ كەتكەن تىنى-
قىمنىڭ ھورىدا غۇۋالىشىپ مەن ھېچنېمىنى كۆ-
رەلمەي قالغاندىن كېيىن، يۈزۈمنى باشقا ياققا
يۆتكەپ قايتىدىن قارايتتىم. مەن ئۆي ئىچىدىكى-
لەرنىڭ تۇيۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تىنىقىمنىڭ
ھورىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن جايلارنى سۈرتۈۋېتەي-
مۇ دېدىم. ھېلىقى ئەت رەڭلىك نەرسە بىردەم
ھەرىكەتلىنىشتىن توختىۋىدى، ئۆزۈمنى تۇتۇۋې-
لىپ ئىدراكىمنى ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ ئۇنى
ئىنچىكە كۆزەتتىم، دەل شۇ چاغدا قاتتىق ئۈمىد-
سىزلىنىپ لەسسىدە بولۇپ قالدىم، قاتتىق جىد-
دىيلىشىش دەستىدىن كىرىشىپ كەتكەن ۋۇجۇ-
دۇم بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. تىزلىرىمنىڭ
تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

مېنىڭ باياتىندىن بېرى كۆرگىنىم بىرەر
ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنى بولماستىن، بەلكى سۈس
سېرىق رەڭلىك يوپۇق يېپىلغان بۆشۈك بولۇپ
چىقتى. مەن دېرىزىنىڭ مۇزلىرى ئارىسىدىن زا-
دىلا مۇز تۇتمىغان بىر يوچۇقنى تېپىپ بىر قاراپ-
لا بۇنى ئېنىق كۆردۈم. بۆشۈكنى بىر موماي
تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى. بۇنى ئېنىق كۆرەلمىگەن
بولسامچۇ - ھە! دەپ ئويلىدىم مەن. تاسادىپىي
ھېلىقى زادىلا مۇز تۇتمىغان جاينى بايقاپ قالمى-
غان بولسام ئۆي ئىچىنى ئېنىق كۆرەلمەيتتىم،
شۇنىڭ بىلەن بۆشۈككە يېپىلغان يوپۇقنىڭ تەۋ-
رىنىشىنى بىر ئايالنىڭ يالىڭاچ تېنى دەپ ئويلا-
ۋېرەتتىم، مەڭگۈ ئۇنى بىۋاستىلا ھالدا كۆرگى-
نىمگە ئىشىنەتتىم. مەن ئۈچۈن ئۇ ھەقىقىي
ئاياللارنىڭ تېنى بىلەن ئوخشاش ئىدى، مەن ئۈ-
چۈن ھەممىسى بەرىبىر. مەن ئۇنىڭ بىر يالىڭاچ
ئايالنىڭ تېنى بولماستىن، بەلكى بۆشۈك ئىكەن-
لىكىنى بىلمىگەن بولسام، دېرىزىنىڭ ھېلىقى
مۇز تۇتمىغان ئۆلگۈر يېرىنى كۆرۈپ قالمىغان
بولسام ماڭا كۆرۈنگەن بۆشۈك بىلەن ئايالنىڭ
تېنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق بولمايتت-
تى. مېنىڭ بۇ يەردە ئىزدىگىنىم بىر خىل ھايا-
جان. مەن ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى ئاشۇ دەھشەتلىك
ھاياجاننى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىش ئۈچۈنلا
ئىزدىشىمەن، مەيلى قانداقلا نەرسە بولمىسۇن مەن-
دە ئەنە شۇنداق ھاياجاننى قوزغىيالىسا مەن ئۇ-

چۇن ئاياللارنىڭ بەدىنىدىن پەرقسىز. ئاشۇ يەردىكى كىچىككىنە غۇۋالىق پەيدا قىلغان تەسىرىمۇ بىردىنلا بەربات بولدى، مەن ئۇنىڭ مەڭگۇ غۇۋا بولۇپ، مەندە مەڭگۇ ئۆزۈم خالىغانچە ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتى قالدۇرۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم - ھە!

مەن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى سانسىزلىغان دېرىزىلەرنى مارىلاپ چىقتىم. لېكىن بىرەرسىدىمۇ يالىڭاچ ئاياللارنىڭ تېنىنى ياكى باشقىلارنىڭ خۇپىيانە ھەرىكىتىنى كۆرۈپ باققىنىم يوق. مەن كېچىچە خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئالۋاستىغا ئوخشاش چوڭ - كىچىك كوچىلانىڭ ھەممىسىنى قويماي ئايلىنىپ چىقىمەن. ھەربىر دېرىزىنىڭ يېنىغا بارغاندا جىددىيلىشىشتىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم جالاقلاپ تىترەپ، تىنىقىم ئىچىمگە پاتماي قالىدۇ. مەن كۆرمەكچى بولغان نەرسىلەرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، بىراق يەنىلا ئەسەبىيلەرچە بىر ئىستەك بىلەن پۈتۈنلەي كونتروللۇقۇمنى يوقاتقان ھالدا تۈگىمەس سەرسانلىقىمنى داۋاملاشتۇرىمەن، مەن ئاخىرى دۇنيادا مەن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئىشلارنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم. رەھىمسىز ئادەملەر ماڭا زادىلا يول قويمىدى. ئۇلار قېلىن - قېلىن پەردىلەر بىلەن دېرىزىلەرنى توسۇۋېلىپ مەن ئوغرىلىقچە كۆرمەكچى بولغان ئاشۇ ئىشلارنى تېخىمۇ سىرلىق، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان، ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايدىغان قىلىپ قويدى. بۇ سىرلىقلىق ئۇنى تېخىمۇ مۇقەددەسلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇ قانچە سىرلىق بولغانسېرى ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى شۇنچە ئېشىپ مېنى ئەقلىدىن تامامەن ئېزىشقا، تولۇق ئەسەبىيلىشىشكە ۋە بەربات بولۇشقا ئېلىپ باراتتى. ئۇ باشقا مۇقەددەس ۋە سىرلىق نەرسىلەردەك، بارلىقىغا ئىشەنمىسە بولمايدىغان، لېكىن زادىلا ئۆزىنى كۆرسەتمەيدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭدىن زادىلا ئۈمىدىمنى ئۈزەلمىدىم. كېيىن ھېس قىلىپ يەتتىمكى، مېنىڭ كوچىلاردىن ئىزدىگىنىم، يورۇق دېرىزىلەردىن ئىزدىگىنىم، مېنى شۇقەدەر سەرسان قىلغان، مېنىڭ شۇقەدەر خۇدۇمنى يوقىتىشىمغا سەۋەب بولغان، مېنى شۇقەدەر ئەسەبىيلەشتۈرگەن نەرسە باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەتلا ھەربىر دېرىزىنىڭ ئالدىغا بارغاندا پەيدا بولغان چەكسىز قورقۇنچ ۋە جىددىيلىشىش تۇيغۇسى ئىكەن. بۇ خىل جىنايەتلىك ۋە شېرىن بولغان تۇيغۇ قانچە ئۇزۇنغا سوزۇلسا مەن شۇنچە ھۇزۇرلىنىمەن. مەن ئالاقزادە بولغان ھالدا ئەتراپلىرىمنى كۆزىتىشتىن بىردەم توختاپ قالمىسامۇ، بىراق ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆزۈمدىكى ئاشۇ چەكسىز ۋە زۇلمەتلىك تۇيغۇ قوينىغا چوڭقۇر چۆكىمەن. مەن ئاشۇ چاغدا بەدىنىمدىكى قاننىڭ شىددەتلىك ئايلىنىشىنى تاماشا قىلىمەن، مەن قاننىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن. چەكسىز ھاياجان بەدىنىمنى سىلكىندۈرىدۇ، ھۇجەيرىلىرىمنى تېپچەكلىتىۋېتىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردىن ئىزدىگەنلىرىم پەقەتلا مانا مۇشۇنداق تۇيغۇ ـ تۈگىمەس قورقۇنچ ۋە ۋەسۋەسە. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا قورقۇنچنىڭ مۇزدەك سوغۇق تۇيغۇسى ئۆتتەك يېنىپ تۇرغان ۋەسۋەسە بىلەن بىرىكىپ ئاجايىپ تاتلىق بولۇپ كېتىدۇ. مەن قورقۇنچ تۇيغۇسىغا قاچاندىن بېرى جان - جەھلىم بىلەن مەھلىيا بولۇپ قالغىنىمنى ۋە نېمىشقا مەھلىيا بولۇپ قالغىنىمنى زادىلا بىلمەيمەن. بەلكىم قورقۇنچنىڭ نەقەدەر تاتلىق بولىدىغانلىقىنى دۇنيادا مەندىن باشقا يەنە چۈشىنىدىغان ئادەم يوقتۇر، ھېچكىم قورقۇنچتىن لەززەتلىنىشنى بىلمەيدۇ، بەلكىم ئۇنىڭ لەززىتى ھەرقانداق لەززەتنى بېسىپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئاشۇ لەززەتنىڭ ھاياجىنىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغاندۇ. مېنىڭ نەزىرىمدە دۇنيادا ھېچقانداق تۇيغۇ قورقۇنچ تۇيغۇسىدەك بۇنداق لەززەتلىك بولمىسا كېرەك.

مېنىڭ كوچىلاردىن ئىزدىگىنىم ئەنە شۇ لەززەتلىك قورقۇنچ تۇيغۇسى، ئاياللارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرمەكچى بولۇش پەقەتلا ئاشۇ تۇيغۇنى قوزغاش ئۈچۈن بىر باھانە، ھەرگىزمۇ مەقسەت ئەمەس. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئاياللارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرەلىشىمنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق، چۈنكى مەن ئۇنى كۆرگىنىم بىلەنمۇ ھېچنەرسە قىلالمايمەن، پەقەتلا ئۇنىڭغا دېرىزە سىرتىدىن قاراپ تۇرالايمەن، ئەگەر ئۇ مەندە قورقۇنچ تۇيغۇسى پەيدا قىلالمىغان بولسا ئۇنى زادىلا مارىلىمىغان بولاتتىم ھەم مارىلىشىمنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمايتتى.

ئىنسان ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھەربىر ئىنچىكە تۇيغۇنى قەدىرلىشى كېرەك.

ئادەم بۇ دۇنيادا تۇيغۇدىن باشقا ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

تۇيغۇ ـ ھايات دېمەكتۇر.

ئادەملەر ئۆز ۋۇجۇدىدىكى جىنسىي ھاياجاندىن، شادلىق تۇيغۇسىدىن، توقلۇق تۇيغۇسىدىن لەززەتلىنەلەيدىكەنۇ، نېمىشقا قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن لەززەتلەنمەستىن، بەدىلى ئەڭ چوڭ بولغان بۇ تۇيغۇنى زايا قىلىۋېتىدۇ؟ مەن كىشىلەرنىڭ نادانلىقىغا ئېچىنىمەن.

مەن ئەتراپتىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاپ چىقىپ، ئاخىرى بىر تۆت كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە چىشلىرىمنى كاسىلدىتىپ ئاسمانغا قاراپ نالە قىلدىم. مەندىكى قورقۇنچنى پەيدا قىلغان نەرسە ئىنسان ۋۇجۇدىدا بولىدىغان ئەڭ ئىپتىدائىي جىنايىي تۇيغۇ ئىدى، مەن ئاشۇ جىنايىي تۇيغۇنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي نالە قىلدىم. ئۇ

جىنايى تۇيغۇ مېنى دائىم يەر بىلەن يەكسان قىد-
لىدۇ. مەن ئاشۇ جىنايى تۇيغۇ دەستىدىن جاھاد-
دىن كەچكۇدەك بولۇپ كېتىمەن. بىراق قور-
قۇنچنى لەززەتلىك قىلغان نەرسە يەنىلا شۇ جىنا-
يى تۇيغۇ! كىشىلەر جىنسىي ھاياجاندىن نېمىشقا
لەززەتلىنىدۇ؟ چۈنكى ئۇ بىر خىل جىنايى تۇيغۇ
بىلەن تولغان. جىنايى تۇيغۇ بولمىسا جىنسىي
لەززەت بولمايدۇ. قورقۇنچمۇ جىنسىي ھاياجان
بىلەن ئوخشاشلا لەززەتلىك. ئادەمنى قىينايدىغان
ئۇ جىنايى تۇيغۇ ھەم ئازابلىق، ھەم شېرىن.

كوچا چىراغلىرى چوڭ يوللارنى سۇس يو-
رۇتۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا يورۇقتا تۇرۇپ چوڭ يول
بويىدىكى دېرىزىلەرنى مارىلاشقا جۈرئەت قىلال-
مايمەن. سىرت يورۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆي
ئىچىدىكىلەر ئاسانلا مارىلىغان ئادەمنىڭ گەۋدى-
سىنى كۆرۈپ قالىدۇ. تار كوچىلار بولسا قاپقا-
راڭغۇ، ئۆي ئىچىدىكىلەر دېرىزىگە يۈزۈڭنى
چىڭ ياقساڭمۇ كۆرەلمەيدۇ. مەن مارىلىغان چاغ-
دا بەكمۇ ئاۋايلايمەن، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلى-
شىنى زادىلا خالىمايمەن. بىراق مەن دائىملا بۇ-
نى باشقىلارنىڭ بايقاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قى-
لىمەن. ھېلىقى داپيۇز ئەبلەخلەر چوقۇم مېنى
بىر كۈنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن كەينىمدىن ئاللى-
قەيەرلەردە مارىلاپ يۈرۈشىدۇ، ياكى ئۇلارمۇ
خۇددى مەن باشقىلارنىڭ خۇپىيانە تۇرمۇشىنى،
يەنى ئۇلارنىڭ باشقىلارغا بىلىندۇرمەي ئېلىپ
بارغان خۇپىيانە رەسۋالىقلىرىنى تاماشا قىلغاند-
دەك تاماشا قىلىشىدۇ. مەن قاپقاراڭغۇ كوچىلار-
دا كېتىۋېتىپ توختىماستىن بۇرۇلۇپ ئەتراپقا
قاراپ ئۇلارنى ئىزدەيمەن، بىراق ئۇلارنىڭ گەۋ-
دىسى زادىلا ماڭا كۆرۈنمەيدۇ. مېنى تونۇيدىغان
ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ئۇلار باشقىلار-
نىڭ رەسۋالارچە ھالىتىنى كۆرۈشكە ئەسەبىيلەر-
چە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن. ئۇلار ناھايىتى مەك-
كار، ئۆزلىرىنىڭ مېنى كۆزىتىشىپ يۈرگىنىنى
زادىلا چاندۇرمايدۇ، خۇددى زادىلا كۆزىتىپ باق-
مىغاندەك. مەن شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېچىلەردىكى
ھەرىكىتىمنى توختىتاي دەيمەنۇ، بىراق يەنىلا
ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي قالىمەن، ئەتىسى
بولسا كېچىچە قىلىپ يۈرگەن رەسۋالارچە ئى-
شىمدىن نومۇس قىلىپ سىرتقا چىقالماي قالى-
مەن. ئىككىنچىلەپ زادىلا ئۇنداق ئىش قىلماس-
لىق ئۈچۈن ئۆز - ئۆزۈمگە قەسەم قىلىمەن،
راست دېگەندەك ئەتىسى كەچتە جىمجىتلا ئۇخلاپ
قالىمەن. بۇ چاغدا مەندە زادىلا ئۇنداق قىلىش
خىيالى يوقتەك خاتىرجەم ئۇخلايمەن، بىراق يې-
رىم كېچىدە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قاتتىق ھاياجاندىن
لەرزىگە كەلگەن ھالدا تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كېتى-
مەن. ھېلىقى قۇتۇلۇپ بولغۇسىز ۋەسۋەسە تو-
مۇرۇمدىكى قانلىرىمنىڭ ئايلىنىشىنى شىددەت
بىلەن تېزلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن
يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئەسەبىيلەر-
چە كوچىغا چىقىمەن.

كىشىلەر قېلىن پەردىلەر ئارقىلىق ھېلىقى
ئىشلىرىنى كەچۈرگۈسىز جىنايەتتەك يوشۇرىدۇ،
مەن ئۇلارنىڭ بۇنى جىنايەت ھېس قىلىشىغا ۋە
يەنە جىنايەت ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ ئېلىپ بېرى-
شىغا ھەيران قالىمەن، بۇنى زادىلا چۈشىنەلمەي-
مەن. مەن بۇ ئىشلارنى داۋاملىق تەسەۋۋۇر قى-
لاتتىم، تەسەۋۋۇر قىلغانسېرى ئۇنىڭغا سىرلىق
تۈس بېرىشكە تىرىشاتتىم، پەقەت سىرلىق تۈس
بەرگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى
ئاشۇرغىلى بولاتتى. ئەگەر ئۇنى ئادەتتىكىلا بىر
ھەرىكەت دەپ تەسەۋۋۇر قىلسام ئۇنىڭ ھېچقانداق
جەلپ قىلىش كۈچى قالمايتتى. مېنىڭ تەسەۋ-
ۋۇرۇمدا بۇ ئىشلار ھامان پارچە - پۇرات ۋە
مەۋھۇم ئىدى، ئۇنى زادىلا مۇكەممەل قىياپەتكە
كىرگۈزەلمەيتتىم. ئۇلار تەسەۋۋۇرۇمدا توختى-
ماي ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئۇنى سىرلىق تۈسكە
ئىگە قىلغىنى دەل مانا مۇشۇ تۇراقسىزلىق ئى-
دى. ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىشلارنى تەسەۋ-
ۋۇر قىلىش دائىم شۇنداق بولىدۇ، كىشىلەر
زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىشلارنى ۋە نەرسىلەرنى
شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى يېقىن كې-
لىدىغان ئىشلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇر
قىلىدۇ. لېكىن مېنىڭ كۆرمەكچى بولغىنىمغا
ئوخشايدىغان ئىشلار يوق، شۇڭا ئۇنى بىرەر قې-
تىم كۆرمەي تۇرۇپ مۇكەممەل تەسەۋۋۇر قى-
لىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇلار مېنى دائىملا كۆزىتىپ يۈرۈشىدۇ،
ھەممە ئىشىمنى بىلىپ تۇرۇشىدۇ. مەن قار ياغ-
قان كۈنلىرى سەھەردە ئاستا دېرىزەم تۈۋىگە كې-
لىپ ئۇ يەردە باشقىلارنىڭ ئاياغ ئىزىنىڭ بار -
يوقلۇقىغا قاراپ باقىمەن. ئۇلار بەكمۇ قۇۋ،
ھەتتا ئاياغ ئىزلىرىنىمۇ قالدۇرمايدۇ. ئۇلار مې-
نىڭ ئوغرىلىقچە ئانانىزم قىلىدىغانلىقىمنى قاد-
داقمۇ بىلمەي قالسۇن! ئۆتكەندە ئىدارىدە بىر
نەچچەيلەن ھازىر ئاياللار كىيىۋالىدىغان يوپكىلا-
رنىڭ كېچىكلەپ ھەتتا ساغرىسىنىمۇ ياپالماس
بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدا پاراڭلىشىۋې-
تىپ كۇلۇشكىنىچە ماڭا قاراپ قويۇشتى. ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ ماڭا قاراپ مەنىلىك ھې-
جايغىنىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم. ئۇ داپيۇز
مەلئۇن شۇقەدەر نومۇسسىزلارچە ھىجايدىكى،
ئۇنى غەزەپتىن چاناپ نېرىن قىلىۋەتكۈم كەپكەت-
تى. مەن ئۇنىڭ ماڭا قاراپ نېمىشقا ھىجايغىنى-
نى دەرھال بىلىپ يەتتىم. دېمەك ئۇ ئايالالارنىڭ
يوپكىسىنىڭ كېچىكلەپ كېتىپ بارغىنىنى دې-
يىش ئارقىلىق ئاياللار ھەممىسى بەدىنىنى ئې-
چىپ، يالىڭاچ كوچىغا چىقاي دەپ قېلىۋاتسا
سەن ئۆيۈڭدە ئانانىزم قىلىۋاتىسەن دېمەكچى!

ئۇلارنىڭ مېنى دائىملا ئوغرىلىقچە كۆزىتى-
شى توغرىسىدىكى گۇمانىم زادىلا ئورۇنسىز ئە-
مەس. بىرنەچچە قېتىم مەن تاڭ ئېتىشقا يېقىن

ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا ئۈستۈنكى قەۋەتتە بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار خۇددى ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوقتەك قىياپەتكە كىرىۋېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرى مېنىڭ جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلار نېمانچە قىلىپ كېتىدۇ؟ مېنىڭ كېچىلىرى رەسۋالارچە ھالدا پۈتكۈل دېرىزىلەرنى مارىلاپ يۈرۈشۈمنى بىلىۋالغان بولسا نېمانچە يوشۇرۇپ كېتىدۇ؟ ئۇلار نېمىشقا زادىلا بىلمەيدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ؟

- بەختىيار!

چوڭ كوچىدا كۈپكۈندۈزدە بىر ئايالنىڭ ئاۋازى مېنى چاقىرىۋېدى، مەن ھەيران بولۇپ كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. مېنى چاقىرغان ئايال ئۆزىنىڭ زىلۋالىقىغا قارىماستىن مەيدىسى ئاجايىپ يوغان كەلگەن قارامتۇل بىر ئايال ئىدى. ئۇ بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بىنادا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدىغانلىقىغا ھەيران قېلىپمۇ كەتمىدىم. بۇ مېنىڭ بارلىق گۇمانىمنىڭ نەقەدەر توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمىسەم ئۇ نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدۇ؟ دېمەك مېنىڭ ئىچكى سىرىم پۈتۈن كىشىلەر ئارىسىدا يېيىلىپ بولغان گەپ. ئۇلار مەن توغرىسىدا ئاجايىپ پاراڭلارنى قىلىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ ئىسمىمنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ھەيرانلىق بىلەن تەرىپلىشىدىغان بولغان گەپ. بولمىسا ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى نەدىن بىلسۇن؟! ئۇلار باشقىلارنىڭ نومۇسلۇق ئىشلىرىنى بىلىۋالسا گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ يايراپ كېتىدىغان بىنورمال مەخلۇقلار، ئۇلار سىرتقى قىياپىتىدە شۇقەدەر نورمال قىياپەتكە كىرىۋېلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچى كېسەل بىلەن تولغان!

- سىزنىڭ خېتىڭىزمۇ؟

ئۇ ماڭا بىر تال كونۋېرتنى ئۇزاتتى. مەن ئۇ پاسكىنىنىڭ خۇددى ماڭا كۆز - كۆز قىلماقچى بولغاندەك تومپايتىۋالغان مەيدىسىگە قاراپ قويۇپ گەپ قىلماستىن كونۋېرتنى ئېلىپ قارىدىم.

- ياق، بۇ مېنىڭ ئەمەس، ماڭا ئەزەلدىن ھېچكىمدىن خەت كېلىپ باقمىغان! - دېدىم مەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ئۆزۈمنىڭ تىنىمسىز خەت سېلىشىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا مېنىڭ زادىلا پوچتا بىلەن مۇناسىۋىتىم يوق ئىدى. مەن ئۇ تەڭلىگەن كونۋېرتنى تېخى ئادرېسى خاتا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇلغان خەت بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

- ئۇنداقتا بۇ باشقا بىر بەختىيار ئىكەن - دە! بىزنىڭ ئىدارىگە خاتا كېلىپ قالغانىكەن. مەن تېخى سىزنىڭ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆز يولىغا مېڭىپ كەتتى.

ئۇلار مېنى ئەنە شۇنداق دۆت چاغلىشىدۇ. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ مەن بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى بىلمەسمەنمۇ! ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ھېلىقى خېتى پۈتۈنلەي يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان. نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن. ئۇ يالغاندىن ئاشۇ خەتنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرگەن بولۇپ ئەمەلىيەتتە مېنى كۈپكۈندۈزدە چوڭ كوچىدا توختىتىپ تۇرۇپ، مېنىڭ كېچىلىرى قىلغان رەسۋالارچە ئىشلىرىمنى ئۇلارنىڭ بىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئالاقزادە بولغان روھىي ھالىتىمنى بىر كۆرۈپ باقماقچى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رەسۋاچىلىق تاماشاسىنى يۇقىرى پەللىگە چىقارماقچى. مەن ئاشۇ پاسكىنىنىڭ يۈزۈمگە قانداق قاراپ تۇرغانلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن. مەن ياكى بىر مەشھۇر شەخس بولمىسام، ھېلىقى نايناق ناخشىچىلاردەك، ھېلىقى خوتۇن كىشىنى دوراش ئارقىلىق كىشىلەردىكى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە قانۇنىي ئورۇن ھازىرلاشنى مەقسەت قىلغان كۈلكە چولپانلىرىدەك دائىم تېلېۋىزوردا كۆرۈنۈپ تۇرمىسام، ياكى ھېلىقى ئۇيغۇرلارنى تىللاش بىلەن جان بېقىۋاتقان يازغۇچىلاردەك نامىم دائىم مەتبۇئاتلاردا كۆرۈنۈپ، ھاقارەتتىن ھۇزۇرلىنىدىغان، خارلىنىش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغان بىمارلار ئارىسىدا داغدۇغا قوزغاپ تۇرمىسام ئۇ زادى نېمىشقا مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدۇ؟!

بۇنداق ئىشلار ناھايىتى كۆپ. ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئاپتوبۇس كۈتۈپ تۇرسام مەن ئولتۇرۇشلۇق بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە ئولتۇرۇشلۇق يۈزلىرى كۆسەيدەك قارا بىر مەخلۇق ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. دېمەك، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ مېنى باشقىلارغا ئوخشاشلا دائىم كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى يوشۇرالماي قالدى. بولمىسا ماڭا زادى نېمىشقا سالام قىلىدۇ؟ مەن ياكى ئۇنىڭ بىلەن كونا تونۇش بولمىسام. ئۇ مەن بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرسا نېمە بوپتۇ. بۇ بىنادىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەن بىلەن سالاملاشمايدىغۇ! ئۇنىڭ مەن بىلەن بىر بىنادا ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ مەن بىلەن سالاملىشىشىغا تولۇق ئاساس بولالامدۇ؟!

مەن ئۇلارنىڭ دەردىدىن چىدىغۇسىز ئەھۋالغا قالدىم. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى كور، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇپ قالسىكەن دەيمەن.

دائىم كېچىلىرى ئۆيگە قايتىپ كەلسەم، ئۇلارنىڭ ئۆيۈمگە ئوغرىلىقچە كىرىۋېلىپ مېنى كۆزىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆي ئىچىدىكى ئادەم يوشۇرۇنۇۋالغىدەك جايلارنىڭ ھەممىسىنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ چىقىمەن. ھېچكىم كۆرۈنمەـ

گەندىن كېيىنلا ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ يېتىپ
ئۇيقۇغا كېتىمەن. مەن كىتاب ئىشكاپىنى، بال-
كۇننى، خالانى، كىيىم ئىشكاپىنى، كارىۋاتنىڭ
ئاستىلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقىمەن.
مېنىڭ ئۆي ئىچىدە دائىم ئۆز - ئۆزۈمگە
سۆزلەيدىغان ئادىتىم بار. مەن بۇ خىل ئادەتنىڭ-
مۇ كىشىلەرگە كۆلكىلىك تۇيۇلۇپ كېتىدىغانلى-
قىنى ئېنىق بىلىمەن. شۇڭا بۇ ئىشنىمۇ باشقىلار-
نىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ خۇپىيانە ئېلىپ
بارىمەن. لېكىن ئۇلار مېنىڭ شۇنچىلىكمۇ شەخ-
سىيىتىمنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ. بۇ خۇددى
بەزىلەرنىڭ ئۆزى يالغۇز ناخشا ئېيتىپ كۆڭلىنى
ئاچقىنى بىلەن ئوخشاشلا ئىش. مەن ئۆز - ئۆزۈم
بىلەن مۇڭدىشىمەن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭ-
لۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. ئەلۋەتتە مەن پارىڭىمغا
تېما جەھەتتە چەك بەلگىلەپ قويغان ۋاقتىم يوق.
مېنىڭ مۇڭدىشىدىغان ھېچقانداق ئادىمىم يوق.
ھېچكىم مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى، مەن بىلەن
يېقىنلىشىشنى خالىمايدۇ. بەزىلەر مەن بىلەن
يېقىنلاشماقچى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. بىراق ئۇ-
لارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشتىكى مەقسىتى ئېنىق،
ماڭا يېقىنلىشىشنى خالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى
ئەنە شۇنداق نومۇسسىز ئەبلەخلەر. ئۇلارنىڭ ھە-
جىيىپ قارىشىدىنلا چەكسىز قۇۋلۇق - شۇملۇق
چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەن بىلەن يېقىنلىشىش
ئارقىلىق مېنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆ-
زەتمەكچى ۋە مەسخىرە قىلماقچى. شۇڭا ئۇلار-
نىڭ مەن بىلەن يېقىنلىشىشىغا يول قويمايمەن.
ماڭا ساپ دوستلۇق نىيىتى بىلەن يېقىنلىشىشنى
خالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇلارنىڭ ھىجى-
يىشلىرى شۇملۇق ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن تول-
غان. ئۇلار ھەربىر ھىجىيىشلىرى ۋە مەنىلىك
قاراشلىرى ئارقىلىق ماڭا ئاللىنېمىلەردىندۇر
بىشارەت بېرىشىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق غا-
لىبلارچە نەزەرى ئالدىدا يەر بىلەن تەڭ بولۇپ
كېتىمەن. ئىچ - ئىچىمدىن تۈگىشىپ كېتىمەن.
مەن ئۆزۈم بىلەن ناھايىتى ئۇزاق پاراڭلى-
شىمەن. پاراڭ تېمىسى ناھايىتى ئەركىن، ھېچ-
نىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. قانۇن،
ئەخلاق ھەتتا لوگىكا، گراماتىكىلارنىڭمۇ چەك-
لىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈ-
تۈنلەي ئاڭسىز ھالدىكى مېخانىك، ئاپتوماتىك
پاراڭلار. مەن ئۆز - ئۆزۈم بىلەن قىلىشقان
گەپلىرىمنىمۇ خۇددى كېچىلىرى دېرىزىلەرنى ما-
رىلىغان ئىشلىرىمدەك، ئاناننىزم قىلغان ئىشلى-
رىمدەك باشقىلاردىن مەخپىي ساقلايمەن. ئۇنى
ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق
يوللار بىلەن بىلىپ قېلىشىنى خالىمايمەن. بى-
راق ئۇلار مېنىڭ ئاشۇنچىلىك مەخپىيىتىمگىمۇ
چاڭ سالماي قالمىدى.
مېنىڭ ئۆز - ئۆزۈمگە قىلغان سۆزلىرىمنى
باشقىلاردىن يوشۇرۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ

ئىشلارمۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ كېچىسى قېلىن
دېرىزە پەردىلىرى بىلەن توسىۋېلىپ قىلغان
ئىشلىرىغا ئوخشاش ئەقلىنىڭ كونترول قىلىشى-
دىن تامامەن چەتنىگەن. باشقىلار ئەقلىنىڭ
كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان ئىشلارنى قىلىپ ھۇ-
زۇرلىنىدۇ، مەن ئۇنداق قىلالمىغانلىقىم ئۈچۈن
بىچارىلەرچە ھالدا ئەقلىنىڭ كونتروللۇقىغا بوي-
سۇنمىغان سۆزلەرنى قىلىپ ھۇزۇرلىنىمەن.
بىراق شۇنچىلىك ئىشلارمۇ ئۇ نومۇسسىزلىق
كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ دىققىتىدىن قې-
چىپ قۇتۇلالمىدى.
ـ كەينىمدىن بار جومۇ، مەن سېنى ئاشۇ
يەردە كۈتۈپ تۇرىمەن! يەنە بىر كۈن كەچكىچە
ساقلاتما. بۈگۈن ھاۋا بەك سوغۇق...
بىر قېتىم ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشۈۋاتقان
بىرەيلەننىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا شۇنداق دېگىنىنى
ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ بۇ سۆزلەرنى كىمگە دەۋاتقاندۇ
دەپ قاراپ باقسام، ئۇ ئۆزى يالغۇز پەلەمپەيدىن
چۈشۈۋېتىپتۇ. ئۈستۈنكى قەۋەتتىن يا بىرەيلەن-
نىڭ جاۋاب بەرگىنى ئاڭلانمىدى. مەن دەرھاللا
ئۇنىڭ چاندۇرماستىن مېنى دورىغانلىقىنى بىلى-
ۋالدىم. مېنىڭ ئۆز - ئۆزۈمگە سۆزلەپ قاچاندا
شۇنداق سۆزلەرنى قىلغىنىم ئېسىمدە يوق، بى-
راق ئۇ ئەبلەخنىڭ مېنى دورىغانلىقى ئېنىق.
بۇنى ئويلاپ گەجگەمدىن ئىسسىق تەر چىقىپ
كەتتى، ئۇ بولسا نومۇسسىزلىق بىلەن ماڭا تۆ-
شۈكتەك قاراپ قويۇپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.
ئۇ بىنادىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەن ئۈس-
تۈنكى قەۋەتلەرگىچە چىقىپ قاراپ باقتىم. ھەم-
مە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئېتىكلىك، پەلەمپەيلەر-
دىمۇ ئادەم يوق. مەن ئۇنىڭ قەستەن مېنى دوراپ
جېنىمغا تېگىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى چۈ-
شەندىم. ئۇلار باشقىلارنىڭ يىغىسىغا تېگىشتىن
نېمانچە ھۇزۇرلىنىدىغاندۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ
شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن
خۇددى راستتەكلا قىلىۋېتىدۇ.
بۇنداق ئىشلار نۇرغۇن قېتىم تەكرارلاندى.
يەنە بىر قېتىم ئۇدۇلدىكى بىنادا ئولتۇرۇشلۇق
سېرىق چاچلىق بىر قىزنىڭ بىرنېمىلەرنى دەپ
غىڭشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى زادىلا
تۇتۇۋالالماي قالدىم - دە، ئۇنىڭغا دوق قىلىپ
سورىدىم:
ـ نېمە دەۋاتىسىز؟
ئۇ ماڭا ھەيران قالغان قىياپەتتە بىردەم قا-
رىۋەتكەندىن كېيىن مەندىن ياندۇرۇپ سورىدى:
ـ نېمە ئىش بولدى؟
ـ ھازىر نېمە دېدىڭىز؟
ـ ھە... نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن...
ناخشا ئېيتىتىم شۇ...
ئۇ داپيۇز جالاپ شۇنداق دەپ شەھۋانىي ئا-
ۋازى بىلەن كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى
جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتىدىمۇ

ئەنە شۇ ئىدى. ئۇ يالغاندىن ناخشىغا غىڭشىغان
بولۇۋالدى، ئەمەلىيەتتە ماڭا مېنىڭ ئاشۇ ئىشلىـ
ـرىمنى (يەنى ئۆزۈمگە سۆزلىشىمنى) يۈزۈمگە
سېلىپ مەسخىرە قىلغانلىقىنى مەن بىلەلمەسمەنـ
ـمۇ؟ ! ئۇلار ئەنە شۇنداق جىنىڭغا تېگىپ قويۇپلا
ھېچنەرسە بىلمىگەن بولۇۋېلىپ تاماشايىڭنى كۆـ
ـرۈشىدۇ.

ئۇلار مېنىڭ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەيدىغانلىـ
ـقىمنى زادى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ ئۇلار قۇۋلۇق ـ
شۇملۇقتا ھەقىقەتەنمۇ چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن.
ئۇلارنىڭ رەزىللىك بىلەن تولغان كاللىلىرى كىـ
ـشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆتـ
ـكۈر. ئۇلار سىنىڭ يېغىرىڭنى ئېچىش ئۈچۈن
ھەرقانداق ئاماللارنى ئىشلىتىشتىن يانمايدۇ. ئۇـ
ـلار ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ھەرقانداق رەـ
ـزىل ۋاستىلەرنى ئاياپ قويمايدۇ.

6

ـ يەنىلا ھېلىقى غەلىتە ئادەمنىڭ خەتلىرى، ـ پوچـ
ـتىكەش يىگىت شىرە ئۈستىگە قويۇلغان خەتلەرنى
ئادرېسى بويىچە تۈرگە ئايرىش ئۈچۈن قولىنى
ئۇزىتىۋېتىپلا شۇنداق دېدى، ـ يەنە شۇ ھەممىـ
ـسىنىڭ ئادرېسى خاتا. بۇ ئۇنىڭ زادى نېمە قىلىـ
ـغىنىكىنە؟ !

ـ يەنىلا قىرىق بىر پارچە خەتمۇ؟ ـ سورىدى
گېزىت ـ ژۇرناللارنى رەتلەۋاتقان بىر ئايال ئۇـ
ـنىڭدىن.

ـ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، ئۇنىڭ خېتى يا
42 پارچە ئەمەس، يا 40 پارچە ئەمەس، ئەزەلـ
ـدىنلا 41 پارچە.

ـ قىرىق بىر دېگەن سان زادى نېمىنىڭ
بېشارىتى، ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق زادى نېمە
دېمەكچى؟

ـ قىزىق يېرى، ئۇنىڭ يازغان ئادرېسلىرىـ
ـنىڭمۇ ھەممىسى 41 دېگەن سان بىلەن مۇناسىـ
ـۋەتلىك. . . 41 ـ قورۇ، 41 ـ ئۆي، 41 ـ
بىنا، 41 ـ دۇكان، 41 ـ ئەترەت، 41 ـ كەنت. . .

پوچتىخانا ئىچىدىكىلەر دائىم ئۇنىڭ خېتىـ
ـنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئەنە شۇنداق قىزغىن تالاش
ـ تارتىشقا چۈشۈپ كېتىشەتتى. ئۇلار تەسەۋۋۇـ
ـرىنى ناھايىتى ئەركىن قويۇۋېتىپ خىلمۇ خىل
پەرەزلەرنى قىلىشاتتى. خىلمۇ خىل ئەقلىي يەـ
ـكۈنلەرنى چىقىرىشاتتى. ئۆزلىرىنى خۇددى كىـ
ـنولاردىكى قىيىن مەسىلىگە دۈچ كەلگەن رازـ
ـۋېتچىكتەك ھېس قىلىشاتتى. كىم بۇرۇن ئوتتۇـ
ـرىغا قويۇلمىغان ئەڭ يېڭى پەرەزنى ئوتتۇرىغا
قويسا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قارىشاتـ
ـتى. ئۇ بىردەم بۇ يەردىكى پاراڭدا ئەڭ ئۆزىنى
كۆرسىتەلەيدىغان كىشىگە ئايلىنىپ قالاتتى.

ـ ئۇ ناھايىتى يامان ئادەم ئىكەن. مەن
ئۇنىڭ شەخسىي پوچتىكىشىگە ئايلىنىپ قالدىم، ـ دەيتـ
ـتى ئۇنىڭ خېتىنى دائىم ئاپىرىپ بېرىدىغان
پوچتىكەش يىگىت، ـ ھازىر بىزنىڭ كۆنىمىزمۇ
ئۇنىڭ خېتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ،
بۇ پوچتىخانىمىزمۇ ئۇنىڭ شەخسىي پوچتىخانىـ
ـسىغا ئايلىنىپ قالاي دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ خەت يېـ
ـزىشتىكى مەقسىتى بەلكىم ئەنە شۇنداق يول بىلەن
بىزنى تامامەن ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئېلىۋېلىشتىن
باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

ـ ئۇنىڭ ئۆزىدىن «سىز خەت يازغان بۇ
چىنار ئىسىملىك ئايال زادى كىم؟ ئۇنىڭ ئادرېـ
ـسىنى نېمىشقا دائىملا خاتا يېزىپ قويىسىز؟»
دەپ سوراپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ ـ سورايتتى بەـ
ـزىلەر ئۇنىڭدىن.

ـ ئۇ ئادەمگە گەپ قىلغىلى بولاتتىمۇ. ئۇ
ناھايىتى غەلىتە بىر ئادەم. ئۇنىڭ چىرايىغا قاـ
ـراپلا ئادەمنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالىدۇ. بىرنەچـ
ـچە قېتىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئاغزىمنى ئېچىـ
ـۋىدىم ئاغزىمدىن تاۋۇش چىقىپ بولغۇچە ئۇ ئىـ
ـشىكنى جالاقىدە يېپىپ كىرىپ كەتتى.

ـ بىزنىڭ نېمە چاتىقىمىز، بىز پەقەت ئۇـ
ـنىڭ خەتلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىككى موچەنلىك مارـ
ـكا چاپلاندىمۇ ياكى چاپلانمىدىمۇ شۇنى بىلسەكلا
بولىدى.

ـ ئەجەب چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىشلار ـ
ھە!

ـ بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرىنى زادىلا چۈشەنگىـ
ـلى بولمايدۇ.

ـ بۇ كونۋېرتلارنىڭ ئىچىدىكىسىچۇ؟ زادى
نېمە مەزمۇندىكى خەت بولۇشى مۇمكىن؟

ـ ئۇنى ھېچكىم تاپشۇرۇپ ئالمىسا ئۇ يەنە
قانداق مەزمۇندا بولاتتى.

ـ ئاق قەغەزدۇر ھەرقاچان. . .

ـ ھېچكىم تاپشۇرۇپ ئالمىغاندىكىن، ئاق
قەغەز بىلەن خەت يېزىلغان قەغەزنىڭ نېمە پەرقى
بار؟

ـ ھەممىڭلار تا ھازىرغىچە نۇرغۇن پەرەزـ
ـلەرنى قىلىشتىڭلار، لېكىن بىرنەرسىگە دىققەت
قىلمىدىڭلار، ـ دېگەنىدى بىر قېتىم بىرەيلەنـ
ـ ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى بۇزۇپ. ھەممەيلەن ئۇـ
ـنىڭغا سوئال نەزەرى بىلەن قاراشتى، ـ سىلەر
خەت تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئادرېسىنى تەتقىق قىـ
ـلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، خەت يازغۇچىنىڭ
ئادرېسىغا دىققەت قىلمىدىڭلار.

ھەممەيلەن ئاشۇ چاغدا پاراققىدە كۈلۈپ
كېتىشكەنىدى.

ـ ئۇنىڭ ئادرېسى توغرىغۇ!

ـ بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئادرېسى، ئۇنىڭدا
دىققەت قىلغۇدەك نېمە بار؟

ـ بەختىيار دېگەن ئۇنىڭ ئىسمىمۇ؟ مېنىڭـ
ـچە بۇنىمۇ ئېنىقلاپ بېقىش لازىم. بەلكىم ئۇ
يالغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن. . . ئۇنىڭ چوـ
ـقۇم باشقىچە مەنىسى بار. . .

پوچتىكەش يىگىت بۇ قېتىم ئۇنىڭ خېتىنى ئېلىپ بارغاندا، ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم بىر پاراڭلىشىپ بېقىش ئىرادىسىگە كەلدى ۋە بۇ نىيىتىنى باشقىلارغا ئېيتتى.

- بۇ ناھايىتىمۇ بىئەپ بىر ئىش. ئۇنىڭغا بۇ گەپنى قانداق دېگىلى بولىدۇ؟

- بۇ ئىش بىزنىڭ خىزمىتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

بەزىلەر شۇنداق دېيىشتى، بىراق كۆپىنچە ئادەم قوشۇلدى. لېكىن ئۇلار كاللىسىدا ئۇنىڭ بۇ ئىشقا قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى خىلمۇخىل پەرەز قىلىشتى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇ غەلىتە ئادەمنىڭ قېتىپ قالغاندەك ئۆزگەرمەس غەلىتە چىرايى ئۇنىڭ پوچتىكەش يىگىتتىن باشقا ھېچكىم ئەزەلدىن چېكىپ باقمىغان، سىرى ئۆڭۈپ كەتكەن سوغۇق ئىشىكىنىڭ ئالدىدا نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا مۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

- ئادرېسىنى خاتا يېزىپ قويۇش قانۇنغا خىلاپمۇ؟

- پوچتىخانىغا خەتنى كۆپ سېلىش قانۇنغا خىلاپمۇ؟

لېكىن ئەھۋال ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولمىدى.

ماشىرەڭ پوچتا ۋېلىسىپىتى غەلىتە ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پوچتىكەش يىگىت ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ قويۇپ سومكىدىن خەتلەرنى ئاختۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن زادى قانداق پاراڭلىشىش توغرىسىدا بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن بىنا ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

- تاك... تاك... تاك...

بىنانىڭ ئىچى ئۆڭكۈردەك قاراڭغۇ ئىدى، پوچتىكەش يىگىتكە ئىشىك چەككەندە چىققان ئاۋازمۇ خۇددى ئۆڭكۈر ئىچىدىكى ئاۋازدەك سۈرلۈك تۇيۇلدى. ئۇ مۇشۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈندۇر غەلىتە بىر خىل ھېسسىياتقا چۆمۈلەتتى. ئۇ بۇ ئىشىكنىڭ سانسىز يىللاردىن بېرى ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم تەرىپىدىن چېكىلىپ باقمىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئاشۇ سىرى ئۆڭۈپ كەتكەن ئىشىكنى چېكىۋاتقاندا، ئۆزىنى خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا ئاشۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك، ۋاقىت سىرلىق ھالدا بىر ئىزىدا تۇرۇپ قالغاندەك، دۇنيادا ئۇنىڭ ئاشۇ يەردە تۇرۇشىدىن باشقا ئىش بولۇپ باقمىغاندەك ھېس قىلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ خىل تۇيغۇدىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇ يەردىن دەرھال چىقىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ سوغۇق تەلەتى بولسا قېرىشقاندەك ناھايىتى تەستە ئۇنىڭ ئالدىدا زاھىر بولاتتى.

بۇ قېتىم ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن پوچتىكەش يىگىت ئۇنىڭدىن گەپ سوراي دەپ ئاغزىنى ئېچىپ بولغۇچە ئىشىكنى يېپىپلا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، خەتنى ئۇنىڭغا بەرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن سورىدى:

- سىز نېمىشقا دائىملا تاپشۇرۇۋېلىنمايدىغان خەتلەرنى سالىسىز؟

پوچتىكەش يىگىت ئۆزىنىڭ سوئال سورىغاندىكى جۈرئىتىدىن مەمنۇن بولدى.

ئۇ پوچتىكەش يىگىتكە نۇرسىز كۆزلىرىنى تىكىپ بىرھازا ئۈن - تىنسىز قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا شۇنداق بىر خىل قېتىپ قالغانىدى. كۆزلىرى مىتمۇ قىلىپ قويمايتتى. پوچتىكەش يىگىت ئۇنىڭ بۇنداق مىدىر - سىدىرمۇ قىلماستىن بۇتتەك قادىلىپ تۇرۇشىدىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، بىراق بۇ بىئەپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاشنىڭ بىرەر ئامالىنى تاپالمىدى.

- سىز يازغان ئادرېسنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يازامسىز؟

ھېلىقى ئادەمنىڭ چىرايىدا قىلچىلىك ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى. ئۇ يەنىلا شۇنداق بىر خىل نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى. خۇددى ھەيكەلگە ئوخشايتتى.

- سىز خەت يېزىۋاتقان بۇ ئادەم دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەسمۇ - يا؟

ھېلىقى ئادەم يەنىلا مىدىر - سىدىر قىلاي دېمىدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قاراپ تۇرۇشى ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتكەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ماغدۇرىنى ئۈزۈپ قوياتتى.

- مېنىڭچە، سىز ھەربىر پارچە خېتىڭىزنىڭ قايتۇرۇۋېتىلىدىغانلىقىنى بىلىسىز، سىز ئۇنى ھېچكىم تاپشۇرۇۋالمىسۇن دەپ ئەۋەتەمسىز؟!

بۇ سۆزلەر ھېلىقى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پوچتىكەش يىگىتنىڭ گەجگىلىرى تەرلەپ كىيىملىرىگە چاپلىشىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى:

- سىز چوقۇم خېتىڭىزنىڭ ھېچكىمگە تەگمەيدىغانلىقىنى بىلىسىز. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇنىڭغا بىرنەچچە يىل بولۇپ كەتتى.

ئۇ ئادەمنىڭ جىمجىت قاراپ تۇرۇشى چىدىغۇسىز دەرىجىگە يەتتى. پوچتىكەش يىگىتنىڭ بەدىنى ھەتتا بارماقلىرىغىچە تەرلەپ كەتكەندەك بولدى.

- مەن سىزنىڭ ئىشىكىڭىز ئالدىدا پەيدا بولسام، بىرەر قېتىم بولسىمۇ بىرەر يەردىن خەت كەلگەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ياق، سىز ئۇنداق ئويلىمايسىز... مېنىڭ بىلىشىمچە، سىز ئۆمرىڭىزدە ئەزەلدىن بىرەر يەردىن خەت تاپشۇرۇۋېلىپ باقمىغان.

يىگىت ئەمدى سورايدىغانغا سوئالمۇ قالمى-

غانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا جاۋاب كۈتۈپ جىمجىت قاراپ تۇردى. ئۇ خۇددى رەزىل بىر جادۇگەر تەرىپىدىن ئەپسۇن ئوقۇپ قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك قاققىنىچە تۇراتتى، يىگىت ئىككىيلەننىڭ بىر - بىرىگە ئاشۇنداق ھالەتتە زادى قانچىلىك ۋاقىت قارىشىپ تۇرغىنىنى بىلەلمەيدۇ. ئۇ ئاخىرى بۇنداق قارىشىپ تۇرۇۋېرىشكە چىداشلىق بېرەلمەي قالدى - دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىنادىن تېزلىك بىلەن چىقىپ كەتتى. بىراق ئىشىك ئالدىغا چىقىشىغىلا ئويلىمىغان يەردىن يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى. ئۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئەگىشىپ چىقتى.

— سىلەر نېمىشقا مېنىڭ بۇنچىۋالا كۆزۈمگە كىرىۋالىسىلەر؟

پوچتىكەش يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل ئوڭايسىزلاندى - دە، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:

— كەچۈرۈڭ، مەن سىزدىن ئارتۇقچە سوئال سوراپ قويدۇم. بۇ سوئالنى سورىشىمدا باشقا نىيىتىم يوق. سىز دائىم شۇنچە نۇرغۇن خەتلەرنى سالسىڭىز ئۇلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلسە سىزگىمۇ ئاۋارىچىلىق. . . كىممۇ ئۆزىنىڭ خېتىنىڭ ئەۋەتىلگەن جايدىكى ئادرېس بويىچە ئىگىسىگە تەگمەي قايتىپ كېلىشىنى خالايدۇ. . .

غەلىتە ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— سىلەر مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىلەر؟ شۇنچىۋالا دۆت، قاياقباش چاغلاۋاتامسىلەر؟!

بۇلارنى ئاڭلاپ پوچتىكەش يىگىت گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدى.

— سىلەرنىڭ نېمىلەرنى ئويلايدىغىنىڭلار ماڭا ئايان! سىلەر ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىسىلەر، يەنە ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ تېخى مەندىن باشقا سوئاللارنى سوراپ يۈرىسىلەر. يۈزۈڭلارنى داپتەك قىلىپ تۇرۇپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ مېنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىڭلاردىن خۇشال بولۇپ گۇلقەقەلىرىڭلار ئېچىلىپ كېتىدۇ. . . سىلەر نېمىدېگەن زەھەرخەندە!

پوچتىكەش يىگىت ئاغزىنى ئاچقىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟!

— سىلەر مېنى داۋاملىق ئوغرىلىقچە كۆزىتىپ تۇرۇۋاتىسىلەر. . . سىلەرنىڭ ھەممىڭلار قىپقىزىل ساراڭلار. . . ئۆزۈڭلارنىڭ پۈتۈنلەي بىنورمال بولغان ئاشۇنداق ئىشلىرىڭلاردىن ئۆزۈڭلارچە ھوزۇرلىنىپ كېتىسىلەر. مېنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمنى تولۇق كۆزىتىسىلەر. . . بۇنى مېنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ سىلەرنىڭ ماڭا قارىغان قارىشىڭلاردىن، ھەر بىر كۈلكەڭلاردىن سىلەرنىڭ ئاشۇنداق قىلىدىغانلىقىڭلار چىقىپلا تۇرمامدۇ؟ سىلەر ھەممىڭلار شۇنداق، مېنى ئوغرىلىقچە كۆزەتمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. ھەممە ئادەم مەن بىلەنلا قالدى. مەن بۇنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇرىمەن، مېنىڭ ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىمنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، شۇڭا تېخىمۇ يايراپ كېتىسىلەر. . .

پوچتىكەش يىگىت ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ قالدى. ئۇ بولسا مايلىشىپ كەتكەن يۈزلىرى لىپىلدىغان، لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

پوچتىكەش يىگىت ئەزەلدىن باشقىلار تەرىپىدىن چېكىلىپ باقمىغان، پەقەت ئۆزىنىڭ چېكىشىنىلا كۈتۈپ تۇرغان بۇ ئىشىكنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم چەككەن چاغدا ئىشىك زادىلا ئېچىلمىدى. پوچتىكەش يىگىت خەتلەرنى ئىشىكنىڭ ئاستىدىن كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ ئەمدى بۇ ئىشىكنى ئاچمايتتى، چۈنكى ئىشىكنى ئاخىرقى ھېسابتا باشقىلارمۇ چەككەنىدى. . .

ئۇنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتكەنىدى. بۇنى پوچتىكەش يىگىت نۇرغۇن كۈنلەردىن كېيىن ئۇقتى.

## 7

ئۇنىڭ ئىسمى چىنار!
ئۇنىڭ ئىسمى چوقۇم چىنار!

مەن ئاخىرى ئەنە شۇنداق دەپ مۇتلەقلەشتۇردۇم. مەن ئەسلىمەمدىكى سانسىزلىغان ئوبرازلار ئارىسىدىن ئاخىرى ئۇنىڭ ئوبرازىنى سۇزۇپ چىقتىم. ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا يەنىلا ھېلىقى سىنىپ بىناسىنىڭ پەشتىقى تۈۋىدە كۈلۈپ مەنىلىك قاراپ تۇراتتى. بۇ كۈلكە ۋە مەنىلىك قاراشلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ روشەنلىشىشكە باشلىدى، مەن ئاشۇ كۈلكىنىڭ كەينىدىكى چەكسىز يوشۇرۇن بېشارەتلەرنى ئەمدىلا — يەنى 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتلاردىن كېيىنلا چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئۇ گەرچە ياپما قاپاق بولسىمۇ، بىراق كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ۋە يۇمىلاق ئىدى.

ئۇنىڭ ئوبرازى تۇيۇقسىزلا قۇياش نۇرىدەك پارلاپ كەتتى. مېنىڭ قەلبىممۇ خۇددى دىيانا مەزھىبىدىكىلەرنىڭ قەلبىگە ئوخشاش بىردىنلا پارلاپ كەتتى. لېكىن مەن ئۇلاردەك ئەۋلىيالىقنى تەلەپ قىلمىدىم. بۇ پارلاش شۇقەدەر تۇيۇقسىز بولدىكى، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ زادى نېمە بولغىنىمنى بىلەلمەي، بىرنەچچە كۈن خامۇش ھالدا يۈرۈپ كەتتىم.

توغرا، ئۇنىڭ ئىسمى چىنار. بۇ ئىسىم ئويغۇرلاردا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بەلكىم ئۇ ئۆزبېكتۇ. . . ياپما قاپاق. . . توغرا، ئۇنداقتا قىرغىز بولۇشى مۇمكىن. . . ئىشقىلىپ ئۇنىڭ ئىسمى چىنار.

ئۇنى 30 يىلدىن بېرى زادىلا ئۇچرىتىپ

باقمىغانىمەنمۇ؟ بەلكىم ئۇنى راستىنلا شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغاندىمەن ياكى ئۇچراتساممۇ تونۇيالماي قالغاندىمەن. مەن بىر كۆرۈپلا تونۇشتەك ھېس قىلغان سانسىزلىغان چىرايلارنىڭ ئىچىدە بەلكىم بىرى شۇنىڭ چىرايىدۇ.

شۇنچە يىللاردىن بېرى باشقىلاردىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىپ، باشقىلاردىن خۇپىيانە ئۈمىد كۈتۈپ شۇنچە نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمەن. بۇ دۇنيادا خۇددى ئايال زاتى قالمىغاندەكلا تەنھا ئۆتۈۋەردىم. مەن مۇشۇ دۇنيادا يېقىنلاشقىلى بولىدىغان بىرەر ئايال زاتى قالمىدى دەپلا ئويلاپ يۈرۈپتىمەن. مەن ئەزەلدىن بىرەر ئايال بىلەن تونۇشۇپ قېلىشقا مۇشەررەپ بولۇپ باقمىدىم. بۇنىڭغا ھەيران قالىمەن. بۇنداق پۇرسەت ماڭا زادىلا نېسىپ بولمىدى. مەن ئىشلىگەن ئىدارىدىمۇ توي قىلمىغان بىرەر قىز يوق، ھەتتا تۇل قالغان ئايالمۇ يوق، مەن ئولتۇرغان قورۇغىمۇ ماڭا گەپ قىلىدىغان ئىللىق چىھىر بىرەر بويتاق ئايال كېلەي دېمىدى. مەن باشقىلارنىڭ قانداق يوللار بىلەن بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇپ توي قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەي قالىمەن. مەن بۇرۇن كىنولاردىن بۇنى بىلىشكە تىرىشىپ باقتىم، كىنولاردا ئەر پېرسوناژ كېتىۋاتسا ئالدىدا كېتىۋاتقان ئايال باش قەھرىمان تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئەر باش قەھرىمان تېزلىك بىلەن كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالىدۇ ياكى بولمىسا ئايال باش قەھرىمان بىر توپ لۈكچەكلەرگە ئۇچراپ قالغاندا، تۇيۇقسىز ئەر باش قەھرىمان كېلىپ قالىدۇ - دە، ئۇنى لۈكچەكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تونۇشىدۇ، مۇھەببەتلىشىدۇ، ئاندىن توي قىلىدۇ. مەن دائىم يوللاردا كېتىۋېتىپ بىرەر ئايالنىڭ يەرگە تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىپ كېتەتتىم. بۇ شەھەرنىڭ قىشى شۇنداق ئۇزۇن، قار شۇنداق كۆپ ياغىدىغان، يوللىرى مۇزلۇق، تېيىلغاق تۇرۇقلۇق، مۇزدا تېيىلىپ كەتكەن بىرەر ئايال ئۇچراپ قالاي دېمىدى. مەن سىرتلارغا چىقساملا، ئەتراپىمدىن يىقىلىپ چۈشىدىغان ئاياللارنى ئىزدەپ ئاخىرى زېرىكتىم. بۇ شەھەردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى زەپپانە بولۇپ كەتتىمۇ - نېمە، مەن بىرەر يەردە ئۇلارنىڭ ئاياللارغا لۈكچەكلىك قىلغىنىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. مەن بۇ 30 يىل ۋاقىتتا قاتتىق ئېچىنىمەن. مەن شۇنچە ئۇزۇن يىللارنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدۈم. بىراق مېنى شۇقەدەر ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئېسىمگە ئېلىپ باقماپتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ شۇقەدەر بەختلىقى ئۈچۈن مۇنۇ ئىشلىمەس كاللامنى قاغايمەن. بەلكىم مەن ئۇنى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇن قېتىم ئۇچراتقاندىمەن. بىراق چوقۇم تونۇيالماي قالدىم. بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن ھېلىمۇ بىر شەھەردە ياشاۋاتقاندىمەن، بەلكىم ئۇ ھېلىمۇ ماڭا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغاندۇر. بەلكىم ماڭا يەنە نۇرغۇن قېتىم يەنە شۇنداق مەنىلىك قارىغاندۇر، بىراق مەن ئۇنى بايقىيالمىغاندىمەن. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئازابلانغاندۇ - ھە! بەلكىم مەن ئۇنى قايتىلاپ زادىلا ئۇچرىتىپ باقمىغاندىمەن، ئۇ بەلكىم يىراق سەھرالاردا ياشاۋاتقاندۇ. ئۇنىڭ ئادرېسى زادى قانداق بولغىيتتى؟ ئاخىرى ئۇنىڭ ئىسمى يادىمغا كەلدى. توغرا... ئۇنىڭ بىلەن قوغلىشىپ ئوينىغان ھېلىقى قىز كۈلكىسىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ:

— ئۇنى يىقىتىۋەتتىڭ چىنار! — دېدى. بەلكىم ئۇنداق دېمىگەندۇ... ئىشقىلىپ ئۇنى چىنار دەپ چاقىردى. ئۇنىڭ ئىسمى چوقۇم چىنار.

ئۇ مېنى چوقۇم ياخشى كۆرىدۇ، نېمىشقىمۇ ئەينى چاغدا بۇنى بايقىۋالالماي قالغاندىمەن، مەن ئاياللارنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ماڭا مەنىلىك كۈلۈپ قاراپ تۇرغان ئاشۇ چاغدىكى قىياپىتىگە ئوخشايدىغان قىياپەتنى زادىلا بايقاپ باقمىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىدىكى مەنىنى باشقىلارنىڭ چۈشىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق مەن ئۇنى چۈشەنمەپتىمەن. پەقەت تاكى ھازىرغا كەلگۈچە ئاشۇنداق ھالەتنى باشقا بىراۋدا كۆرۈپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈنلا ئاندىن ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

مەن ئەسلىمەم ئىچىدىكى سانسىزلىغان چىرايلار ئىچىدىن ئۇنىڭ چىرايىنى ئايرىپ چىقىشقا بەكمۇ ئۇزاق ۋاقىت تىرىشتىم. ئاخىرى ئۇنىڭ ئوبرازىنى كاللامدا شەكىللەندۇرۇپ چىقتىم. مەن ئۇ توغرۇلۇق بىر ئولتۇرسام سائەت - سائەتلەپ خىيال قىلاتتىم. ئاخىرى ئۇنىڭ ئوبرازىنى تولۇق ھالدا كاللامدا شەكىللەندۇرۇپ چىققان چېغىمدا، مەن ئۆيۈمدە كونا سافاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇ توغرىسىدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بېرىلىپ خىيال سۈرۈۋاتاتتىم. ئۇنىڭ ئوبرازى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئاستا - ئاستا تەۋرىنىشكە باشلىدى. ئۇ ناھايىتى غۇۋا ئىدى، لېكىن بارا - بارا ئېنىقلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ مېنى بەكمۇ سېغىنىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم. ھەرقانداق قىلساممۇ قولۇم يەتمەيتتى. ئۇ ئېگىز بىر تۆپىلىكتە تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ بوينۇمغىچە لاي سۇ ئىچىدە تۇرغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، مۇزدەك سوغۇق سۇ تېنىمنى مۇزلىتىشقا باشلىدى. مەن ھەدەپ ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم، ئۇ بولسا توختىماي يىغلايتتى. مېنى چۆكۈرۈۋاتقان سۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان ياش ئىكەن - دە، دەپ ئويلىدىم مەن. مەن بارا - بارا چۆكۈشكە باشلىدىم. ئاخىر مۇزدەك سوغۇق سۇ ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىدىم. مەن قولۇمنى جان - جەھلىم بىلەن قاتتىق بىر شىلتىۋىدىم، قولۇم قاتتىق بىرنەرسىگە تېگىپ كەتتى.

چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام قولۇم ئالدىمدىكى ساجىغا تېگىپ كېتىپتۇ. مەن ئويغانغاندىن كېيىن ئويلىنىپ كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى، چۈنكى چۈشۈمدىكى چىنارنىڭ ياپما قاپاقلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزنىڭ ئىدارىدىكى تويتەك سىمىز بىر ئايالنىڭ چىرايى چۈشۈمدە ئۇنىڭ چىرايى بىلەن ئارىلىشىۋالغانىدى.

ئۇ چوقۇم تا ھازىرغىچە مېنى ياخشى كۆرىدۇ، چوقۇم مېنى ئۇنتۇيالماي يۈردى، چوقۇم شۇنداق. . . چوقۇم. . . ئۇ بەلكىم باشقا بىراۋ بىلەن توي قىلىپ كەتكەندۇ، لېكىن مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالسا چوقۇم دەرھال ئاجرىشىپ كېتىدۇ، بەلكىم باللىقمۇ بولۇپ بولغاندۇ، لېكىن ئۇ مۇقەددەس سۆيگۈ ئۈچۈن ئۆز ھاياتىدىنمۇ ۋاز كېچەلەيدىغان يەردە، بالىلىرىدىن، ئائىلىسىدىن ۋاز كەچمەمتى، ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەن شۇنداق. جەمئىيەتتە ھەتتا نەۋرە كۆرگەنلەرنىڭمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئائىلىسى بۇزۇلىدىغان ئىشلار ئازمۇ؟ بەزىلەر ھەتتا كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ ئۇنداق قىلىشنى خالىماي قالاتتىمۇ؟

مەن شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭغا توختىماي خەت يېزىشقا باشلىدىم. پەرىزىم بويىچە دائىم ئوخشىمىغان ئادرېسلارغا سېلىۋەردىم. مەن پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەرنىڭ ئادرېسىغا خەت سالسامۇ سالىمەن. . . پۈتۈن دۇنيادىكى ئادرېسلارنىڭ ھەممىسىگە خەت يازسام ئۇ ھايات بولسىلا خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالماي قويمايدۇ.

8

ئۇلار ئۇنىڭ سىرلىرىنى قانداق بىلىۋېلىۋاتقاندۇ؟

ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز سىرىنى قانداق بىلىۋېلىۋاتقانلىقى توغرۇلۇق نۇرغۇنلىغان ئويلىنىشلاردىن كېيىن ئاخىرى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ھەممىنى ئورنىدىن قوزغاپ، ئۇزۇل - كېسىل ۋە تولۇق بىر قېتىم ئاختۇرۇپ چىقىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ ئۆز - ئۆزىگە قىلغان گەپلىرىدىكى بەزى مەزمۇنلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەزمۇندىكى سۆزلەرنى باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن كۆپ قېتىم ئاڭلاپ قالدى. ئۇلار مېنىڭ ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم پاراڭلىشىپ دېگەن گەپلىرىمنى ئاڭلىمىسا بۇ سۆزلەرنى نەدىن بىلىدۇ؟ ئۇلار ئۇنى چوقۇم ئاڭلاپ قالدى دەپ ئويلايتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ئىشلىرىدىن تويۇپ كەتتى. ئاخىرى پۈتۈنلەيلا سىرتقا چىقالماس بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە باشقىچە نەزەر بىلەن قاراشلىرىنى كۆرۈۋېرىشكە تاقەت قىلىۋېرەلمەيتتى.

— ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمنى زادى قانداق ئاڭلاۋاتىدۇ؟ — ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن توختىماي سورايتتى. ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى نېمىدېگەن قەبىھ، ئۇلار نېمىدېگەن يامان - ھە!

ئاخىرى ئۇنىڭ مېڭىسى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. تاپتىم دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇلار چوقۇم ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ.

ئۇ شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىنى تىنماي ئاختۇردى، بىراق ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى تېپىلمىدى، ئۇ ئاختۇرمىغان جاي قالمىدى. دېرىزىنىڭ ئۈستىدىكى گەرنىزنىڭ ئۈستىنى سىلاپ بېقىۋىدى، قولىغا قاپقارا توپا چىقتى. ئۇ ھەتتا تامدىكى توك ئۇلايدىغان جايلارنىمۇ ئېچىپ قاراپ باقتى. كونا تېلېۋىزورنىڭ ئىچىگە ئورنىتىپ قويغان بولۇپ قالمىسۇن دەپ تېلېۋىزورنىمۇ بىرقۇر چۇۋۇپ ئاختۇرۇپ چىقتى، نەتىجە يەنىلا ئوخشاش بولۇپ چىقتى، ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى ھېچيەردىن تېپىلمىدى.

ئۇ سافالىرىنىڭ رەختلىرىنى سۆكۈۋەتتى، يوتقانلىرىنىمۇ بىر قۇر سۆكۈپ قاراپ باقتى. ئۆيىنىڭ ئىچى خۇددى بۇلاڭ - تالاڭغا قالغاندەك ۋەيران قىلىۋېتىلدى، ئۇ يەنىلا ھېچنەرسە تاپالمىدى.

ھازىر پەن - تېخنىكا بەك تەرەققىي قىلىپ كەتتى. بەلكىم ئۇ نەرسە بەكمۇ كىچىك بولسا كېرەك، ماڭا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ كۆزۈمگە تازا چېلىقمىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى ئۇ ئاخىرى ۋە پۈتۈن ئۆينى سۈپۈرۈپ چىقتى. ئۆينى سۈپۈرۈۋېتىپ قارىسا، ئۆيدە سۈپۈرۈۋاتقان ئەخلەتتىن پەرقسىز نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆي ئىچى تامامەن بىر ئەخلەتخانىغىلا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدىن ئۇ نەرسىنى تېپىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

9

مەن ھەممىنى ئىقرار قىلىمەن، بولدى سىلەر ئەمدى مېنى يەنە قىستاۋەرمەڭلار. مەن راستىنلا بىر ئادەتلەنگەن ئوغرى. مەن كۈندە ئوغرىلىق قىلىمەن. جىنسىيەتكە دائىر بەزى كىتابلاردىن ئۇقۇشۇمچە، ئادەتتە ئەر - خوتۇنلار ئىككى كۈندە بىر قېتىم بىرگە بولسا بولىدىكەن. مەنمۇ شۇنىڭدەك ئىككى كۈندە بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى يەنىلا ئۆزىنى ناھايىتى تۇتۇۋالغان ئادەم دەپ قارىسا بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى ئىككى كۈندە بىر قېتىم قاندۇرمىسا بولمىغاندەك، مەنمۇ ئۆز ۋۇجۇدۇمدا ئىككى كۈندە بىر قېتىم قورقۇنچ تۇيغۇسىنى يۇقىرى پەللىگە چىقارمىسام بولمايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، ئوغرىلىقنىڭ جىنسىي ھاياجاندىن ھېچقانداق پەرقى يوق. مې-

نىڭ باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىۋاتقان چاغدا ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسىنىڭ لەرزىتىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، بۇنى باشقا بىر ئادەمگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاشۇ ئادەمگىمۇ شۇنداق تۇيغۇنىڭ تەمىنى تېتىشتىن باشقا ئامال يوق.

قاچاندىن بېرى ئاشۇنداق تۇيغۇغا ئەسەبىيلەرچە بېرىلىپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن ئاشۇ خىل ھاياجاننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بەلكىم ئادەم ئۆلگەندە بۇ خىل ھېسسىيات ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا چىقىدىغاندۇ، شۇ چاغدا ئادەم ھەقىقەتەنمۇ يوقادىن چىقىشى مۇمكىن. مەن كېيىنكى چاغلاردا كېچىلىرى كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، باشقىلارنىڭ دېرىزىلىرىنى مارىلاش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاشۇ يىرگىنىشلىك ئىشلار پەيدا قىلغان ھاياجان ۋۇجۇدۇمنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۆز تېنىم ۋە سەزگۈلىرىم ئىچىگە تېخىمۇ چوڭقۇر چۆكۈشكە باشلىدىم. مېنى ئۆز ۋۇجۇدۇمدىكى سەزگۈلەر يۇتۇپ كېتىشكە باشلىدى. مەن ئۇلار بىلەن شۇنچە ئۇزاق مەزگىل تىركەشتىم، ۋۇجۇدۇمدىكى سەزگۈلەرنىڭ چەكسىز ۋەسۋەسىسىدىن جان - جەھلىم بىلەن ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىشقا تىرىشتىم، بىراق ئامال بولمىدى. مەن ئاخىرى ئۆز ۋۇجۇدۇم ئىچىگە تامامەن غەرق بولدۇم، مەن تۈگەشتىم. مەن ئۆز تېنىمنىڭ ئەڭ پەسكەش قۇلىغا ئايلىنىپ كەتتىم. مەن ئەسەبىيلەشتىم. مېنىڭ كۆزۈم قارىغۇ، قۇلىقىم گاس بولدى. مەن قاراپ تۇرۇپ كۆرمەس بولدۇم، تىڭشاپ تۇرۇپ ئاڭلىماس بولدۇم. مەن تېنىمنىڭ ۋەسۋەسىسى ئالدىدا تامامەن ھالاك بولدۇم. مەن خۇدۇمنى يوقاتقان ھالدا ۋۇجۇدۇمنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن كوچىغا چىقىمەن. ئاپتوبۇسلارغا، كىشىلەر ئارىلىرىغا قىستىلىپ كىرىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرىمنى باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا سالىمەن. . .

جەمئىي قانچە قېتىم ئوغرىلىق قىلغان دەپ سورىدىڭىزمۇ؟ مەن ئۇنىڭ سانىنى بىلمەيمەن. مېنىڭ پەقەت بىلىدىغىنىم، ۋۇجۇدۇمدا كۈچلۈك بىر ئىستەك پەيدا بولىدۇ. بۇ بېسىپ بولغۇسىز ئىستەك شۇقەدەر دەھشەتلىك قوزغىلىدۇكى، ئىختىيارسىز يۈرىكىم سىلىپ كېتىدۇ. مەن ۋۇجۇدۇم ئوت بولغان ھالدا ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىمەن - دە، ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭىمەن.

مەن قولۇمغا چىققانلا نەرسىنى ئالىمەن. ئادەمنى ئەڭ جىددىيلەشتۈرىدىغىنى كوچا ئاپتوبۇسىدا ئوغرىلىق قىلىش. . . پاھ. . . ئادەم ھەقىقەتەنمۇ تەلتۆكۈس خۇمادىن چىقىدۇ.

مەن ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر ئادەم. مېنىڭ قەلبىم باشقىلارغا بولغان مېھرى - مۇھەببەت بىلەن تولغان. مەن باشقىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرسەم چىدىيالماي قالىدىغان ئادەم. بىراۋنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرسەم گەرچە ئۇنى تونۇمىساممۇ، ئۇنىڭ نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلمىسەممۇ، ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ زادىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەندە قانداقمۇ نەپسانىيەتچىلىك ياكى باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە ئىگە بولۇۋېلىش خىيالى بار بولسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئىدارىدىن ئالىدىغان مائاشىم تاماق يېيىشىمگە يېتىدۇ. مېنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلىپىممۇ يۇقىرى ئەمەس. پەقەت قورسىقىم تويسىلا بولدى. مەن پۇل يىغىدىغان ئادەملەرنى، بايلارنى ئۆچ كۆرىمەن. ئۇلار دۇنيادا ياشاشقا بىرەر باھانە تاپالمىغاچقا، پەقەت پۇل يىغىشنى ياشاشقا باھانە قىلىدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي بىنورمال ئادەملەر، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز دەپ قارىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشمەيدۇ. مېنىڭ ئوغرىلىق قىلىشتا زادىلا پۇل يىغىش ياكى باي بولۇش مەقسىتىم يوق. مەن ئۇلارغا ئوخشاش غەيرىي نورمال ياكى كېسەل ئادەم ئەمەس. مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىمەن. مەن تېنىمنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى قاندۇرىمەن، خۇددى باشقىلار جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرغاندەك. مەن پەقەت ئوغرىلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ چاغدىكى دەھشەتلىك ھاياجاننى قوغلىشىپ شۇنداق قىلىمەن. مېنىڭ ئۇ چاغدا ۋۇجۇدۇمدا پەيدا بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسى قەلبىمنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ، ھاياجاندىن پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ كېتىدۇ، مېنىڭ بۇ ھاياجانغا قانماس ۋۇجۇدۇم مەندىن دائىم ئەنە شۇنداق خۇماردىن چىقىرىشنى كۈتىدۇ.

ساقچى يىگىت، سىز بۇ گەپلىرىمگە ئانچە ھەيران قالماڭ، بۇ سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە نېمىشقا سىغمايدۇ؟ دۇنيادا قورقۇنچ تۇيغۇسىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن كىشىلەر ئازمۇ؟ ھەممە ئادەم قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن ھوزۇرلىنىدۇ، بىراق ئۇلار ئۇنىڭ بەك يۇقىرى پەللىگە چىقىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. مەسىلەن، بالىلار باغچىلىرىدا بالىلار چىقىدىغان تېز سۈرئەتلىك ئايلانما پويىز خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بالىلار ئۇنىڭغا نېمىشقا ئامراق؟ چۈنكى ئۇلار قورقۇنچتىن ھوزۇرلىنىدۇ. تاغقا يامىشىدىغان تەۋەككۈلچىلەرچۇ؟ ئۇلار ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ قۇپقۇرۇق تاغنىڭ چوققىلىرىدا ئەجەل ۋە قاتمۇ قات قار - مۇزدىن باشقا نېمە بار؟ ئۇلار ئۇ يەرگە چىقىپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ئۇلار ئۇ يەرگە ناھايىتى ئېنىقكى، خەتەردىن ھوزۇرلانغانلىقى ئۈچۈن چىقىدۇ. قانچە خەتەرلىك، قانچە قورقۇنچلۇق بولسا شۇنچە ھوزۇرلىنىدۇ،

شۇنچە پۇخادىن چىقىدۇ. ۋەھىمىلىك كىنولار نىمىشقا كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنچە جەلپ قىلىدۇ؟ چۈنكى ئۇمۇ قورقۇنچتىن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئېيتىڭا، ئاشۇلار ھەممە ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغىدىكەنۇ، مېنىڭ قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن ھۇزۇرلىنىشىم نىمىشقا ئەقىلگە سىغمايدىكەن؟!

مەن قورقۇنچنى سۆيىمەن. قورقۇنچتىن سىيىپ سالسام دەپ ئويلايمەن. مەن بۇنى پەقەت بىر - ئىككى قېتىملا باشتىن كەچۈرگەن. مېنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئىنتىلىدىغىنىم سىيىپ سېلىش. پەقەت سىيىپ سالغاندىلا تامامەن قانغاندەك بولىمەن. باشقا چاغلاردا ئوغرىلىق قىلىپ پەقەت ئادەتتىكىدەكلا قورقۇنچ ھېس قىلسام ۋۇجۇدۇمنىڭ بۇ تۇيغۇغا بولغان تەشنالىقى تېخىمۇ ئېشىپ، مېنى تېخىمۇ سەرسان قىلىۋېتىدۇ. پەقەت قورقۇنچتىن سىيىپ سالغان ئاشۇ چاغدىلا مەن ئۆزۈمنى چەكسىز يەڭگىل ھېس قىلىمەن. مەن ئاشۇ چاغدىلا ئاندىن ھاياتنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن، ۋۇجۇدۇمدىكى ۋەسۋەسىمۇ بىردەم بېسىلىپ مېنى ئۆز ئارامىغا قويىدۇ. مەن ئىشتانلىرىم ھۆل بولغان ھالدا ئۆيگە كېلىپ چەكسىز راھەت ھېسسىياتى بىلەن ئۆزۈمنى تاشلاپ ياتىمەن.

سىيىپ سېلىشقا نىمىشقا شۇنچە مەپتۇن بولۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. 30 يىل بۇرۇنقى ھېلىقى كۈنى - مەن ئۇنى ئۇچراتقان كۈنى قورسىقىم سۇ بىلەن لىق تولغانىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان، بەزىدە سۈزۈك، بەزىدە لاي ئاقىدىغان ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ سۇنى قانچىلىك ئىچكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. قورسىقىم ئاچلىقتىن ئېچىشقانسېرى مەن ئۇنى ئازراق بولسىمۇ بېسىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە سۇنى ئىچىۋەردىم. ئاشۇ كۈنى ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىرئاز لاي ئىدى، ئېقىن ئانچە تېز بولمىغاچقا، ئۆستەڭنىڭ لەپ تەرىپىدىكى سۇ ئوتتۇرىدىكى ئېقىنغا قوشۇلۇپ تېز ئاقمىغاچقا سەل سۈزۈلۈپ قالاتتى. يىراقتا بىر توپ باللار قىيپالىڭاچ بولۇۋېلىپ سۇدا ئويناۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتەي دېمىدىم، چۈنكى بۇ ناھايىتى كۈلكىلىك بىر ئىش ئىدى. ئۇلارنى سۇنى بۇلغىدى دەپ يۇقىرى ئېقىنغا ئۆتكىنىم بىلەن ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدىمۇ يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۇغا چۈشۈپ ئوينايدىغانلىقى ماڭا ئېنىق ئىدى. سۇ يەتتە مۇللاقلىسا ھالال دېگەن كونىلارنىڭ گەپلىرىنى ئەسلەيتتىم.

مەن ئەتىگەن سۇغا چۈشۈپ كەتكەن نېنىمنى ئەسلەپ كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى. ئۇنى ئانام چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ سومكامنىڭ ئاستىغا، يەنى كىتاب - دەپتەرلىرىمنىڭ تېگىگە سېلىپ قويغانىدى. ئۇ يەنە قانداق بولدى، ئۈستى تەرەپكە چىقىپ قاپتۇ. يولدا كېلىۋېتىپ قەلىمىمنى ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ - قانداق دەپ ئويلاپ، سومكامنى ئاختۇرۇپ قاراپ باققان چېغىمدا ئۇ ئۆرۈلۈپ ئۈستىگە چىقىپ قالغان بولسا كېرەك.

مېنىڭمۇ باشقىلاردەك سۇغا چۈشۈپ ئوينىغۇم كەلدى. بىراق شۇندىلا قورسىقىمنىڭ لىق سۇ بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەدىنىم ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن سۇغا چۈشۈپ ئويناش زادىلا خۇش ياقمىدى. مەن خۇددى سۇغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم بىلەن تەڭ مېڭەم ۋىڭىڭىدە قايدى. ئۆزۈمنى رۇسلىۋېلىپ خاموش ھالدا مەكتەپ ئىچىگە قاراپ ماڭدىم. ھەر بىر قەدەم ئالسام قورسىقىم شالاق - شالاق قىلاتتى.

سىنىپ بىناسىنىڭ پەلەمپىيى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ ماڭا يۈگۈرۈپ چىقىپلا ئۇرۇلۇپ كەتتى. مەن ناھايىتى تەستە ئورنۇمدىن تۇردۇم. بېشىم پىرقىراپ قاياتتى، تىزلىرىم تىترەيتتى، قورسىقىم سۇ بىلەن لىق تولغانىدى. بۇ سۇ مېنى قاتتىق قىيناماقتا ئىدى. ئازراق سۇنى ئۆزۈممۇ بىلمەستىن قويۇۋېتىپتىمەن، بىراق ئۇنىڭ زادىلا پايدىسى بولمىدى، دەل شۇ چاغدا مەن سىيىپ تاشلىدىم. ئىللىق سۈيدۈك يوتامدىن تىزلىرىمغىچە يېيىلدى.

مەن قاتتىق يىقىلىپ چۈشكەچكە بەدىنىم قاتتىق ئاغرىماقتا ئىدى. مەن بىردەم تىن ئالالماي قالدىم. مەن بەدىنىمدىكى قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي تۇرغان ئاشۇ چاغدا، ئۆزۈمنىڭ سىيىپ سېلىۋاتقانلىقىمنى تۇيدۇم - يۇ، بىراق سۈيدۈكۈمنى توختىتىۋالالمىدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا قارىۋىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرىنى ئېنىق كۆردۈم. مەن تۇنجى قېتىم قورقۇنچتىن سىيىپ سالغان ۋاقتىمدا ئاجايىپ تاتلىق تۇيغۇغا چۆمۈلدۈم. خۇددى مەن يەنىلا ئاشۇ دەۋرگە بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ ئالدىمدا ماڭا قاراپ مەنىلىك تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.

چىنار...

ئۇنىڭ ئىسمى - چىنار.

ئۇ ماڭا قاراپ مەنىلىك تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ قورقۇنچتىن داۋاملىق سىيىپ تاشلىشىمنى ئارزۇ قىلىمەن.

ئەمدىغۇ مېنىڭ ئوغرىلىق قىلىشىمدىكى مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسىلەر؟ بۇ شۇنچە ئاددىي بىر ئىش... شۇقەدەر ئاددىي، جاندىن ئۆتكۈدەك ئاددىي... چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاددىي. مۇرەككەپلىك ۋە سىرلىقلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ خام خىيالى!

ئادەمنىڭ ھاياتىدا يۈرەكنى جۇغۇلدانقۇدەك ھېچ ئىش بولمىسا بۇنداق ياشاشقا قانداق بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن؟!

مەن ئۇنىڭغا توختىماي خەت يازىمەن، ئۇ-
نىڭ جاۋابىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتىمەن، بۇ
ئۇزاقتىن - ئۇزاق ۋاقىتلارنى قانداق ئۆتكۈزۈشۈم
كېرەك؟ هايات نېمىدېگەن ئۇزۇن! مەن بۇ ئۇ-
زاقتىن - ئۇزاق ۋاقىتنى تېز ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاما-
لىنى ئويلاپ تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ - ئوغرىلىق. . .

نېمە؟ سىز ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ۋە پۇل-
لارنى نېمە قىلدىڭ دەپ سورىدىڭىزمۇ؟ مەن ئۇلا-
رنى ئوغرىلاپ بولۇپلا تاشلىۋېتىمەن، كوچىلارغا
تاشلىۋېتىمەن، مەن ئەزەلدىن هارام نەرسىلەرنى
خالىمايمەن. باشقىلارنىڭ پۇلىنى خەجلەش نېمە-
دېگەن نومۇسسىزلىق!

راست، مەن سىلەرگە يەنە بىر ئىشنى ئېيت-
تىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مەن ئۇزاق يىللاردىن
بېرى ئادەتلەنگەن يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ
ئۆزۈمنى ئاچ قويۇش. بۇ گالدىن تاماق ئۆتمەس-
لىك ياكى بىرنەرسە يېگۈم كەلمىگەنلىكى سەۋە-
بىدىن ئەمەس ياكى پۇلۇم يوق، يېگۈدەك بىرنەر-
سەم يوق بولغانلىقىدىن ئەمەس! مەن ئۆزۈمنى
ئاچ قويۇشتىنمۇ لەززەت هېس قىلىمەن. . .
قورسىقىم ئاچلىقتىن بەزىدە كوركىراپ كېتىدۇ.
مەن توختىماي سۇ ئىچىمەن. قورسىقىم سۇ بى-
لەن لىق تولۇپ ئىسىلىپ كېتىدۇ. ئۇياق -
بۇياق ماڭسام قورسىقىمدىكى سۇنىڭ شالاقشىغان
ئاۋازىنى ئاڭلايمەن، مەن سۇنىڭ «شالاق. . .
شالاق» قىلغان ئاۋازىغا بېرىلىپ قۇلاق سالى-
مەن. مەن ئۇ ئاۋازنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىڭشاي-
مەن، پۈتۈن دىققىتىمنى يىغىپ تىڭشايمەن.

باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سالغاندا بۇ ياش-
چۇقلاردا هېچنەرسىنىڭ يوق بولۇپ چىقىشىنى
ئارزۇ قىلاتتىم. چۈنكى ماڭا كېرىكى پۇل ياكى
باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەتلا ئوغرىلىق ئېلىپ
كەلگەن قورقۇنچتىن پەيدا بولغان هاياجانلىنىش
ئىدى. مەن قول سالغان يانچۇقلار ئاساسەن قۇ-
رۇق بولۇپ چىقاتتى. مېنىڭ هاياجانغا قانماس
بۇ رەزىل بەدىنىم مەندىن دائىم بۇ خىل دەهشەت-
لىك هاياجانلارنى تەلەپ قىلاتتى. پەقەت ئاشۇ
پارتلاش خاراكتېرلىك هاياجان چاقماق تېزلىكىدە
يۈز بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ۋۇجۇدۇم
خۇددى پارتلاشتىن كېيىنكى ئېغىر سۈكۈتكە
ئوخشاش تىنچلىنىپ قالىدۇ. بىر قېتىملىق ها-
ياجان خۇددى چاقماقتەك تېگىپ ۋەيران قىلىپ
ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ۋۇجۇ-
دۇم جانسىزلىنىپ مەندىكى نەپەككۇر ۋە رەزىل
خىياللارنى داۋاملاشتۇرغۇدەك ماغدۇر قالمىغان-
دەك، شۇندىلا روهىمدا چەكسىز ۋە ئازابلىق بول-
غان بىر خىل هالسىزلىق ۋە بىر خىل ئازادىلىك
سېزىمەن.

مەن بارا - بارا ئۆز ۋۇجۇدۇمغا نەپرەتلىنى-
دىغان بولۇپ كەتتىم، بىراق ئۇنىڭ بىلەن قار-
شىلىشىش زادىلا قولۇمدىن كەلمىدى. مەن ئاخى-
رى ئەنە شۇنداق بىچارىلەرچە هالدا ئۇنىڭ ئاجىز
قولىغا ئايلىنىپ قالدىم. تېنىم مېنىڭ ئەقلىمنى
يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى، مەن شۇقەدەر
يۈكسەك ۋە مۇقەددەس دەپ ئويلىغان ئەقىل ئا-
خىرىدا هېچنەرسىگە كېرەككە كەلمەس نەرسىگە،
يەنى ئەخلەتكە ئايلىنىپ قالدى.

ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق
مەن باشقىلاردىن ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى نېمە
قىلىمەن؟ مەن هەممە نەرسىنى ئوغرىلايمەن. .
. قولۇمغا بەزىدە پۇل چىقىدۇ، بەزىدە بىرنەچچە
يۈەن هەتتا بىرنەچچە موچەن، بەزىدە نەچچە يۈز
يۈەن، مەن ئۇلارنى ئوغرىلاپ بولۇپلا تاشلىۋېتى-
مەن. ماڭا ئۇ نەرسىلەرنىڭ نېمە كېرىكى؟ ماڭا
بىردىنبىر كېرىكى پەقەتلا ئوغرىلىغان چاغدا پەيدا
بولغان ئاشۇ هاياجان! بەزىدە قولۇمغا باشقىلار-
نىڭ كىملىكى چىقىپ قالىدۇ . . . بەزىدە ئايال-
لارنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى چىقىدۇ. . . بەزىدە
بىر توپ قۇرۇق قەغەز چىقىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ
هەممىسىنى ئاپىرىپ تاشلىۋېتىمەن. قولۇمغا بە-
زىدە باشقىلارنىڭ سالام خەتلىرى چىققان چاغلار-
مۇ بار. بىراق مەن ئۇلارنىمۇ ئېچىپ ئوقۇپ
باقمىدىم، چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ بىر - بىرى
بىلەن خەت يېزىشىدىن قاتتىق يىرگىنىمەن، ئۇ-
لارنى كۆرسەملا قۇسقۇم كېلىدۇ. مەن هەممىلا
خىل تۇيغۇدىن هۇزۇرلىنالايمەن. بىراق يىر-
گىنىچ تۇيغۇسىدىن زادىلا هۇزۇرلىنالمايمەن. ما-
ڭا هېچيەردىن خەت كېلىپ باققىنى يوق، مەن
شۇڭا ئۇلاردىن يىرگىنىمەن. ئۇلارنى ئۆچ كۆرى-
مەن، قاغايمەن.

10

ئۇ ساقچىخانىغا ئېلىپ كېلىنىپ باشتا سو-
راق قىلىنغاندا، هېچنەرسىنى ئىقرار قىلماي تۇ-
رۇۋالدى.

ئاشۇ كۈنى ئۇنىڭ پوچتىكەش يىگىتتىن
باشقا هېچكىشى چېكىپ باقمىغان، كونىراپ
سىرلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن ئىشىكى تۇنجى قېتىم
باشقىلار تەرىپىدىن چېكىلگەنىدى.

- تاك. . . تاك. . . تاك

ئىشىك قايتا - قايتا چېكىلدى. ئۇ يەنىلا
پوچتىكەش يىگىت كەلدى دەپ ئويلىغانىدى، بى-
راق بۇ قېتىم كەلگىنى پوچتىكەش يىگىت بول-
ماستىن، بەلكى ساقچىلار بولۇپ چىقتى. ئۇ
ئۇلارغا قاراپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەرهال
چۈشەندى.

ئۇ دەسلەپ هەدەپ گەپ يوپۇتۇپ ئۆزىنى
زادىلا يېقىن يولاتمىدى. ئۇلارغا هەدەپ ئۆزىنى
قويۇۋېتىشنى ئۆتۈندى.

ساقچىلارغا كىشىلەر بىرنەچچە قېتىم دېلو
مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ چىراي - تۇرقىنى سۈرەت-
لەپ بېرىشكەنىدى. ئۇ بۇ قېتىم دەسلەپكى تۇ-
تۇلغان چاغدىكىدەك ئوغرىلىق قىلىۋاتقان چاغدا

تۇتۇلغان ئەمەس ئىدى.

ئۇ قاماقخانىدا بىرنەچچە كۈن ياتقاندىن كېيىن زادىلا چىدىيالماي قالدى. ئۇ قاماقخانىنىڭ يوغان ھەم قېلىن تۆمۈر ئىشىكىنى بار كۈچى بىلەن ئۇرۇپ ۋارقىرايتتى. تۆمۈر ئىشىكنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىگە ئاغزىنى ئېلىپ بېرىپ ۋارقىرايتتى.

- مېنى قويۇۋېتىڭلار! مېنىڭ مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، مېنى قويۇۋېتىڭلار... مەن پوچتىخانىغا خەت سالمىسام بولمايدۇ!

گۇندىپاي ئۇنى تىللاپ ھەيۋە قىلىپ قويۇپ كېتەتتى، بىراق ئۇ زادىلا جىم تۇراي دېمىدى. ساقچىلارنىڭ ئېلىپ چىقىپ «ئەمدى ۋارقىراۋەرمە، يەنە مۇشۇنداق ۋارقىراۋېرىدىغان بولساڭ بېسىقتۇرۇپ قويىمىز...» دەپ ئەدەپلىگەنلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئەنە شۇنداق توختىماي تىركەشتى. تاماقمۇ يېگىلى ئۇنىمايتتى. ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىنگەن مومىنى يېمەسلىكى باشقا جىنايەتچىلەرنى خۇش قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تاماق يېمىگىنىنىڭمۇ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىدى.

ئون نەچچە كۈندەك تىركىشىشتىن كېيىن ئۇ ئاخىرى جىمجىتلا بولۇپ كەتتى. خۇددى قاتۇرۇپ قويغان بۇتتەكلا ئورنىدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. باشقىلار گەپ قىلسىمۇ گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئىپادىسىز يۈزلىرى خۇددى چويۇندىن ياسالغاندەك مۇستەھكەم ئىدى. بۇ يۈزلەرگە مەڭگۈ بىرەر نەرسە تەسىر قىلىپ ئۇنىڭدا بىرەر ئىپادە ئۆزگىرىشى پەيدا قىلالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ساقچىلار ئۇنىڭ دېلوسىنى جىددىي تەكشۈرمەكتە ئىدى.

ئۇ بىرنەچچە قېتىم سوراق قىلىنغان چاغدىمۇ ئاغزىنى مىت قىلىپ قويماستىن ئولتۇردى. ئۇنىڭ مىت قىلماي تۇرغان كۆزلىرىمۇ قېتىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ زادى قەيەرگە قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇ ئاخىرى بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئۇيلىمىغان يەردىن ھەممىنى بىراقلا ئىقرار قىلىۋەتتى. ئۇ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

- مېنى دەرھال قويۇۋېتىڭلار... مېنىڭ مۇھىم ئىشىم بار. مەن بىرسىگە خەت سالمىسام بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، تۈرمىدە ئۆمۈر بويى ياتساممۇ خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. مەن ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتمىسەم بولمايدۇ!

11

ئۇنىڭ پوچتىكەش ۋە ساقچىلاردىن باشقا ھېچكىم چېكىپ باقمىغان ھېلىقى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن سوغۇق ئىشىكى ئەمدى پوچتىكەش تەرىپىدىنمۇ چېكىلمەس بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىشىكنىڭ ئەمدى تامدىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بەزەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويمايتتى. ئۇلار ئۈچۈنمۇ بۇ ئىشىكنىڭ تامدىن پەرقى يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆيى بىرىنچى قەۋەتتە ئىدى. ئادەتتە بىرىنچى قەۋەتكە ئوغرىلىققا كىرىش بىرقەدەر ئاسان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ دېرىزىلىرى تۆمۈر بىلەن رىشاتكىلانغان ئەمەس ئىدى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى بىر ئۆيگە ئوغرى كىرگەن بولسىمۇ، ئاشۇ ئوغرىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرەي دېمىدى.

12

ۋاقىت دەۋر قىلىپ 30 نەچچە يىل ئىلگىرىكى چاغلارغا بېرىپ قالدى. ئۇ يەنىلا ھېلىقى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقا دەرۋازىسى يېنىدىن ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىدا تۇراتتى.

بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بەزىدە لاي، بەزىدە سەل سۈزۈك ئاقاتتى. ئۇ ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئوچۇملاپ ئېلىپ توختىماي ئىچەتتى.

ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەنىدى. ئاچلىقتىن ئېچىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ بېشى قايماقتا ئىدى. ئۇ قورساقنىڭ ئېچىشىنى سۇ بىلەن ئازراق بولسىمۇ پەسەيتكىلى بولىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنەتتى. سۇ ئۇنىڭ يۈرىكىگە ياقتى، بىراق ئۇنىڭ بەدىنى لايدەك بولۇپ بوشىشىپ ئېغىرلىشىپ، كۆڭلى تېخىمۇ ئېلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى پىرقىراپ قېيىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرى بولالماي كەينىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىرھازا ئاسمانغا قاراپ ياتتى. ئاسماندا قۇياش خۇددى يۇندا قاچىلانغان جاۋۇردا ئۈيۈپ قالغان مۇزدەك خۇنۇك پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆستەڭ بويىدا قانچىلىك ياتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يىرتىلىپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن، توپا ۋە ئەخلەتلەر ئارىسىدا تۇرۇپ مەينەتلىشىپ ئەسلى رەڭگىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلگىلى بولماس بولۇپ كەتكەن كونا سومكىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ مەكتەپ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇنىڭ سۇ بىلەن لىق تولغان قورسىقىدىن «شالاق... شالاق» قىلىپ سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مۇشۇ رايوندا تارىخى

ئەڭ ئۈزۈن بولغان بۇ مەكتەپنىڭ سىنىپ بىناسى يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى.

ئۇ سىنىپ بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگىلا قوڭغۇراق چېلىندى، سىنىپلاردىن توپ - توپ ئوقۇغۇچىلار چىقىشقا باشلىدى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان بۇ غەلىتە ئادەمگە قاردىشىپمۇ قويماستىن ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىشتى.

— مەكتەپتە دەرس توختىتىلىدىغانلىقى راستمىكەن؟

ئۇ بىر ئوقۇغۇچىنى توختىتىپ سورىۋىدى، ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دېدى:

— تەتىل يىغىلىپ دەرس ئەمدى يېڭىدىنلا باشلىنىۋاتسا نېمىشقا دەرس توختىتىلىدىكەن؟

ئۇ بىر توپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا چىقىۋاتقان بىر ئوقۇتقۇچىنى مېڭىشتىن توختىتىپ سورىدى:

— بۈگۈن ئەتىگەن راستىنىلا دەرس توختىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىندىمۇ؟

مۇئەللىممۇ ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— سىزنىڭ بالىڭىز قايسى سىنىپتا ئوقۇيدۇ؟ — سورىدى مۇئەللىم.

ئۇ مۇئەللىمنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

— بىزنىڭ مۇئەللىم چىقمايدىغۇ؟

— قايسى مۇئەللىم؟

— نايىپ مۇئەللىمچۇ؟

مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاراپ تېخىمۇ ھاڭۋېقىپ قالدى.

— نايىپ مۇئەللىم ئۆلۈپ كەتكىلى نۇرغۇن يىللار بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا قاتتىق مىسكىنلىشىپ تۇرۇلۇپلا كەتتى، بۇ قاتتىق يىغلاۋاتقان ئادەمنىڭ چىرايى ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى مۇشۇ قىياپەتكە كىرىپ، بىرھازادىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېتىلىپ چىقتى، بىراق ياش ئېتىلىپ چىققاندا بولسا ئۇنىڭ چىرايى يەنە ئۆزگىرىپ بىردىنلا كۈلگەندەك ھالەتكە كىرىپ قالدى، ئاندىن يەنە يىغلىغاندەك تۇرۇلدى. مۇئەللىم ھاڭۋاققان ھالدا ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە بىر - بىرلەپ تەپسىلىي ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر قارىغان ئادەمنى تېگىشلىك بولمىغان ئازابقا گىرىپتار قىلاتتى.

مۇئەللىم كېتىپ قالدى. ئۇ نايىپ مۇئەللىمنى چىقىپ قالسا ئىدى دەپ ئارزۇ قىلدى، لېكىن ئۇ مۇئەللىم راستىنىلا نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەندەكلا ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەنە بىر مۇئەللىمدىن بۇنى سۈرۈشتۈردى:

— نايىپ مۇئەللىم قانداقمۇ ئۆلۈپ كەتسۇن؟ مەن بۈگۈن دەرس توختىتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بولۇپلا ئۇنى كۆردۈم، ئۇنى تېخى مېنى تەنقىدلەپ، تەن جازاسى بېرەرمىكىن دەپ قورقۇپ تۇرسام يېنىمدىن گەپ قىلماي كېتىپ باردۇ. بۈگۈن راستىنىلا دەرس توختاپ كەتتىما؟

— ياق، دەرس توختىمىدى، — دېدى گاڭگىراپ قالغان مۇئەللىم. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا كۈلكىدىن پۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى پۈتكۈل قورۇقلار ئۇنىڭ شادلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلگەنىدى. بىراق بىرئازدىن كېيىنلا بۇ ئېنىقلا بىلىنىپ تۇرغان خۇشاللىقنىڭ ئىپادىسى بارا - بارا يىغىغا ئوخشاپ قالدى، ئاخىرىدا راستىنىلا يىغىدەك ئازابلىق تۇرۇلۇپ كەتتى.

چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئىشتانلىرى تىزىغىچە تۇرۇلگەن بولۇپ، لاي ۋە مەينەت ئىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ ئېسىۋالغان سومكىسىغا قاراپ ھەيران قالدى. بۇ ئەخلەتلەر ئىچىدىن تېپىۋالغان سومكىغا ئوخشايتتى. مۇئەللىم يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي سورىدى:

— سىزنىڭ بالىڭىز بۇ مەكتەپتە ئوقۇمدۇ؟

— ياق، مەن ئۆزۈم ئوقۇيمەن.

— نېمە؟

مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قايمۇقۇپ قالماقتا ئىدى.

— سىز بۇ يەردە بىرەرسىنى ساقلاۋاتامسىز؟

— ھەئە. ئۇ ھازىرلا مۇنۇ ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ باشقىلار بىلەن قوغلىشىپ ئويناشقا بەك ئامراق.

ئۇ شۇنداق دەپ سىنىپ بىناسىنىڭ ئىشىكىنى كۆرسەتتى.

— ئۇ كىم؟

— ئۇنىڭ ئىسمى چىنار.

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ ئورۇق ۋە ئېگىز گەۋدىسىنىڭ ئاشۇ يەردە ئىشىككە قاراپ كىمنىدۇر ساقلاپ تۇرغىنىنى دائىم كۆرىدىغان بولدى.

باشقىلار ئۇنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىنى چۈشەنمەيتتى. چۈنكى ئۇلار 90 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشاۋاتاتتى، ئۇ بولسا دەل شۇ تاپتا 60 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى بىر چۈشتىن كېيىنلىك ۋاقىتتا پەلەمپەينىڭ تۈۋىدە ھېلىقى چىنار دېگەن قىزنىڭ ئىشىكتىن يۈگۈرۈپ چىقىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

# سىمۋول ئېڭى ۋە مەدەنىيىتىمىزدىكى بۆھران

(ئەدەبىي خاتىرە)

باتۇر روزى

ھەيرانمەنكى، تارىخنى ۋاراقلاپ ئىنسانىيەتنىڭ خۇداسىز قالغان بىرەر دەۋرىنى ئۇچرىتالمىدىم. ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىي تەبىئەتكە چەكسىز مۇمكىنچىلىكلەردىن بىشارەت بەرسە ھېسسىياتنىڭ تەرەققىياتى ھەركىمنى ئۆز خۇداسى بىلەن ئەسكەرتىپ كەلمەكتە. پەلسەپە ئىنسان ئەقلىگە جەملەنگەن ئىلاھىي كۈچ بىلەن دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئۇستىدە ئىزلەنگەن بولسا، سەنئەت ئىنسان ھېسسىياتىغا جەملەنگەن ئىلاھىي ئېتىقاد شەكلى بىلەن ئۇلارنى بىرلا ئاندىن تۇغۇلغانلىقىغا، بىرلىكى چەكسىز رەڭدارلىقتا ئەكس ئەتكۈچى بىر خىل ماھىيەتلىك ئالەمنىڭ پارچىلىنىش ئىكەنلىكىگە ساپ ۋە سەمىمىي ئېتىنىك تەڭكەشلىك تەلقىنىدە ئىشەندۈرۈپ كەلمەكتە. گېگىلنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ماتېرىيالىستىك دېئالېكتىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىلھام بەرگەن شەرقنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى جالالىدىن رۇمى: «ئۆزىنىڭ ئەقلىي ۋە روھىي قۇدرەتلىرىنى تىزگىنلىۋالغان ئىنسانىيەت ئالەمنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدۇ» دېگەنىدى. مېنىڭچە ھەركىمنىڭ ئۆز خۇداسى بولىدۇ. ئادەملەر ئەقلىي ئېتىقادىنىڭ ياردىمىدە ئۇنى ئۆز ۋۇجۇدى ئارقىلىق نامايىش قىلسا، سەنئەتكارانە رەۋىشتە مۇئەييەن ئېتىقاد يۈكسەكلىكىگە يېرىپ جايلاشقان ۋە بىر - بىرىنىڭ قەلبىگە سىغىنغان ھالدا ئۇنى تېپىۋالىدۇ. خۇدادىن ئىبارەت تارىختا توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان ئىنسانىي قىممەت قارىشىنى ئۆزىنىڭ بارلىق ئاساسى قىلغان بۇ بەھەيۋەت ئوبراز بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە گېنىلىق رول ئويناپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىدار سىمۋول ئېڭىنى ئۆزىگە بەلگە قىلغان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا سىمۋول ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى يىراق قەدىمدىن باشلانغان، شۇنداقلا تىپىك مىللىي خاراكتېر ئالغان «ئات ئۇستى مەدەنىيىتى» دەۋرى ۋە ئالەمشۇمۇل يۈكسەكلىك يارانقان «يىپەك يولى مەدەنىيىتى» دەۋرىدىن ئىبارەت ئىككى ئېگىز ئۆركەشتە شىددەت بىلەن لەڭ ئۇرۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە بارغانسېرى پەسكويغا چۈشۈپ قالغان. ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق!» دېگەن قىسقا بىر جۈملە ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىنسان سۈپىتىدە ساماۋى ۋە زېھنىي ئىككى ئالەمگە باراۋەر ئىگەنلىكىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرەلىگەن «ئات ئۇستى» مەدەنىيىتى دەۋرىدە ئىچكى قاتلاملىق خاراكتېر قۇرۇلمىمىزغا ئايلانغان سەزگۈر، چەبدەس، باتۇر، قىزىققان، قارام ۋە مەردانە مىللىي خاراكتېرىمىزغا تەققاسلاپ بۆرىنى سىمۋول قىلىپ تاللىۋالدۇق، شۇنداقلا كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ سۈپىتىدە چوڭقۇر قاتلاملىق پسىخىك قۇرۇلمىمىزدا چۆكمىگە ئايلانغان ۋە كۆككە، تۇپراققا چوقۇنۇشتىن ھاسىلە سۈپىتىدە بۆلۈنۈپ چىققان قەھرىمانلىققا چوقۇنۇشنى بەلگە قىلغان مىللىي روھنى ياراتتۇق. ئۆزىمىزنى مىللىي كوللېكتىۋىزملىق روھنى قانۇنلاشتۇرغان دۆلەت تۇسلۇك ئۇستقۇرۇلما شەكىللىرى ۋە ھەربىي مائارىپ، ھەربىي ئەسلىھەلەر ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان تېخنىكىلىق يۈكسىلىشلەردە ئىپادىلەنگەن ئەقلىي تەرەققىيات جەريانىدىن، شۇنداقلا ئانا ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئىقلىملىرىغا يېيىلغان، تىراگېدىك سەزگەرلۈككە سىڭىك بولغان ئېتىقاد تولغاقلىرىدىن تاپتۇق. بۇ تولغاقلاردا سىمۋول بەچچىدانلىرىدا ئەپسانىۋىلاشقان ھالدا تىرىك خۇداغا ئايلانغان ئۆزىمىزنى ياراتتۇق. نەتىجىدە، ئەپسانىۋى تۇسلۇك چەكسىز ئېچىۋېتىلگەن تەپەككۇر ئىگىسى سۈپىتىدە ئىنسانىي ئىمكانىيەتلەر بىلەن ئىلاھىي مۇمكىنچىلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىراگېدىك توقۇنۇشتا ياشىيالىغان تىپىك ئەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە مىللەت بولۇپ قالدۇق. ئارىدا ناگاندا بىر ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويۇۋشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇردى. . .

سىمۋول ئېڭىمىزنىڭ چەكسىز كېڭىيىپ بارغان ئۇپۇقلىرىدا كېرىلىش كۈچى بىلەن لەرزىگە كېلىپ تۇرغان ھالدا ئەشەددىي مەنىۋى چاڭقاقلىق پەيدا قىلغان ئۆزىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئىستەكلىرىنىڭ جان ئالغۇر قايناملىرىدا قاراملىق ۋە قىزىققانلىق بىلەن توختاۋسىز خۇدالارنى ئىزلىدۇق. . . ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا كۈچلۈك ئېتىنىك رىتىم بىلەن ئۇرغۇپ تۇرغان ۋە ئۆزىگە خاس مۇكەممەل تالالاش پسىخىكىسىغا ئىگە بولغان مىللىي روھنىڭ زەپەر تەنتەنىسى ئىچىدە — شامان، مانى، خىرىستىئان، بۇددا دىنلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن سىقىپ چىقىرىۋەتتۇق. ئەمما سىقىپ چىقىرىلغان دىنلارنىڭ ۋە كېيىنكى دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە مىللىي خا-

راكتېرىمىزدىكى قىزىققانلىق دىنىي نازاكەت تۇ-
سىدىكى تاقەت ۋە چىدام بىلەن بىرلەشتى. سەز-
گۈرلىكىمىزدىكى تاشقى ئالەمگە بولغان قاراتمى-
لىق ئىچكى ئالەمگە بولغان قاراتمىلىققا يۈزلەن-
دى. مىللىي كەڭلىكتە ئۆزىنى سۆيۈش باسقۇچى-
دىكى باتۇرلۇق ۋە مەردانىلىق دۇنياۋى كەڭلىكتە
ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى پىداكارلىققا قاراپ را-
ۋاجلاندى.

مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى بىر دەۋرلىك تا-
كامۇللىشىشتىن كېيىن، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك
ئەسەبىي ھاياجان بىلەن ئەمەس، بەلكى سالماق ۋە
سوغۇققان رەۋىشتە دۇنيانى ئاقىلانە يوسۇندا كونت-
رول قىلىشقا يۈكسەلگەن خۇدانى — تىپىك ئەق-
لىي خۇسۇسىيەتلىك ئىسلام دىنىنى ئىختىيارەن
تاللىۋالدۇق. ئېتىقاد تۇسى ئالغان ھېسسى كاما-
لەتنى ئەقلىي كامالەتكە تويۇندۇرۇش تەلىپىنىڭ
جىددىي ئېھتىياجىغا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بەر-
گەن بۇ خىل ئەقلىلىق خاھىشى تارىخىمىزدا تۇن-
جى قېتىم ئىجتىمائىي روھىي ھالەت سۈپىتىدە
مىللىي ئويغىنىش شەكلىدە باش كۆتۈرۈپ چىق-
تى. ئارقىدىنلا فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ
تەپەككۇرىنى پەللە قىلغان، شۇنداقلا كېيىنكى
بۈيۈك موغۇل ئىمپېرىيىسىگە مەنىۋى تۈۋرۈك
بولۇپ قالغان خاقانىيە مەدەنىيىتى بىلەن شاخلان-
غان يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل
گۈللەنگەن دەۋرى باشلاندى. يىپەك يولى مەدەنىيە-
تىنىڭ قانىتىنى يەشكەن ئاساسلىق تەپەككۇر - «قۇر-
ئان» ۋە «ھەدىس» نى مەنبە قىلغان ئىسلام تەلى-
ماتلىرىنىڭ دۇنيا پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ تارىخ
مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۈكسەكلىكىدىكى راۋاجى ۋە
شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ تەپەككۇر جەۋ-
ھىرى ھېسابلانغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى.

تەسەۋۋۇپ «پىنھان بارلىق» (خۇدا) بىلەن
«ئەينەن بارلىق» (ئىنسان) ئارا چېقىشتۇرما تە-
پەككۇرنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلانغان تىپىك
ئىنسان مەركەزلىك پەلسەپە. ئۇ ئىنسانىي ئاشكا-
رىلانغان ئىلاھىي سۈپەتلىكنىڭ يىگىنا جۇغلانمى-
سى. كائىناتنىڭ جەۋھىرى ۋە خۇدانىڭ ئالەمنى
بىنا قىلىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتى سۈپىتىدە
مۇقىملاشتۇرىدۇ. تەسەۋۋۇپتا ئىنسان «خۇدانىڭ
بۇيرۇقى» (پەرىشتە) بىلەن «خۇدانىڭ خاھىشى»
(شەيتان) ئوتتۇرىسىدىكى تىراگېدىك تۆرەلمە.
پەرىشتە خۇدانىڭ بۇيرۇقىنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە
ئۇنىڭغا مۇتلەق بويسۇنىدۇ. ئادەمدىمۇ پېرىم پە-
رىشتىلىك خۇسۇسىيەت مەۋجۇت. «ئىلمىي زا-
ھىر» (ئاشكارىلانغان ئىلىملەر) نىڭ ھەممىسى
ئاللانىڭ بۇيرۇقىدىنلا ئىبارەت، خالاس. «ئەينەن
بارلىق» (كائىناتتىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى بو-
لىدىغان، مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە بولغان ھەممىلا
نەرسە) تەسەۋۋۇپتا «خۇدانىڭ بۇيرۇقى» كاتېگو-
رىيىسىگە كىرىدۇ. شەيتان بولسا ئاللانىڭ بۇي-
رۇقلىرىغا ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققۇچى، ئەگەر
خۇدا خالىمىغان بولسا شەيتاننى ئەلۋەتتە ياراتماي-
مۇ قويالايتتى. دېمەك خۇدا خالىغان بولغىنى
ئۈچۈن شەيتاننىمۇ ياراتتى. قىسقىسى شەيتان
ئاللانىڭ خاھىشىنىڭ تىمسالى. خۇدا ئادەمگە بەر-
گەن ئىنئاملار «شەرىئەت»، «ئىلمىي زاھىر»،
يارالمىش سۈپىتىدە مۇقىملاشقان دۇنيا قاتارلىق
خۇدا ئۆزى ئاشكارىلىغان «بۇيرۇق» لار بىلەنلا
چەكلەنمەيدۇ. شۇڭا خۇدا بىلەن بىر گەۋدىگە ئاي-
لىنىشنى ئىستىگەن ھەرقانداق ئادەم مۇھىمى
«خۇدانىڭ خاھىشى» نى چۈشىنىشى ۋە شۇ بويىچە
ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. «خۇدانىڭ خاھىشى»
، «ئىلمىي غەيب» (ئاشكارىلانمىغان ئىلىملەر)
گە جەملەنگەن بولۇپ، ئۇنى مەڭگۈ بىلىپ تۈگەت-
كىلى بولمايدۇ. شۇڭا «سىزنى پاش قىلغۇچىلار-
نىڭ قېنى ئاقسۇن!» دەيدۇ بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ
مەنسۇر ھەللاج. «ئاللانىڭ بۇيرۇقى» ئەقىل بى-
لەن، «ئاللانىڭ خاھىشى» ھېسسىيات (ئىشق)
بىلەن چۈشىنىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى قۇتۇپلۇق
ئالامەتلەر ئىنسان تىراگېدىيىسىنىڭ ئىككى قانىتى
بولۇش سۈپىتى بىلەن تەسەۋۋۇپنى تىپىك تىراگې-
دىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان. تەسەۋۋۇپتىكى
خۇدانىڭ ئۆزىلا بىر تىراگېدىيە. شۇڭا تىراگېدىيە
«خۇدانىڭ سايىسى» بولمىش ئىنساندىكى تۈپ ما-
ھىيەت. تىراگېدىك ماھىيەتلىك ئىنساننى مەركەز
قىلغان تەسەۋۋۇپتا «خاھىش ۋە بۇيرۇق»، شەي-
تان ۋە پەرىشتە، زامان ۋە ماكان، روھ ۋە تەن،
«ۋەھدەت» ۋە «كەسرەت» (بىرلىك ۋە كۆپلۈك)...
قاتارلىقلار تىراگېدىيىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى
- «خۇدا» غا يەتكەندە ئېرىپ يوقاپ كېتىدۇ ۋە
يېڭىۋاشتىن توختاۋسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مانا
بۇ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت تەسەۋۋۇپنى يىلانغا
ئوخشاش مەڭگۈ قاسراق تاشلاپ، ئۆزىنى توختاۋ-
سىز يېڭىلاپ تۇرالايدىغان، چەكسىز ئېتىۋېتىل-
گەن، ئۆلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە تىرىك پەلسە-
پىگە ئايلاندۇرغان. تەسەۋۋۇپتا «بۇيرۇق» ۋە
«خاھىش» تىن ئىبارەت بۇ ئىككى قۇتۇپتىن قاي-
سى بىرسى كەمستىلسە ئىنسان (ماھىيەتتە خۇ-
دا) كەمستىلگەن بولىدۇ - دە، نەتىجىدە تەسەۋ-
ۋۇپ ئىلمى يوقايدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپچىلار ئادەم-
دىن ئەقىلگە تويۇنغان ھېسسىياتنى، «بۇيرۇق»
ۋايىغا يېتىپ «خاھىش» قا ئايلانغان روھىي ھالەت-
نى، تەننى راھەتكە ئېرىشتۈرگۈچى روھنى،
شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالغان پەرىشتىنى، ماكاننى
گۈزەللىككە تويۇندۇرغان زامان (لەھزە) نى تە-
لەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە شەيتانمۇ ئىلاھى ئىشقىنىڭ
كۈچى بىلەن يېرگىنىشلىك ھالەتتىن سۆيۈلگۈ-
چىگە ئايلىنىدۇ. بىراق تەسەۋۋۇپ ئىلمىنىڭ تۇن-
جى پېشىۋاسى رەبىئەتۇل ئەدەۋىييەدىن «سىز شەي-
تاننى ئۆچ كۆرەمسىز؟» دەپ سورىغاندا، «ياق،
قەلبىم خۇداغا بولغان مۇھەببەت بىلەن لىق تو-

شۇپ كەتتى. ئۇنىڭدا شەيتانغا بولغان ئۆچمەنلىك
پاتقۇدەك ئورۇن يوق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تە-
سەۋۋۇپتا تەن ۋە ئەقىل چەتكە قېقىلمايدۇ. شۇن-
داقلا ھېسسىياتمۇ چەتكە قېقىلمايدۇ. تەسەۋۋۇپ
«پىنھان بارلىق» بىلەن «ئەينەن بارلىق» ئوتتۇ-
رىسىدىكى زىددىيەتتىن تۆرەلگەن بولۇپ، خۇدا
پەلسەپىگە ئۆزىدىن كېيىن پەيغەمبەر چىقمايدىغان-
لىقىنى ھۆكۈم قىلىۋەتكەن مۇھەممەت ئەلەيھىس-
سالامنىڭ قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلىرى تەرىپە-
دىن «مۇئەللەق» كە مىخلىنىپ، ھاكىممۇتلەق-
لەشتۈرۈۋېتىلگەن قىياپەتتە ئەمەس، بەلكى زىد-
دىيەتنىڭ بىر قۇتۇبى تەرىقىسىدە تىرىك خۇداغا
ئايلىنىپ كىرىپ كەلگەن. ئىنسان زىددىيەتنىڭ
تەڭ دەرىجىلىك يەنە بىر قۇتۇبىغا ئايلانغان تەسەۋ-
ۋۇپتا خۇدا بەيئەت قىلىنغۇچىدىن «ئىشق پىرىن-
سىپى» بويىچە سۆيۈلگۈچىگە ئۆزگەرگەن. مۇتە-
سەۋۋۇپ شەمسىدىن تەبرىزى «تىرىك خۇدا بار
تۇرۇپ ئۆلۈك خۇدانىڭ نېمە ھاجىتى؟» دېسە،
«سۆيگۈ پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى
كۈچ» دەيدۇ جالالىدىن رۇمى. تەسەۋۋۇپتا زىد-
دىيەتنىڭ بۇ ئىككى قۇتۇبى توختاۋسىز بىر -
بىرىگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا «دۇنيادا بىر دە-
قىقىمۇ جىملىق يوق» (جالالىدىن رۇمى). مانا
بۇ تەسەۋۋۇپتىكى مەڭگۈلۈك زىددىيەت ـ تراگېـ
دىك مەركەز، كېيىنكى خوجىلار دەۋرىدىكى جا-
ھالەتپەرەس سوپىلاردا يۇز بەرگەن يىرگىنىشلىك
ھالەتلەرنىڭ ھەممىسى دەل ئەنە شۇ «تراگېدىك
مەركەز» دىن ئېغىپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.
تەسەۋۋۇپتا ھەقىقىي زامان پەقەت «لەھزە» (يا-
كى ھازىر)، خۇدا پەقەت «لەھزە» دىلا ئاشكارى-
لىنالايدۇ. «ئۆتمۈش»، «كېلەچەك» دېگەنلەر-
نىڭ ھەممىسى تەسەۋۋۇرىمىزدا بۇرمىلانغان زا-
مان، ماكان ـ «لەھزە» نىڭ «سوزۇلۇشى»؛ تە-
سەۋۋۇپنىڭ ئومۇرتقىسى زامان بىلەن ماكان ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك كېرىلىش كۈچىدىن
ئىبارەت. شۇڭا تەسەۋۋۇپتا «دۇنيا ھەر نەپەستە
يېڭىدىن يارىتىلىپ تۇرىدۇ» (جالالىدىن رۇمى)
، تەسەۋۋۇپتىكى زامان چۈشەنچىسىنى قەدىمكى
يۇنان پەيلاسوپى زىنونىڭ مەشھۇر «ئوق تەلىما-
تى» بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن. زىنونىڭ قارىشى-
چە، ئېتىلغان ئوق گورىزىنتال يۆنىلىشتە ئۇچۇپ
بارىدۇ. ئۇ ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەر بىر نۇقتا (ياكى
ماكان) ۋە ھەر بىر پەيت (ياكى زامان) ھەرگىز-
مۇ قايتىلانمايدۇ. مۇئەييەن ماكان ۋە زامان كې-
سىشكەن ئاشۇ نۇقتىدىن ئۆتكەن ئوق ئىلگىرىكى
نۇقتىلاردىن ئۆتكەن ئوقنىڭ ئۆزى ئەمەس. دې-
مەك، زىنو ئىنساننىڭ ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىيات
دىئالېكتىكىسىنى ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرىدۇ. بۇ
خىل چۈشەندۈرۈش تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى
زامان چۈشەنچىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە.
شۇڭىمۇ تەسەۋۋۇپچىلار ئۆزلىرىنى «ھازىرچە-

لار» دەپ ئاتايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، جان-
لىقلار ئىچىدە ئىنساننىڭ ئۆمرى بىرقەدەر ئۇ-
زۇن، بىراق ئۇنىڭ ئىنساندەك ياشايدىغان دەقى-
قىلىرى تولىمۇ قىسقا. ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىڭ
روھىي ۋە جىسمانىي قۇدرەتلىرى ئالىمىدە ئىن-
ساندەك ياشاش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكى
بىلەن ئوخشاشلا مۇقەددەس. بىراق تراگېدىيە
تولغاقلىرى بىلەن ۋۇجۇدىمىز لەرزىگە كېلىپ
ئۆزىمىزدىن ھالقىغان، ئۆزىمىزگە خاس يېڭى بىر
دۇنيا قۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانغا خاس ئەركىن
ياشىغان دەقىقىلەر بىزگە كەمدىن - كەم نېسىپ
بولىدۇ. شۇڭىمۇ كاچۇڭدىكى نەغمىچىلەر تا ھا-
زىرغىچە: «سېنىڭ بىر لەھزە ئەركىنلىككە جىمى
ئىنسانلىقىڭدۇر جەم» دەپ ناخشا توۋلاپ كېلىۋا-
تىدۇ.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام چەكسىز كېڭىيىشچان
ئېستېتىك قىممەت باليانقۇسىدا ئىنساننى توختاۋ-
سىز تىرىلدۈرۈپ تۇرغۇچى سۆيگۈ شارابى بىلەن
ماددىي ئىمكانىيەتلەردە چەكلەنگۈچى ئەقىلنىڭ
شۇىرغانلىرىدا مۇزلۇقلاردەك قاتقان دۇنيانى بىر
لەھزە يۇمشىتىپ، تراگېدىيىنىڭ مەڭگۈلۈك
كرېستىگە مىخلانغاندا، باتۇر تەڭرىقۇت بەيدىڭدە
تۆت يۇز مىڭ ئاتلىق قوشۇن بىلەن مۇھاسىرىگە
ئالغان خەن لەشكەرلىرىگە قورشاۋنى مەردلىك بى-
لەن بوشىتىپ بېرىپ، تارىخنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭ-
لىك ئۈچۈن قارايغان ئاسمىنىنى دۇم كۆمتۈرۈپ
توختىغاندا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھىراجىدا
ئەمەس بەلكى قىلىچ بىسىدا خۇدا بىلەن ئۇچراش-
قان ۋە ئۇنىڭ سايىسىدا ئىسلام ئەللىرىنى جەننەت-
كە تۇتاشقان يېپيېڭى بىر دۇنيا بىلەن تارتۇقلى-
غاندا؛ مەنسۇر ھەللاج ئۆزىنىڭ جېنىغا ئەمەس
بەلكى ئۆزىنى دارغا ئاسقانلارغا ئىچ ئاغرىتىپ
تۇرۇپ، ئىنساننىڭ ئىلاھىيەت ئۇقۇمى بىلەن قۇ-
لۇپلانغان چەك - چېگرىسىز ئىمكانىيەتلىرىگە ئې-
شىك ئاچقاندا؛ جالالىدىن رۇمى دەستارىنى يې-
شىپ، كوچىلاردا ساما سېلىپ، ھەر بىر ھۈجەيى-
رىسىنى سەنئەتلىك پارلىنىشتا ئېرىتىپ، ئۆزىنى
ئۇنتۇغان ھالدا بىرلىكى چەكسىز رەڭدارلىقتا
كۆرۈنگۈچى ئالەمگە سىڭىپ كەتكەندە؛ مەشرەپ
جامائەتكە قۇرئان ئورنىدا خوجا ھاپىز غەزەللىرى-
نى قىرائەت قىلىپ ناماز باشلاپ، خۇدانى چەكسىز
كېڭىيىپ بارغان سىمۋول ئۇيۇقلىرىنىڭ جۇلاسى-
غا چۆمۈلدۈرۈپ، ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ چېگرا-
لىرىنى تىتىپ تاشلىغاندا؛ پۈتكۈل ياۋروپانى بىر
قىلىچ ئاستىغا ئالغان ناپالېئون گېيوتىغا باش
قويۇپ، ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن
ئىنسانلىقنى ئۇنتۇغان مۇستەبىتتىن ئۆز - ئۆزى-
نى يەڭگۈچى ھەقىقىي قەھرىمانغا ئايلانغاندا؛ نېت-
زى بارلىق قىممەتلەرنى يېڭىۋاشتىن بېكىتكۈچى
پەلسەپە شەمشىرى بىلەن كرېستنىڭ سىمۋوللۇق
مەنە چوڭقۇرلۇقىدا چاقنىغان تراگېدىك مەركەز-

دىن داجىپ، غايىلەرنىڭ مۇئەللەق ئۆڭكۈرىگە يې-
كىنىۋالغان ھالدا ئىنسانىي تەبىئەتتىن چەتنىگەن
خىرىستىئان خۇداسىنى بوغۇزلىغاندا؛ سىيىت
نوچى ئۆزىدەك ئىنساننىي مەردلىكىنىڭ سىمۋولى
تىرىك ياشاۋاتقان دۇنيادا ئەقىل - پاراسەت تونىغا
ئورىنىۋالغان ئادەم سۈرەتلىكلەر باش رول ئېلى-
ۋاتقان رەزىللىكلەردىن ۋۇجۇدى نومۇس كۈچى
بىلەن لەرزىگە كېلىپ، ئۆلۈمنى كەسكىن تاللى-
ۋالغان ھالدا ئۆزىگە، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ
ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ زەئىپلىشىشى تۈپەيلى ئەقلىي
كۈچنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراپ مايمۇن ئويناپ
ئۆتكەن ھاقارەتلىك تارىخقا جەڭ ئېلان قىلغاندا. . . ھە-
قىقەتەن ئىنسانغا ئوخشىغانىدى. تەسەۋۋۇپ پەل-
سەپىسىدىكى زامان چۈشەنچىسىگە تەدبىقلىغاندا،
بۇنداق ئىنسان ئىنسانغا ئوخشىغان لەھزىلەر دەل
خۇدا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى نامايىش قىل-
غان لەھزىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەسەۋۋۇپ ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا
ئېستېتىك پەلسەپە بولۇپ، ئۇنىڭ خۇداسى ئېس-
تېتىك خۇدا، مەقسىتى ئېستېتىك ئىنسان؛ بى-
لىش ئۇسۇلى ئېستېتىك بىلىش، زىددىيەتنى
ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئېستېتىك دىلكەشلىكتىن
ئىبارەت. «ئىنسان ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسانغا مۇ-
ھەببەت باغلاش بىلەنلا ئىنسانلىق ماھىيىتىنى تا-
پالايدۇ»، «ئىنسان ئەسلى ماھىيىتىنى تاپقاندا
ئاندىن كامالەتكە يېتەلەيدۇ» دەيدۇ جالالىددىن رۇ-
مى. «كامالەتكە يەتكەن ئىنسان ئۆزىنى چۈشەن-
گەن ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇپ دۇنيا بىلەن بىرىككەن
ئىنساندۇر. ئۇ تەڭرىگە باراۋەردۇر» دەيدۇ يەنە
شەمسىددىن تەبرىزى. «ھەرقانداق ئىنسان كاما-
لەتكە يېتەلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەر بىر ئىنسان
مۇقەددەستۇر» دەيدۇ ئارقىدىنلا جالالىددىن رۇمى
يەنە تەسەۋۋۇپ ئاخىرقى ھېسابتا ھەر بىر ئىنسا-
نىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە خۇدا قىلىپ قۇرۇپ بېرىدۇ.

تەسەۋۋۇپ بىزدە تېخىمۇ جانلاندى. بىز ئۇنى
مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەسلى تېپىغا بويسۇندۇرۇپ
قوبۇل قىلدۇق. نەتىجىدە تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ يۇ-
قىرى تەرەققىيات باسقۇچى يەنىلا تۈركلەرگە مەن-
سۇپ بولۇپ قالدى. چۈنكى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ
ئىچكى مېخانىزمى تەسەۋۋۇپقا يەنە بىر باراۋەر
ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. تەسەۋۋۇپ بىزدە
تۈركلەردىكى تۆتىنچى مەدەنىيەتتى، شامان مەدەنىيە-
تى ۋە باشقا مەدەنىيەت قاتلاملىرى بىلەن يۇغۇ-
رۇلغان قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقتى. قەدىمدە بۆ-
رىلەردىن قورقۇشنىڭ ئورنىنى بۆرىلەرنى سۆيۈش
ۋە بۆرىلەرگە سىمۋول قىلىنىش ئىگىلىگەندەك.
خۇدادىن قورقۇشنىڭ ئورنىنى خۇدانى سۆيۈش ۋە
ئۆزىنى خۇدانىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇش ئىگىلى-
دى. دىنىي مۇراسىملارنى ساماغا، دۇرۇتلارنى
ناخشىغا ئايلاندۇرۇۋالدۇق. تۈركلەر ئەرەبلەش-
مەي، بەلكى ئەرەبلەر تۈركلەشتى. تۈرك مەدەنى-
يىتى تەسەۋۋۇپلاشماي، ئەكسىچە تەسەۋۋۇپ
تۈرك مەدەنىيىتى تۈسىنى ئالدى. مانا بۇ خىل
ھادىسە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى
تەرەققىيات پەللىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. تارى-
خىمىزدىكى بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ باھاۋىدىن نە-
قىشبەندى: «دىلىڭنى خۇداغا بەر. قولۇڭنى ئىش-
قا!» دېگەندەك بىر يورۇش تەشەببۇسلىرى بىلەن
تەسەۋۋۇپنى تەركىدۇنياچىلىق ئۆڭكۈرىدىن باش-
لاپ چىقىپ، ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ئانا تۇپراقلىرىدا
چېچەكلەتكەن بولسا، بىردەملىك تەپەككۇرنى بىر
يىللىق ئىبادەتتىن ئۈستۈن قويۇپ ئۆتكەن ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياۋى تەپەككۇر يۈكسەكلىكىدى-
كى جۇلاسى ناۋائى: «مەندە يارەب قويما مەنلىك-
تىن نىشان» دېگەنگە ئوخشاش تراگېدىك ھېسسى-
يات بالاغەتلىرى ئەۋجىدە لەڭ ئۇرغان تالاي مىس-
رالىرىدا تەسەۋۋۇپتىكى خۇدا، ئىنسان ۋە دۇنيا-
نىڭ ئېستېتىك بىرىكمىلەر سۈپىتىدە بىر گەۋدى-
گە ئايلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغۇچى چۈشۈرگە پەللە -
«فەنا» كۆزقارىشىنى مەجازى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق
ساغلام ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئىلاھىي مۇقەددەس-
لىككە تويۇنغان پىداكارلىق يالقۇنلىرى بىلەن يې-
لىنجاتتى. ئۆزىنى چەكسىز ۋە رەڭدار ئىنسانىي
سۈپەتلەرگە چېچىۋېتىلگەن سوبىستانسىيىلىك ئى-
لاھىي بىرلىك سۈپىتىدە مېتافىزىك چوڭقۇرلۇق-
تىن تاپالىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆمرىدە «بىر دانە
ئەردىم، مىڭ دانە بولدۇم» دەپ ناخشا توۋلاپ،
تەمبۇر چېلىپ ئۆتكەن جاھانكەزدى شائىرىمىز
مەشرەپ جەننەت ۋە دوزاخنى ئىسلام ئوتتۇپسىلى-
رى بىلەن قۇلۇپلانغان ئاخىرەتتىن يۇلۇپ كې-
لىپ، رېئاللىقنى ئۆزىگە جايلاشتۇرۇپ تەپەككۇر
قىلغان ھالدا مۇكچەيگەن ھەقىقەتنى ھاسىدەك
تۈزلەپ قويۇپ دارغا ئېسىلدى. نەتىجىدە خۇدا ۋە
ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك تەئەللۇقاتلىرىنى غايىۋى مۇ-
ئەككەلگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىي كەمتۈك تەپەك-
كۇر قەپىسىدە چەكلەپ قويغان ئەيىپناق ئىسلام
پەلسەپىسى غايىنى رېئاللىقنىڭ پاتقىقىغا مىلەپ
تۇرۇپ كېسەك قۇيالايدىغان تىرىك پەلسەپىگە ئاي-
لانغان بولسا، ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇ-
مۇل يۈكسەكلىكىدە دەۋران سۈرەلىگەن، ئەڭ
كەڭ ئېچىۋېتىلگەن سىمۋول ئېكىنغا ئىگە ساھىب-
كامال ئۇيغۇرغا ئايلاندى. ھەركىمنى ئۆز خۇدا-
سىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، يېرىم ئىنسانغا ئايلاندۇ-
رۇپ قويغان ئاپپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى «دىن
ۋە دىيانەت يولىدىكى قاراقچىلار (تەبرىزى) گۇ-
رۇھى - سوپى - ئىشانلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشى،
دېڭىز قاتنىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئورۇن بوشاتقان
يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالمىشىش بازىسىدا تۇيۇق-
سىز پەيدا بولغان بېكىنمە ھالەت ۋە بۇ خىل
ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلى كېلىپ چىققان
قالاق مائارىپ تۈزۈلمىسىدە يېتەرلىك ئاممىۋى
ئاساسقا ئىگە بولالمىغان يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە

خاس تەپەككۇر بالاغەتلىرىنى يوقاتقان ھالدا ئۇ-
زۇن بىر مەزگىللىك چۈشكۈنلىشىش دەۋرىنى
ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مانا ئەمدى چەكلىك بى-
كىنمە تەپەككۇر بىلەن زىندانغا ئايلانغان باشلىرى-
مىزغا بەنتلەنگەن پۈتۈن ئىنسانىي كامالەت بىلەن
ئىلاھىي ئىمكانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كېرىلىش
كۈچىنى بەلگە قىلغان تراگېدىيىلىك مەركەزدىن دا-
جىپ، ئۆز ئىزىنىنى يوقاتقان رەۋىشتە يېپى
ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئەلەڭگىپ يۈرگەن ئايالىق
خۇسۇسىيەتكە ئىگە مىللەت بولۇپ قالدۇق. شان-
لىق تارىخىمىزدىكى ھەرىكەتچان ئۇبرازلىرىمىزغا
تەققاسلانغان خۇدالار زەنجىرىنى ئۈزۈپ قويدۇق
ـ سىمۋول ئېگىنى يوقاتتۇق. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
بىر قېتىملىق توپان بالاسىغا دۇچ كەلدى: ئىچ
ـ ئىچىمىزدىن يىغا قايىنىغان ھالدا، شۇنداق بىر
ئاچچىق پاكىتنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەنكى،
بىزدە ھازىر ئەۋج ئېلىۋاتقىنى دەل ـ خۇداسىز-
لىق! ئاپپاق خوجىغا چوقۇنۇشتىن باشلانغان ھاقا-
رەتلىك شەخسكە چوقۇنۇش تارىخىدا شەكىللەنگەن
پاسسىپ، مۇتەئەسسىپ تاشقى قاتلاملىق پسىخىك
قۇرۇلما ئىلگىرى شەكىللەندۈرگەن ئاكتىپ ۋە
ئىجادچان ئىچكى قاتلاملىق پسىخىك قۇرۇلمى-
مىزغا قاتتىق بېسىم پەيدا قىلىپ قويغاچقا، ئىچ-
كى كۈچىنىڭ غالىپلىقى تۈپەيلى سىققانلا پىر-
مىزدىن سەنئەت تېمىپ تۇرسىمۇ، كۆپ ھاللاردا
تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان، بىنورمال پسىخىك ھالەت-
كە گىرىپتار بولۇپ قېلىۋاتىمىز. دۇنيا تارىخىد-
كى سەزگۈر، چاققان، مەردانە، پىداكار، قەھ-
رىمانلىقتا ئىنتىلگۈچى، كۆككە ۋە تۇپراققا چو-
قۇنغۇچى، مۇستەھكەم سىياسىي بىرلىك سۈپىتى-
دە ئۇيۇشقان، ۋۇجۇدى سۆيگۈ ۋە ئىشەنچ بىلەن
تويۇنغان غالىپ تەبىئەتلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىغا
بۈگۈن قاششاق، ھۇرۇن، قورقۇنچاق، ئىزىلەڭ-
گۈ، بىر ـ بىرى بىلەن ئاجىزلىقتا، ئارقىدا قې-
لىشتا بەسلىشىدىغان، ئېتىقادسىزلىق پاتقىقىدا
ئۆزىنى خارلاۋاتقان، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى سۇس-
لاشقان، سىياسىي سەزگۈرلۈكنى يوقاتقان، قوم-
دەك چېچىلاڭغۇ، شەخسىيەتچىلىكنىڭ قىسىل-
چاقلىرىدا چۇمۇلىدەك ئۆمىلەۋاتقان، ئۆزىنىمۇ،
ئۆزگىنىمۇ سۆيمەيدىغان، ئۆزىگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ
ئىشەنمەيدىغان زەئىپ تەبىئەتلىك ئۇيغۇرلارنى
كۆرمەكتە. «سىمۋول ئېگى» دىن ئىبارەت ئىن-
ساننى ئۆز ـ ئۆزىگە تونۇتىدىغان بۇ بۈيۈك ئەڭ-
گۈشتەردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئاقىۋەت يەنە
نېمە بولماقچىدى؟ بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ مىڭ
يىللار ئىلگىرىلا مۇنتىزىم ھەربىي مائارىپنى يولغا
قويغان ۋە كېيىنكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ
مائارىپ تەرەققىياتىغىمۇ غايەت زور ھەسسە قو-
شۇپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى پايانسىز
سەھرالىرى «كۆزى ئوچۇق ئەمالار» دېگىنىگە ئاي-
لانماقتا. بۈيۈك پېداگوگ ئۇشىنسكى: «جەمئىي-
يەتتە بىر مەكتەپ كۆپەيسە، بىر تۈرمە ئازىيى-
دۇ؛ بىر مىللەتتە بىر ئالىم كۆپەيسە، شۇ مىل-
لەتنىڭ بېشىغا كەلگەن جاھالەتنىڭ ئۆمرى بىر
يىل قىسقىرايدۇ» دېگەنىدى. مائارىپ مەسىلىسى
بىر مىللەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك
بولغان ھالقىلىق مەسىلە. دۇنيا تارىخى، جۈملى-
دىن ئۇيغۇر تارىخىدىكى تالاي پاكىتلار شۇنى
ئىسپاتلىدىكى، بىز قاچان مائارىپقا ئەھمىيەت
بەردۇق، شۇ چاغدا روناق تېپىپ قۇدرەتلىك سى-
ياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقالى-
دۇق. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا چۈشكۈنلەشتۇق،
يەر بىلەن يەكسان بولدۇق، بىز قاچان ھېسسى-
ياتقىلا بېرىلىپ، ھېسسىي تۇرمۇشقا مەستانىلەرچە
چۆكۈپ كەتكەن پېتى ئەقلىي تەربىيىلىنىشنى
چەتكە قاقتۇق، شۇ ھامان سىپىلسىز شەھەرگە
ئوخشاش بوران ـ چاپقۇندا خانىۋەيران بولدۇق؛
پۇقراسى يوق پادىشاھدەك يېتىم قالدۇق. چۈنكى
مائارىپ تەربىيىسى كىشىلەرگە سىمۋول ئېگىنى
ۋە بۇ خىل ئاڭنىڭ رېئال ئىپادىسى بولغان مىل-
لىي گەۋدە ئېگىنى ئەقلىي مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە
تونۇتۇپلا قويىدىغان تەربىيە بولماستىن، بەلكى
ئۇنى كىشىلەرنىڭ بىر خىل ياشاش ئۇسۇلىغا،
پسىخىك خاسلىقىغا ئايلاندۇرىدىغان تەربىيە. ھېچ
بولمىغاندا مائارىپقا ئەنە شۇنداق ئۆلچەم قويۇش
كېرەك. ئادەملىرىمىز مەكتەپتىن ھاشاردىن قاچ-
قاندەك قاچىدىغان بولۇپ قالدى. نادانلىقنىڭ
دەردىنى يەتكىچە تارتىپ تۇرۇپمۇ، يەنە ئۇنىڭدىن ۋاز
كېچىش ئويىدا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنى بەس ـ بەس
بىلەن قوغلىشىۋاتىمىز. «ئىت ئۇرغۇچىغا ئام-
راق» دېسە مانا شۇنى دېسە بولىدۇ. كېسىپ
ئېيتىمەنكى، بىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان توپان
بالاسىدىن بىزنى قۇتقۇزىدىغان بىردىنبىر كېمە ـ
دەل مائارىپ. بىزدە مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمى-
گەنلىكتىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەر
تالاي تېپىلىدۇ: يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پاراخوت
ياساپ تۇنجى بولۇپ يىراق ئوكيانغا سەپەر قىلغان
ئۇيغۇرلار بۈگۈن ئېشەككە مىنىۋالسا راۋاپ، مە-
پىگە چىقىۋالسا داپ چالىدىغان بولۇپ قالدۇق.
ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىلا چىرايلىق كىيىملەرنى
تىكىپ، دەزمال سىلىپ قىر چىقىرىپ كىيىشنى
بىلگەنلەر بۈگۈن باشقىلار كىيىپ تاشلىۋەتكەن
چاپانلاردا تەرلەۋاتىمىز. ئۆز ۋاقتىدا بېيجىڭ شە-
ھىرىنى لايىھىلىگەن ۋە ياسىغان ئۇيغۇرلار بۈگۈن
تۇپا توزۇپ تۇرىدىغان ئەنجان تاملىق ئەسكى ھويلى-
لىلاردا چىلىمنىڭ سەيخانىسىدىن ئۆرلىگەن تۈ-
تۈنلەر ئىچىدە مەست ـ ئەلەس بولۇپ ئەلەڭگىپ
يۈرۈۋاتىمىز. ئۆز ۋاقتىدا بۆرىنى ئۆزىنىڭ سىم-
ۋول ئېگىنىڭ ماس ماددىسى سۈپىتىدە تاللىۋال-
غان، بۆرىدەك ھوشيار ۋە چاققان ئۇيغۇرلار ھالا
بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە شۇ دەرىجىدە ھۇرۇنلىشىپ
كەتتۇقكى، ئۆيىگە ئوغرى كەلسىمۇ ئىگىسى ئوي-

غىنىپ قويمىغىچە قاۋمايدىغان ئىزىلەڭگۇ ئىنىـ
لاردىن ھېچ پەرقىمىز قالمىدى. شۇ دەرىجىدە
ئىسمىمىزنى يوقىتىپ قويۇۋاتىمىزكى، ھەتتا
«ئۇيغۇر» دېگەن ئىسمىمىزمۇ ئۇنتۇپ قېلىنىۋاتىدۇـ
مىز. «مىللىتىڭ نېمە؟» دەپ سورىسا «ئەرەب»
ياكى «ئىبراھىم خەلىلۇللا» دەپ جاۋاب بېرىدىـ
غان، ھەتتا ئۆزىنىڭ يىراق جەددى ـ جەمەتىنى
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ساھابىلەرگە ۋە باشقا
ئەرەب غازاتچىلىرىغا باغلىۋالغان، «تىققىمدا
ئىشتان يوق، ئىتىم مارجان بوۋى» دەيدىغان قۇـ
رۇق سۆلەت «ئاقسۆڭەكلەر» بىزدە ماڭدامدا بىر
ئۇچرايدۇ. «ئاشىندارچىلىق سەنئىتى» دە بەسلىـ
شىۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىنى كوچىدىن،
ئوغۇللىرىنى قاۋاقتىن تېپىۋالسىمۇ، جەمەت سۇـ
پىتىدە ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئېتىـ
قادنىڭ يوقالغانلىقى تۈپەيلى كېلىپ چىققان
چۈشكۈنلۈك ۋە ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنىڭ قۇربانى
بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشمايدۇ. سىمـ
ۋول ئېڭى، ئۇ بىر خىل مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىلا
ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئېتىقاد، چۈنكى ئۇ
ئىنسان بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى چەكسىز مۇـ
ساپە، بۇ مۇساپىگە قەدەم باسقان ئىنسان بىر خىل
كۈچلۈك ئېتىقادنىڭ تارتىش كۈچىگە بەنت بولغان
ھالدا توختاۋسىز ئالدىغا تارتىلىپ بارىدۇ ۋە تاكاـ
مۇللىشىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ نۇرانە مۇساپىگە قەدەم
باسمايلا قالماي، ئەكسىچە ئېتىقادسىزلىقنىڭ قاـ
راڭغۇ غارىغا ئېچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتىمىز.
شۇڭا بىزدە ئەقلىي ۋەھىمىسى بالاغەتكە تويۇنغان
مەنىۋى كامالەت بىلەن خاراكتېرلەنگەن سىمۋول
ئېڭىنى بەلگە قىلغان ئىنسانىي قىممەت قارىشى
گۇمران بولماقتا. ئۇنىڭ ئورنىغا پۇل ۋە ماددىي
مەنپەئەتدارلىقنى ئۆلچەم قىلغان ھايۋانىي قىممەت
قارىشى دەسسىمەكتە. ماددىي مەئىشەتلەر ئىنساـ
نىي تۇرمۇشنىڭ زىننىتى، پۇلنى قەتئىي ئەڭ
زور تىرىشچانلىق بىلەن تېپىش كېرەك، لېكىن
پۇل ۋۇجۇدىمىزدا ئىنسانلىقنى ئۇخلىتىپ، ھايـ
ۋانلىقنى ئويغىتىپ قويسا، بىز پۇلنى تاپقان بولاـ
مدۇق ياكى پۇل بىزنى «تاپقان» بولامدۇ؟ بىزدە
ماددىي مەئىشەتلەرگە ھەقىقىي ئىنسانغا خاس
يۈكسەك مەنىۋى قىممەت ئاتا قىلىپ، ئۇنى قۇدـ
رەتلىك ھاياتىي كۈچكە، ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ
ھەقىقىي سىمۋولىغا ئايلاندۇرالايدىغان بايلار زادى
قانچىلىك؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەمگەرچىلىكنى ھەمـ
مىدىن ئۈستۈن بىلىدىغان، ئاقسۆڭەكلەرگە خاس
سېخىيلىق، قەھرىمانلارغا خاس مەردلىك ۋە پەـ
رىشتىلەرگە خاس ئاق كۆڭۈللۈكنى تۈپ مىزان
ۋە ئەقىدە قىلغان ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مۇناسىـ
ۋەت ئۆلچەملىرى دۇنيا تارىخىدا كەم تېپىلىدىغان
يېگانە ئۈلگە ئىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتى تارىختىن
بۇيان ئەنە شۇ قۇدرەتلىك ئەنئەنىنىڭ ھامىيلىقىدا
ياغىنىڭ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ھاياتىي كۈچنى يوـ
قاتماي كەلگەنىدى. بۇ خىل ئەنئەنە بىزدە سىمـ
ۋول ئېڭىنىڭ مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىدا تەۋـ
رەنمەس ئەقىدىگە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتـ
تى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ يىمىرىلـ
مەس ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى كۈنسايىن چېـ
رىپ، ماددىي ئەسەبىيلىكنىڭ شىددەتلىك زەربىـ
سىگە دۇچ كېلىپ ئۈمۈچۈك تورىدەك تىتما ـ
تالاڭ بولۇۋاتىدۇ. بىزگە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ
بېغىشلىيالايدىغان بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي
مۇناسىۋەت ئۆلچەملىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈـ
چۈن بىز يەنىلا سىمۋول ئېڭىغا، شۇنداقلا سىمۋول
ئېڭىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئويغىنىشىنى ۋۇجۇدقا
كەلتۈرگۈچى ئانىلىق قۇچاق ھېسابلانغان مائارىپـ
قا مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايمىز.

ئۆزىمىزنى پەس كۆرۈش، ئۆزىمىزنى كەمـ
ستىش كەيپىياتى سىمۋول ئېڭىنى يوقىتىپ
قويغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان ئەجەللىك مەنىـ
ۋى ئاجىزلىق سۈپىتىدە، ئىجتىمائىي روھىي ھاـ
لەت يوسۇنىدا باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا. شۇڭىمۇ
ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى مەدەنىيەت تېپىنى يوقاتقان
ھالدا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە دوـ
رايدىغان بولدۇق. بىر چاغلاردا «سۇ بويىدا» روـ
مانى كىتابخانلىرىمىز ئارىسىدا قالتىس زور قىزـ
غىنلىق پەيدا قىلدى. بىراق «سۇ بويىدا» رومانىـ
دىكى باتۇرلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىدىن تارتىپ
تاكى پوتىرىتلىرىغىچە قەدىمكى ھونلارنىڭ، جۇمـ
لىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەردلىك خاراكتېر ۋە چىـ
راي ـ شەكلىدىن ئەنداز ئالغانلىقى ئۈچۈن بىزنى
شۇقەدەر ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانلىقىنى ھېس
قىلالماي قالدۇق. چۈنكى بىزدىكى ئۆزىمىزنى
كەمسىتىش كەيپىياتى بىزنى شۇ دەرىجىدە ئېسىدـ
نى يوقىتىپ قويۇش گىردابىغا باشلاپ بارغانكى،
مۇبادا قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن بىرەرسى
تاسادىپىي تىرىلىپ قېلىپ يېڭىۋاشتىن ئارىمىزغا
قايتىپ كەلسە، ئۇنى چوقۇم تونۇيالماي باشقا
مىللەتلەرگە بېرىۋېتىمىز، بىز تالاي مەدەنىيەت
ئىجاد قىلدۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ تولىسىنى باشـ
قىلارغا تاشلاپ بېرىپ، كېيىن قىساسىنى تارتىپ
يۈرۈۋەردۇق. بىز ئىلگىرى ئىجاد قىلىپ باشقىلارـ
غا ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتكەن مەدەنىيەت «ئات ئايلىنىپ
ئوقۇرىنى تاپقان» دەك يەنە ئايلىنىپ بىزگە قايـ
تىپ كەلسە، بىز ئۇنى تونۇيالماي قالىمىز ۋە
ھاپىلا ـ شاپىلا «قۇرۇق ئۇستىخان» بولۇپ قالـ
غان «ئاتالمىش ئەنئەنە» گە دەۋاگەر بولۇپ، ھەـ
دەپ ئۇنى تاياق ـ توقماق ئاستىغا ئالىمىز. پۈتـ
كۈل مودېرنىزملىق شېئىرىيەتنىڭ باشلىنىش
مەنبەسى بولغان ئىماگىزملىق شېئىرىيەت ئېقىمى
غەربنىڭ جۇڭگو تاڭ دەۋرى شېئىرىيىتى بىلەن
ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن. ھەممىـ
مىزگە مەلۇمكى، بۈيۈك تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتى
ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك ۋە بىۋاسىتە تەـ


سىرى بىلەن گۈللەنگەن، شۇنداقلا باشتىن - ئاخىر بىزنىڭ مەدەنىيەت تىپىمىزنى ئۈلگە قىلغاندى. مۇزىكا، رەسساملىق، كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ۋە باشقىلاردا تاڭ سۇلالىسىدىكىلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن قانداق ئۆرنەك ئالغان بولسا، تاڭ دەۋرى شائىرلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا، مانى شېئىرلىرى ۋە تۈركىي تىللار دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن تەبىئەت تەسۋىرىگە تويۇنغان خەلق قوشاقلىرى سىياقىدىكى ئۇيغۇر نەزمىلىرىدىن شۇنداق ئۆرنەك ئالغاندى، دەرۋەقە، قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان غەرب مودېرنىزملىق شېئىرىيىتىدە ئۇسلۇب جەھەتتىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئورتاقلىق مەۋجۇت. ھالا بۈگۈن ۋاستىلىق ھالدا قەدىمكى شېئىرىيەت ئەنئەنىمىزنى مەنبە قىلغان غەرب شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسىنى تۇغقان ئانىسىنى تىللىغان بىشەم بالىدەك تىللاۋاتىمىز. بىزچە بولغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ تاڭ مەدەنىيىتىگە ئۆرنەك بولغۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس، بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ دۇنيا شېئىرىيىتى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بىز دېگەن بەربىر ئۇيغۇر - دە؟ ماھىيەتتە يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بۇ قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تىرىلگەن شېئىرىيەت روھىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي ئويغىنىشى، ئۇزاق ئەسىر ئۇيقۇدا ياتقان شېئىرىيەت ئەنئەنىمىزنىڭ چەت ئەل مەدەنىيىتىدىكى ئاھاڭداش بۆلەكلىرىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچراپ، تۇساتتىن چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىشى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، شادىيانە سۈرەن سېلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆزىمىزنى كەمسىتىش روھىي ھالىتى پەيدا قىلغان قاتتىق بېسىم تۈپەيلى مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغدۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدۇق. ئەدىناسى، سىمۋول ئېكىمىزنىڭ تارىخ قاتلاملىرىدىن سادا بېرىپ تۇرۇۋاتقان بەھەيۋەت سىمفونىيىسىگە ئاساسىي مېلودىيە بولۇپ كېلىۋاتقان، تەڭرىنى بىز ئۈچۈن ئۇيغۇرچە سۆزلىتىپ بېرىۋاتقان ئانا تىلىمىزمۇ ئۆزىمىزنى كەمسىتىش روھىي ھالىتىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە مەدەنىي ئالاقىلەردىكى رولىنى تەدرىجىي يوقاتماقتا.

سىمۋول ئېكىنى يوقاتقان مىللەت ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى قاتلاملىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى يوقاتقان ھالدا يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئەلەڭگىپ يۈرىدىغان، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قارىغۇلارچە دورايدىغان ۋە «ئىچى غال - غال، تېشى پال - پال» ساختا مەدەنىيەتكە تەلپۈنىدىغان شالاق مىللەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز ھازىر دەل ئەنە شۇنداق تۈترۇقسىزلىقنى بىلىشتىن باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز. ماھىيەتتە ئېتىبار بەرمەي ھادىسىگىلا ئېسىلىۋالىدىغان بۇ خىل تۈترۇقسىز روھىي ھالەت مىللىي خاراكتېرىمىزغا يات بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ئىللەت. بۇ خىل ئىللەتنى ئەدەبىياتىمىزغا سۆرەپ كىرگەن ئەسەر — «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» نى چۆرىدىگەن دەتالاش كەلكۈنلىرى گەرچە ئۆزىمىزنى قايتا ئويلىنىشنىڭ ئىجتىمائىي ئويغىنىش شەكلىدە بىخ سۈرگەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن ياخشى باشلىنىش بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مىللىي خاراكتېرىمىزدىكى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىقلاردىن ئۆزىمىزنى ئەپقېچىشتىن ئىبارەت يەڭگىلتەكلىكىمىزنى قانىتىنى كۆتەرگەن تۈزىنىڭ بولمىغۇر يېرىدەك «مانا مەن» دەپ ئاشكارىلاپ قويدى. «مېنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۈشمىنىم ئۆزۈمدىنلا ئىبارەت» دەيدۇ فىروئىد. ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىمىزغا دەلمۇ - دەل قارشى تۇرالايدىغان غەيرەت قېنى قايسىمىزدا بار؟ قۇرئاندا ئېيتىلغاندەك: «قەۋم ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»، ئاللا يەنە قۇرئاندا: «سەن تۈزەلسەڭ، ساڭا دۇنيانى تۈزەپ كۆرسىتىمەن» دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ئۆز تەقدىرىمىزنى ھامان ئۆزىمىز بەلگىلەيمىز. ئەجەبا، ئۆزىمىزنىڭ بەختىنى ئۆزگىلەردىن تىلەيدىغان قەلەندەرچىلىك بىزگە باقىۋەندىمۇ؟ بۈگۈنكى دەۋر بىزدىن ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ تۆمۈرچىسى بولۇشنى تەلەپ قىلماقتا. تەلىيىمىزگە يارىشا ئىپتىدائىي ئورمانلاردىن تۈنۈگۈنلا چىقىپ قالغان مىللەت ئەمەسمىز. خۇددى «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن» دەك (مورگاننىڭ سۆزى) ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ ئاچقۇچىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قاتلاملىرىغا كۆمۈلگەن. 80 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسى تراگېدىيە چاقماقلىرىنى چاقناتقان تەپەككۇر ۋە ئەپسانىۋى تىل بىلەن «ئات ئۈستى» ۋە يىپەك يولى مەدەنىيەت قاتلاملىرىدا ئىزچىل داۋاملاشقان ھەقىقىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنى زامانىۋى تەپەككۇر ئىقلىملىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، شېئىرىيىتىمىزدە ناۋائىيدىن كېيىنكى خۇدا ۋە ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى تراگېدىيىلىك مەركەزدىن چەتنەپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى كېلىپ چىققان 500 يىللىق پاجىئەگە خاتىمە بەرگەندى.

ئەپسۇسكى، بۇ خىل ھادىسە «تۆگىگە مىنىپ،
تۆگە ئىزلەيدىغان»، تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى
يوقىتىپ قويۇۋاتقان كىتابخانلىرىمىز تەرىپىدىن
پەرۋاسىزلىق يانتاقلىرى بىلەن چىتلاپ قويۇلدى.
ھەتتا ماۋزېدۇڭ: «ھەقىقەتنى بىلىشنى تېخى ئا-
ياغلاشتۇرغىنى يوق» دەپ جانلىق تەبىر بەرگەن
ماركسىزمنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇتەئەسسىپلەرچە
سەپسەتىلەر گەردىشىگە مىخلاپ ئەلگەككە ئايلان-
دۇرۇپ، مەدەنىيىتىمىزدىكى ھەممىلا ھادىسىنى
ئەنە شۇ ئەلگەك بىلەن تاسقاپ «قازى كالان»
بولۇۋالغان، ماھىيەتتە تەپ تارتماستىن مارك-
سىزمغىمۇ ھاقارەت قىلىۋاتقان ئاز ساندىكى زىيا-
لىيلىرىمىز ئەنئەنىنى ئۆزلىرىنىڭ «ئىلمىي» نو-
پۇزىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى چاكىنا پەتىۋالىرىنى
قوغدايدىغان قالقانغا ئايلاندۇرۇپ بۇرمىلاشقان
ھالدا، يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسىدە قىلىچتەك
يالتىراپ تۇرغان ھەقىقىي ئەنئەنىگە توقماق كۆتۈ-
رۈپ چىقىشتى. ئۇلار بىزنى «غەربتىن قارىسى-
غىلا ئەكىلىۋەردى» دەپ ئەيىبلەشتى. بىز مارك-
سىزمنىمۇ غەربتىن ئەكىرمىدۇقمۇ؟ ئەجابا، جا-
لالىدىن رۇمى ۋە نەقشىبەندىلەر ۋەكىللىك قىلغان
تەسەۋۋۇپ تۇسلۇك تەپەككۇر ئەنئەنىمىز گېگېل-
نىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ماتېرىيالىستىك دىئا-
لېكتىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولسا بولى-
دىكەن - يۇ، ئەكسىچە غەرب مەدەنىيىتى ئۇيغۇر
يېڭى مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بول-
سا بولمامدىكەن؟ ئۇلارغا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى-
نىڭ مىللەتلەر ئارا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش
نەتىجىسىدە شەكىللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ خىل
سىغماس ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ، مىللەتنىڭ تە-
رەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان مەدەنىي
ئالاقىلەرگە توسقۇنلۇق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ھو-
قۇقنى كىم بەرگەن؟ بىز غەرب مەدەنىيىتىنى
قارىغۇلارچە كۆچۈرۈپ كەلدۇقمۇ، ياكى بۇ شەرق -
غەرب مەدەنىيىتىدىكى دەۋرلىك ئايلىنىش ھادى-
سىسىمۇ؟ شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ شەرق -
غەرب مەدەنىيىتىدىكى دەۋرلىك ئايلىنىشنىڭ ھا-
مىلىغىدا ئويغانغان ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ
يېڭى دەۋردىكى ئۆزگىچە جۇلاسىدىن باشقا نەرسە
ئەمەس. ئالايلۇق، نېتزى بىلەن مەنسۇر ھەللاج
ۋە بابارەھىم مەشرەپنىڭ، سارتىرى بىلەن جالال-
دىن رۇمى، نەقشىبەندى ۋە غەززالىنىڭ تەسەۋ-
ۋۇپ پەلسەپىسىدىكى «ئاللانىڭ خاھىشى» ئۇقۇمى
بىلەن مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسىدىكى «ئەركىن تال-
لاش» ئۇقۇمىنىڭ، نېتزىنىڭ «رەققاس خۇدا-
سى» بىلەن سامانىڭ «ئىنسانىي كامىل» ئۇقۇ-
مى بىلەن «يۈكسەك ئادەم» ئۇقۇملىرىنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا زادى قانچىلىك ماھىيەتلىك پەرق بار؟
نېتزىنىڭ تراگېدىك دۇنيا قارىشى بىلەن تەسەۋ-
ۋۇپتىكى تراگېدىك خۇسۇسىيەت ئەجەب ئوخشاش-
قۇ؟ نېتزىنىڭ «خۇدا ئۆلدى!» دېگىنى بىلەن
مەنسۇر ھەللاجنىڭ «ئەنەلھەق، مىنەلھەق» (ئال-
لاھەق، مەنمۇ ھەق) دېگىنى ماھىيەتتە ئوخشاش
بىرلا گەپقۇ؟ فىروئىدنىڭ جىنسىي تەلىماتى بى-
لەن تەسەۋۋۇپتىكى «ئىشق» پرىنسىپى، فىرو-
ئىد تەلىماتلىرىدىكى «يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئاشكارى-
لىنىشى» بىلەن تەسەۋۋۇپتىكى خۇدانىڭ «لەھ-
زە» دە ئايان بولۇشى نېمىدېگەن يېقىنلىقتا ئىگە؟
! ئۆزگىلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت نامراتلىقىدىن
قاقشىسا، بىز ھەممە نەرسە ئۆزىمىزدە بار تۇ-
رۇپ، ئۆزىمىزنى تاپالماي ئاۋارە! ئۆزىمىزنى تا-
پالمىساق قانداقمۇ دۇنياۋى ئېقىمغا قوشۇلالاي-
مىز؟ «بارلىق ئىلىملەر ئۆزىنى بىلىشتىن باش-
لىنىدۇ» دەيدۇ ئىمام غەززالى. «توققۇز كېلىنى-
نىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ» دېگەندەك، يېڭى ئە-
سىرنىڭ بوسۇغىسىدا تارىختىن قېپقالغان ۋە دۇن-
ياۋى رىقابەت كەلتۈرۈپ چىقارغان جىددىي ئېھ-
تىياجلار بىزنى تەرەپ - تەرەپتىن قىستاپ كەل-
مەكتە. زامانىۋى مەدەنىيەت مۇھىتىدا تەمتىرە-
ۋاتقان بىزلەرنى تەڭلىكتە قويۇۋاتقان بارلىق ئېھ-
تىياجلار ئىچىدە ئاچقۇچلۇق ۋە ھەل قىلغۇچ رول
ئوينايدىغان بىردىنبىر ئېھتىياج ئۆزىمىزنى ۋە
دۇنيانى چۈشىنىش ئېھتىياجى. چۈنكى مەشھۇر
تۈركولوگ بارتولد ئېيتقاندەك: «ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كەلگۈسىمۇ باشقا
ھەرقانداق بىر مىللەتكە ئوخشاشلا ناھايىتى زور
دەرىجىدە دۇنيا مەدەنىيىتىگە قاتنىشىش تەرىپى-
دىن بەلگىلىنىدۇ». زامان بىزدىن ئاقىلانە تە-
پەككۇر ۋە سەنئەتلىك پارلىنىشنىڭ ھامىيلىقىدا
شەخسىيەتچىلىكنىڭ ۋەيرانە ساتمىلىرىدىن چى-
قىپ كېلىپ، ئۆزىمىزنى مىللەتنىڭ سىمۋولىغا
ئايلاندۇرۇشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. ھەدىس-
لەردە شۇنداق دەپتۇ: «ئۆزىنى بىلگەن خۇدانى
بىلىدۇ». مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يەنە ساھابى-
لەرگە: «خۇداغا ئىشەن، ئەمما تۆگەڭنى مەھكەم
باغلا!» دېگەنىكەن. ئۆزىنى بىلمىگەن ۋە سىم-
ۋول ئېگىنى يوقاتقان مىللەت ئاخىرقى ھېسابتا
چوقۇم ھالاك بولىدۇ. «ئۇرۇقىدا بولسا توپىسىدا
ئۈنىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئىشىنىمەنكى، قاتتىق
تولغاقتا دۇچ كەلگەن بۇ ئايال چوقۇم ئەركەك
تۇغىدۇ!

# بالىلىقنى سېغىنىش

## نۇرمۇھەممەت ياسىن



نۇرمۇھەممەت ياسىن 1974 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاۋات بازىرىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇغان. ئاپتورنىڭ تۇنجى ئەسىرى ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بالا شائىر سۈپىتىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «شىنجاڭ ئۈسمۈرلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلاردا 600 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە نەسرى، ئون نەچچە پارچە ئىلمىي نەزەرىيىۋى ماقالىسى، ھېكايە، ئوبزورلىرى ئېلان قىلىندى. 19 پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېزىت - ژۇرناللار ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەردە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «شىنجاڭ ئۈسمۈرلىرى» گېزىتخانىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 40 يىلدىن بۇيانقى بالىلار ئۈچۈن قەلەم تەۋرەتكەن ئون مۇنەۋۋەر مۇخبىر ۋە بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسىنى تاللاشتا تۆت مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئاپتورىنىڭ بىرى بولۇپ باھالاندى.

نۇرمۇھەممەتنىڭ ئەسەرلىرىدە بىر خىل يەڭگىل تىل رىتىمى ۋە كۆز يۇيۇرماقلىرىنىڭ يەڭگىل شىلدىرلىشى، تەبىئەتنىڭ چەكسىز سۈكۈتىدىن ئىبارەت سۆزۈك ھېسسىيات بار. ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

### چۈش دۇنياسى

چۈش دېگەننى بەك ئوماق،
ئەمما يىراق بەك يىراق.

ئالتۇن قانات چۈشلەرنىڭ،
رەڭگارەڭدۇر پەيلىرى.
نۇر يىپىغا ئايلىنار،
ئۇنىڭ ھەرخىل گۈللىرى.
يالغان ئەمەس چۈش ئەمما،
پەرىشتىنىڭ دەل ئۆزى.

قايلىغاندا ھەر سەھەر،
تاڭ شولىسى ئۇيۇقنى.
چۈشلەر ئاستا خوشلىشىپ،
كېتىپ قالار يىراققا
سۆيۈپ قويۇپ كىرپىكى.

ياش لىغىرلار چاناقتا
كۆزلەر قالار ئۇمچىيىپ.
چۈشۈم نەگە كەتكەندۇ؟!
تۆت قۇلاقمۇ قىر بويىدا؟
ماڭا پەقەت تۇيدۇرماي،
كەتكەنمىدۇ ئۆزگىرىپ؟

يازنىڭ ئىللىق كېچىسى،
جىمىرلايدۇ يۇلتۇزلار.
كىرپىكلەردە چىرايلىق،
چۈش قۇشلىرى شاخ ئاتلار.
تۇخۇم بېسىپ ئوڭدا،
پەرىشتىگە ئايلىنار.

يالغان ئەمەس چۈش دېگەن،
يالغانچىدۇر كۆزىمىز.
قايتىپ كەلگەن چۈش ئىچىدىن،
يالغانچىدۇر ئۆزىمىز.

چۈشلەر بىزگە بەك ئامراق،
چۈش دۇنياسى بەك يىراق.

### دېڭىزدىكى قۇياش

زەڭگەر - زەڭگەر دېڭىزلاردا،
قۇياش يۇيۇنار.
قۇياش، قۇياش ئاپئاق قۇياش
ھەر سەھەردە مەھەللىمىزگە،
نۇر بوپ قۇيۇلار.

نەم ساھىللار ئۈستىدە،
يالتىرايدۇ رەڭگارەڭ.
پوتىلارنىڭ ئىزى،
ئۇيناپ يۈرەر ھەر سەھەردە.
ساقىلىغا ئېسىلىپ،
ئۇيۇقنىڭ قىزى.
نە بىر قىزكى، سۆيۈملۈك
قۇياشنىڭ ئۆزى.

قۇياش، قۇياش دوستۇڭ يوق،
زەڭگەر دېڭىزدا.
تېزرەك ئۈزۈپ كەلگىنە بىر،
قېشىمىزغا.
ئاق بۇلۇتىن كۆڭلەك كىي،
بولسۇن شەپەق ياغلىقىڭ.
مارجان بولسۇن يۇلتۇزلار،
ھەسەن - ھۈسەن تاغىقىڭ.

ئاداش بولغىن بىز بىلەن،
ئايلىنىپ كەت بالىغا.
تەڭ بارايلى مەكتەپكە،
ساۋاقداشلار سېنىمۇ،
قوشۇۋالسۇن ئارىغا.

### ئۆزگەرمەس رەسىم

دەپتىرىمنىڭ ئۈستىگە،
سىزدىم يېشىل باھارنى.
كىچىك ئېقىن، چىغىر يول،
ئورمان ھەمدە قۇشلارنى.
شۇندىن بېرى مەڭگۈلۈك،

بىر مەنزىرە قېپقالدى.
دەپتىرىمنىڭ ئىچىدە،
باھار مېنىڭ بوپ قالدى.

ئۆزگەرسەممەن چوڭ بولۇپ،
ئۆزگەرمەسكەن ئۇ باھار.
ئېقىنلار ھەم چىغىر يول،
چوڭ بولماسكەن ئورمانلار.
بۇرۇنقىدەك ئاۋازدا،
سايرايدىكەن ھەم قۇشلار.
نۇرغۇن يىللار ئۆتسىمۇ،
ئۇنتۇلماسكەن ئۇ چاغلار.
بىر رەسىمگە ئايلىنىپ،
تۇيغۇم ئۇندا ساقلىنار.

رەسىمدىكى يول بىلەن،
بەكمۇ ئۇزۇن يول بېسىپ.
قايتسام بالىلىق دۇنياغا،
ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەرنى.
رەسىم سىزغان چاغلارنى،
بېرىدۇ يوللار ماڭا.

سۇلار ئەجەب سۈپسۈزۈك،
چۈمۈلەيىا، چۈمۈلەيىا.
قۇملار ئەجەب بەك قىزىق،
كۆمۈلەيىا، كۆمۈلەيىا.
«ئاپتاپ چىققىن، ئاپتاپ چىق،
بەش بالاڭنى باشلاپ چىق.
ئايلىنارمەن بىردىنلا،
بەكمۇ كەپسىز بالىغىلا.

كېلەر قويۇق ئورماندا،
توشقان قوغلاپ ئوينىغۇم.
گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ ھەم،
كېپىنەكلەر قوغلىغۇم.
چىمەنلەرنىڭ ئۈستىدە،
سۇزۇلۇپلا ئۇخلىغۇم.
«ئۇيقۇم نەگە كەتكەندۇ؟!»
راسا ئۇنلۇك توۋلىغۇم.

قۇشقاچلارغا ئەگىشىپ،
قونسام دەرەخ شېخىغا.
دېرىزىلەرنى چوقۇم ھەم،
تەگسەم بالىلار چىشىغا.
ئۇچۇپ كەتسەم، ئۇچۇپ كەتسەم،
ئاشۇ رەسىم قېشىغا.

ئۆزگەرمەستىن ئۇ رەسىم،
دەپتىرىمنىڭ ئىچىدە.
تۇرار مەڭگۈگە بىر خىللا،
باھار، ئېقىن، چىغىر يول.
قۇشلار ھەمدە ئورمانلىق،
ئەسلىمىگە ئايلىنىپ.
ساقلىنىدۇ دەپتەردە،
ساقلىنىدۇ دىلىمدا.

## بالىلىقنى سېغىنىش

بىلىپ ـ بىلمەي تۇيۇقسىز،
بىر كۈنى چوڭ بولغاندا.
بالىلىقىم تۇيۇقسىز،
قۇشقاچلارغا ئايلىنىپ.
ئۇچۇپ كەتكەن ئورمانغا،

ئۇ جاي يىراق، بەك يىراق.
نەدىكىنە ئۇ ئورمان؟
قىزىق ـ قىزىق ئويۇنلار،
قىزىق ـ قىزىق چۆچەكلەر،
خىياللارغا لىق تولغان؟

بىلمەس ئۇنى ھېچ كىشى،
بىلمەس زادى نېمىشقا.
قانىتىمنى چوقۇلاپ،
تەييار ئىدىم ئەمەسمۇ.
ئۇجمىلەرگە قونۇشقا،

نەگە يۇتۇپ كەتكەندۇ،
قايتىلانماس ئۇ كۈنلەر.
دەپ بەرمەيدۇ ئۇ جاينى.
ئۇۋۇچىمىكىن دەپ قالغاچ،
تاغ باغرىدا كېپىكلەر.

چۈشەنمەيدۇ سۆزۈمنى،
چېچەكلەردىن چوڭ بولغان.
شاخ ئۇچىدا ئۇرۇكلەر،
ئۇچۇپ كېتەر يىراققا.
«ۋىتىۋىلداق، ۋىتىۋىلداق»
مېنى كۆرۈپ بۇدۇنلەر.

ئويۇنلىرىم تونۇماس،
خىياللىرىم تونۇماس.
چاقىر دېسەم بالىلىقنى،
يېتىرقاپلا مېنىڭدىن.
ھېچبىر نەرسە ئۇنىماس،

ـ ئىھ، بالىلىق، بالىلىق،
مەن سېغىندىم سىلەرنى ـ
ـ بىزمۇ سېغىندۇق، سېغىندۇق.
ـ تۇتۇڭلارچۇ قولۇمنى،
سىلەر بىلەن تەڭ ئويناي،
ئىھ، تونۇمىدۇق، تونۇمىدۇق.

ـ يىل بوۋايغا ئېيتىڭلار،
يانسۇن بىردەم ئارقىغا.
قېشىڭلارغا ئۇچايچۇ،
ئايلىنىپلا بىر كۈنى
كىچىككىنە قۇشقاچقا.

بولاي مەن بىر كېپىنەك،
ئايلىنىڭلار گۈللۈككە.
يەنە يېشىل ئوتلاققا،
مەن ئايلىناي كېپىككە.

ئايلىنىڭلار دالىغا،
مەن ئايلىناي بالىغا.
بارايلى بىز قول تۇتۇپ،
يىل بوۋاينىڭ ئالدىغا.

ـ يىل بوۋاي، تەرسا بوۋاي،
كېتىۋېرەرمۇ توختىماي.
دوست بولغىن سەن بىز بىلەن،
بىر شېئىرنىڭ ئىچىدە،
يەتتە ياشتىن چوڭ بولماي.

## ئالبوم

مەن باھارنى سېپ قويدۇم،
ئالبومىمنىڭ ئىچىگە.
باھار يېشىل بوپ قالدى،
ئايلىنىپلا ياپراققا،
ئايلىنىپلا ھەم گۈلگە.

كېپىنەكلەر ئىزدەيدۇ،
«گۈللەر نەدە؟
دالادا.»
قۇشلار ئىزدەر ياپراقنى
دەرەخلەردە،
ئورماندا.

يىللار دېگەن بەك ئۇزۇن،
باھار شۇ خىل قېپقالدى.
ئۆزگەرمىدى ئۇ ئەسلا،
كىچىككىنە بىر تال گۈل.
ئىھ، ھەممىنى ئەپقالدى.
قۇش ئۇنتۇلغان باھارنى،
مەن كۆرىمەن بىر گۈلدىن.
ھېچكىم بىلمەس بالىلىقنى،
مەن تونۇيمەن ئالبومدىن.

# ئانام

(ھېكايە)

بۇمەريەم شېرىپ

ئانام 40 ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بوي ئايال. ئۇ بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئانامنىڭ قوڭدۇزدەك قاپقارا چاچلىرى ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان بولۇپ، دائىم چېچىنى سىلىق تاراپ كەينىگە چىڭ تۇرمەكلىۋالىدۇ. ئاپئاق پېشانىسى، ھالرەڭ يۈزى دائىم خۇشخۇيلۇقنىڭ جىلۋىسىدە يالىلداپ تۇرىدۇ. ئۇ زېرەكلىكى، ئۆزىنىڭ تىنىم تاپماس بىر جۈپ قولى، تەپەككۇردىن توختىمايدىغان نېرۋىسى، زادىلا ھارمايدىغان بىر جۈپ پۇت - قولى ئارقىلىق ئائىلىمىزنى ئىللىق، توققۇزى تەل جەننەت ھۇزۇرى بېرىدىغان بىر ئائىلە قىلىپ چىققاندى.

ئانام قىشمۇ - ياز سەھەر سائەت بەشلەر بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ئەتىگىنى ئويغانسام ئالدى بىلەن كۆرىدىغىنىم ئۇنىڭ بىرەر ئىش قىلىۋاتقان ھالىتى، كەچتە ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان ۋاقتىمدىمۇ، يەنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرىدىغىنىممۇ ئۆي ئىشلىرى قىلىۋاتقان ھالىتى ئىدى.

ماڭا نىسبەتەن ئانامنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئادىتى بار. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا قانداق تەلەپچان بولسا، ئۆيدىمۇ بىزگە شۇنداق تەلەپچان ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ھەممىمىزنىڭ شەخسىي تازىلىقىغىمۇ تەلەپ قوياتتى.

بەش ياش ۋاقتىم ئىدى. بىر كۈنى ئانام بىلەن ئىككىمىز مۇڭداشقاچ ئۆي تازىلاۋاتاتتۇق.

- قىزىم، قىز بالا بار ئۆيدە نېمە ياتمايدۇ؟ - دېدى ئانام كارىۋاتنى سۈپۈرگەچ مەندىن دائىم سورايدىغان سوئالىنى تەكرارلاپ.

- قىل ياتمايدۇ، - دېدىم مەن قىلچە تەمتىرىمەي ئادەت بولۇپ كەتكەن بۇ سوئالغا جاۋابەن.

ئانام بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قانائەتلەنگەن ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

- ئادەمنىڭ تەبىئىتى كىچىك، گۆدەك ۋاقتىدىن تارتىپ يېتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئۇ قانغا سىڭىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، ئەيىب - نۇقسانلىرىنى تەھلىل قىلغاندا «بۇ ئادەت ئۇنىڭ قېنىدا بار، بۇ ئۇنىڭغا بالا ۋاقتىدا تەگكەن كېسەل» دېيىشنىڭ داۋلىسى بار دەپ ماڭا ئۆينى پاكىز تۇتۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغانىدى. . .

شۇنداق، بۇ سوئال - جاۋابلار ئانام ئىككىيلەنگە ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى. ھازىرمۇ بۇ سوئال - جاۋابلار ۋە نەسىھەتلەر ئۆيدە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. . .

ئانامنىڭ ئائىلىدىكى چەبدەسلىكى، خىزمەتتىكى ئىقتىدارىغا ھەممىمىز قايىل. ئۇ ئۆيدە كۆپ ۋاقتىنى بىزگە ئاجرىتاتتى. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزدىن تارتىپ قانداق ئويۇن ئوينىشىمىزغىچە، ھەتتا سومكىغا ئوقۇش ماتېرىيالىنى قاچىلاش، يول ماڭغاندا، تاماق يېگەندە، ئۆگىنىش قىلغاندا، ئولتۇرۇپ - قوپقاندا قىياپەتلىرىمىزگە نەزەرىنى نېرى قىلمايتتى.

ئانام دائىم خۇشخۇي، قىزغىن، يۇمۇرلۇق كەيپىياتتا يۈرەتتى. زادىلا ئاچچىقلىنىپ چېچىلمايتتى. خىزمەتتە بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا «بۇگۈن كەيپىم تازا جايىدا ئەمەس، قوپال تېگىپ قالسام ئەپۇ قىلىڭلار» دەپ ئەسكەرتىپ قوياتتى. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئەيتاۋۇر ئانام ھەر قېتىم ئۆيگە كىرگەندە بىزگە ئالەمچە خۇشاللىق بىرگە كىرەتتى. بىز قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى قويۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى ئاتاتتۇق. ئۇنىڭ ئىشى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ، ھەپتىدە بىر قېتىم تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىمىزنى تەكشۈرەتتى. كونسپېكلىرىمىزنى كۆرەتتى. بىرقانچە ئىلىمدىن، ھەتتا باشقىلار نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدىغان، لېكىن بىلمىسە بولمايدىغان ئەقلىي ئۇقۇمدىن «ئىمتىھان» ئالاتتى. بۇنداق «ئىمتىھان» كۆپ ھاللاردا تاماق ئېتىۋاتقاچ، ياكى ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتقاچ بېجىرىلەتتى.

بەزىدە ئويلاپ ھەيران قالىمەن. ئانامنىڭ بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ چاچلىرىغا ئاق كىرىپ، ماگىزىنىمۇ - ماگىزىن ئارىلاپ چاچ بويىقى ئىزدىشىپ يۈرۈشىدۇ. لېكىن ئانامنىڭ چاچلىرى قاپقارا، بوياقتىن خالىي. . .

ئانام ھەقىقەتەنمۇ پەرىشتە سۈپەتلىك ئانا. مەن ئانامنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن ۋە ئىرىشىپ ئوقۇپ ئانامنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن.

# غەزەللەر

## بابا رەھىم مەشرەپ

نەشرگە تەييارلىغۇچى مۇھەممەت پولات

**مۇھەررىردىن:** غەزەللىرى مۇقام تېكىستلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىغا جان ئاتا قىلغان، تالاي كلاسسىك شائىرلارغا تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنداقلا خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان مۇتەپەككۇر شائىر بابا رەھىم مەشرەپ (1653 ـ 1711) ئۇيغۇر، ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ناۋائىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىككىنچى بۈيۈك نامايەندە. مەردانىلىق، ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئىلاھىي ئىشق تېشىپ تۇرغان مەشرەپ غەزەللىرىدىكى رەڭدار ۋە جىلۋىگەر ئىجادىي سەنئەت، پايانى بولمىغان بەدىئىي تەسەۋۋۇر كەڭلىكى ھەم شېئىرىي تەپەككۇر كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، يۈرەك تارىنى چېكىدۇ، مەست قىلىدۇ. . .

بىز كىتابخانلارنىڭ نادىر كلاسسىك شېئىرلاردىن زوقلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىندا نەشىر قىلىدىغان بابا رەھىم مەشرەبنىڭ «تاللانغان شېئىرلار» ناملىق كىتابىدىن بىر تۈركۈم غەزەللەرنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

ئاپتى جانىم ئول سەنەم قاشى قاراسىنى كۆرۈڭ،
ئىككى يۈزىگە چولغىنىپ زۇلغى سىياسىنى كۆرۈڭ.
ھۇزۇ پەرىدىن تازىدۇر، شەمسۇقەمەر خىجىلدەدۇر،
كىم ئۇنى كۆرسە بەندىدۇر، ھۆسنى زىباسىنى كۆرۈڭ.
گاھ يارىم قىزىل كىيىپ، قىرمىزى چاچباغىن سىلىپ،
نازۇ ـ كەرەشمىلەر قىلىپ، ئەھدى ۋاپاسىنى كۆرۈڭ.
گاھ قىشىن چۇ يا ئېتىپ، كىرپىك ئوقى بىرلە ئېتىپ،
جادۇ كۆزىنى ئوينىتىپ، مەكرو بالاسىنى كۆرۈڭ.
مەشرەبى بىنەۋادۇرمەن ۋەسلى ئۈچۈن گادادۇرمەن،
ھەجرى ئوتىدا كۆيەدۇرمەن، يار جاپاسىنى كۆرۈڭ.

*　　*　　*

غەمزە كاپىر، ئىشۋە جادۇ، جىلۋە قالماقىم قېنى؟
كۆزى يەغمۇ، كىرپىكى ئوق، جالە قالپاقىم قېنى؟
تىرى مۇژگان، غەمزەسى كۆپ يار ئۈچۈن دىۋانىمەن،
ئەسلى قالماق، زاتى قىرغىز، لالە پايپاقىم قېنى؟
غۇنچە ئى گۈللەر ئېچىلماي زەپىران قىلدى خازان،
داد ئېتەر گۈل غۇنچىسىغا ياسۇمەن ساقىم قېنى؟
داغۇ ـ داغ ئۈستىدىدۇر باغرىم قىزىل قان ئەشكىدىن،
سىمتەن رۇخسارەئى، تەن نوقرە بۇرغاقىم قېنى؟
يار مەشرەب، ئىشق ئوتىنى قويدى جانىم ئۆزرەكىم،
چوق ـ چوق ئەتتى كۆڭلۇم ئاتەشپارە چاقماقىم قېنى؟

*　　*　　*

مەن كىمگە ئەيتاي دوستلىرىم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى،
سەدپارە قىلدى يۈرەكىم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
تۈن ـ كېچىلەر داد ئەيلىسەم، ھەردەم سېنى ياد ئەيلىسەم،
ئىشقىڭدا پەرياد ئەيلىسەم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
شامۇ سەھەر گىريان بولاي، يولۇڭدا سەرگەردان بولاي،
ئاخىر ساڭا قۇربان بولاي، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
ھەمدەم بولاي مەيخانىگە، ساكىن بولاي بۇتخانىگە،
باشىم قويای ئاستانىگە، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.

ئىشق ئەھلىگە ھەمدەم بولاي، ھەق يولىغا مەھكۇم بولاي،
دەرگاھىغا مەھرەم بولاي، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
دىۋانە ئى شەيدا بولاي، مەن تالىبى مەۋلان بولاي،
خەلق ئىلىگە رەسۋا بولاي، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
مەشرەبكە قىل لۇتفۇ كەرەم، ۋەھدەت شارابىنى دەمبەدەم،
ئەي ساھىبى لەۋھۇ قەلەم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.

* * *

بو تىنى خاكىنىيۇ روھىي رەۋاننى نە قىلاي؟!
بولمىسا قېشىمدا جانانە بۇ جاننى نە قىلاي؟!
يارىسىز ھەم بادىسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك،
ئىبراھىمدىن قالغان ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي؟!
ئۆرمەنمۇ باشمە سەككىز بېھىشتۇر دوزىخىن،
بولمىسا ۋەسلى ماڭا، ئىككى جاھاننى نە قىلاي؟!
ئەرشنىڭ كۆنگۈرىسىن ئۈستىگە قويدۇم ئايىقىم،
لاماكاندىن جاي ئېلىپمەن، بۇ ماكاننى نە قىلاي؟!
زەررەئى نۇرى قۇياشتەك بۇ جاھان ئىچرە تامام،
ئاشكارا بولمىسا، سىرى نىھاننى نە قىلاي؟!
بىر خۇدادىن ئۆزگىسى بارىچە غەلەتتۇر مەشرەبا،
گۈل ئەگەر بولسا قولۇمدا، ئول تىكەننى نە قىلاي؟!

* * *

ئىشقىڭ ئوتىغا ئۆرتەپ ھەردەم چۇ كۆيەي دەرمەن،
ئول شەمئى جامالىڭغا پەرۋانە بولاي دەرمەن.
موژگانىڭ ئوقىن ئېتىپ، قېنىمنى تۆكەر بولساڭ،
قانىم بىلە، ئەي جانا، ئالەمنى بۇياي دەرمەن.
يۈزۈڭ بىلە قاشىڭدىن ئۆزگىگە نەزەر سالسام،
خەنجەر ئالىبان قولغا كۆزۈمنى ئۇياي دەرمەن.
رەھىم ئەيلىسە گەر دىلبەر ھەم ئاچسا نىقابىنى،
مەن خەستىسىمەن دوستلار، تويغىچە كۆرەي دەرمەن.
مەن دەشتۇ مۇھەببەتدە تەشنا بولىبان يۈردۈم،
سون ۋەسلى شارابىدىن، ئەي ساقىي، توياي دەرمەن.
مەشرەب سېنى دەپ دىلبەر، كەچتى ئىككى ئالەمدىن،
رەھىم ئەيلىگىن، ئەي جانا، ۋەسلىڭگە يېتەي دەرمەن.

* * *

جىلۋە ئەيلەپ شوخلۇقتىن جانىم ئالغان سەنمۇ سەن؟
يا مېنىڭ روھىي راۋانىم، جىسمىم ئارا جان سەنمۇ سەن؟
بۇ باشىم ئايلاندۇرار ئىشقىڭ شامالى ھەر تەرەپ،
گۈلشەنى ئىشقىڭدا قىلغان بىدى لەرزان سەنمۇ سەن؟
ئىچمەيىن ۋەسلىڭ شارابىن، تەگدى بەد نامىلىق ئوقى،
ھەسرىتىڭدە ئەيلىگەن يەر بىرلە يەكسەن سەنمۇ سەن؟
زىننىتى ھۆسنىڭنى ئىزدەپ تاپمىدىم دۇررۇ گۆھەر،
مەدەنى كۆزدىن چىقارغان دۇررى مارجان سەنمۇ سەن؟
شامىدەك ئەل بەزمىنى روشەن قىلىپ ھۆسنىڭ بىلەن،
جانىم ئۆر تەرگە پىراقىڭ نارى سوزان سەنمۇ سەن؟
مېھنەتۇ دەردىمنى سورماي، غۇنچىدەك ئاغزىڭ ئېچىپ،
ئەلگە ئىشرەت باغى ئىچرە گۈلى خەندان سەنمۇ سەن؟
سايىدەك يۈردۈم ئاياغىڭ ئىزلىرىغا سۈركۈلۈپ،
باقمىدىڭ بىردەم تۇرۇپ، سەرۋى خىرامان سەنمۇ سەن؟
ھەر كۆڭۈل سەيدى ئۈچۈن زۇلغۇڭ كەمەندىن ئويىنىتىپ،
سىپھىر ئېتىپ ئەقلۇ - ھوشۇم، قىلغان پەرىشان سەنمۇ سەن؟
ھەر زامان ئەيلەپ غەزەپ مەشرەبكە تارتىپ تىغى تېز،
بۇ تېنىم سان - سان ئېتىپ ئىتلارغا سالغان سەنمۇ سەن؟

# ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدىكى زور نەتىجە

— ئازات سۇلتاننىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى ھەققىدە

**كېرىمجان ئابدۇرېھىم**

بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارمۇ خۇددى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم ۋە زۆرۈر. ئىلمىي جەھەتتە بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىنى ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «ئەدەبىي ئىجادىيەت» ۋە «ئەدەبىياتشۇناسلىق» دەپ ئىككى چوڭ تەركىبىي قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. بۇ تەركىبىي قىسىملار ئىچىدە ئەلۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ئاساسلىق مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بولمىسا ئەدەبىياتمۇ بولمايدۇ، بىر پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ مەركىزىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەر تۇرىدۇ. ئەمما، ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۆزىلا ھەممىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ھەممىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولالمايدۇ. ئەدەبىيات گەۋدىسىدە يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات - تەنقىدچىلىكمۇ، بىر پۈتۈن ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيىسىمۇ ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تارىخىمۇ بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئەدەبىياتشۇناسلىق بولمىسا، بۇنداق ئەدەبىيات بىر پۈتۈن ئەدەبىيات بولالمايدۇ؛ ئەگەر ئەدەبىياتشۇناسلىق بولمىسا، شۇ دەۋر، شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئىجادىيەت نەتىجىلىرى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى نامايان قىلىنماي، ئىلمىي يوسۇندا باھالانماي، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنماي قالىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئەدەبىيات رېئاللىقىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەمىزدە ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ جانلىنىش بولۇپ، ئاز بولمىغان ئېسىل، مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىمىز سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنمىدى، ئىلمىي باھالانمىدى. ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدىكى بۇنداق ھالەتكە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئىقتىدارلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور ئازات سۇلتان ئۆزىنىڭ يىرىك تەتقىقات ئەسىرى - «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە خاتىمە بەردى. بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان بۇ ئەسەر بىزنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىياتشۇناسلىق تارىخىمىزدىكى مۇھىم بىر نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىدا ھەقىقەتەن ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەدەبىيات. ئۇ بىر ئالاھىدە تارىخىي دەۋرنىڭ ئەدەبىياتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە بولغان تەخمىنەن يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي تەتقىقات جەريانىدا، بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن بۇيانقى يېڭى دەۋر باسقۇچىدا غايەت زور نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنى ئومۇمىي جەھەتتىن «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن» دەپ سۈپەتلىسەك بەلكىم مۇبالىغە بولماس. چۈنكى بۇ دەۋردە ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ھەقىقەتەن ناھايىتى تېز بولدى، زور كۆلەمدىكى ئەدىبلەر قوشۇنى شەكىللەندى، ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ژانىر - شەكىللىرىدە دىڭگۇدەك ئەسەرلەر ئىجاد قىلىندى، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى ئۈستۈن بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەقىقەتەن يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى؛ بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلەرنى ياراتتى. ئازات سۇلتاننىڭ كىتابىدا بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ مانا مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرى تارىخىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىن باھالانغان، تەھلىل - تەتقىق قىلىنغان ھەم كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئازات سۇلتاننىڭ «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابى ئادەتتىكى تەتقىقات كىتابى ئەمەس، بەلكى ئۇ دۆلەتنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە 8 - بەشيىللىق تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دۆلەتلىك تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە تۇنجى قېتىم نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىدە، سىستېمىلىقراق، مۇكەممەلرەك تەتقىق قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ سەۋىيىسى، نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەتقىقات تېمىسى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلانغان بولۇپ، بۇ تېمىنى باھالاپ بېكىتىش گۇرۇپپىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇ كىتابقا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن.

«بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنىڭ مۇھىم بىر ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرى، نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرى سىستېمىلىق ھەم مەخسۇس تەتقىق قىلىنغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولۇپ قالدى. ئۇ مۇشۇ ئەھمىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇردى. ئازات سۇلتاننىڭ بۇ تەتقىقات تېمىسىنى تاللىشىمۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. كىتابنىڭ «كىرىش سۆز» ىدە تەتقىقاتچى: «20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلانغان ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى تېز تەرەققىي قىلىپ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەدەبىياتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەر بىر تىنىق - نەپەسىنى ئاڭلاپ تۇرغانلارنىڭ بىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمدە بىر خىل مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ھېس قىلدىم. مانا مۇشۇ مەجبۇرىيەتنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە . . . ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبـ

ياتىدىن ئىبارەت چوڭ تېمىنى قولغا ئالدىم، بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە گەرچە نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، بولۇپمۇ ئايرىم ئاپتورلار ھەققىدە تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ماقالىلەر يېزىلغان ۋە ئايرىم ئەسەرلەرگە ئوبزورلار ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن ئىجادىيەتنى بىر گەۋدە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىش-قانۇنىيەتلىرىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى نەزەرىيىۋى خۇلاسىلەش يېتەرسىز بولغاچقا، مەزكۇر تەتقىقاتىمدا مانا مۇشۇ ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتتۇم» دەپ يازغىنىدەك، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزنى تەتقىق قىلىشتەك بۇ مۇھىم ئەدەبىياتشۇناسلىق تېمىسى ئىلگىرى ئىزچىل تۈردە ئېتىبارسىز قالغان، بولۇپمۇ ئۇنى مەخسۇس، سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئىشى قولغا ئېلىنمىغانىدى. بۇ تەتقىقات ئۈچۈن تۈنجى قېتىم قەلەم تەۋرەتكەن ھەم ئەجرىگە يارىشا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن تەتقىقاتچىمىز ئازات سۇلتان بولدى. مۇبادا ئازات سۇلتاننىڭ مۇشۇ ئەمگىكى بولمىغان بولسا، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇشۇنداق تەتقىقاتنىڭ قاچان رېئاللىققا ئايلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى.

«بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان مۇھىم بىر تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇپ، نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئازات سۇلتان ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئەتراپلىق تەربىيىلىنىشىنى، مول بىلىمىنى، كۈچلۈك تەتقىقات ئىقتىدارىنى بۇ كىتابىدا نامايان قىلغان. بۇ كىتاب مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىش، ھەرقايسى ژانىرلاردىكى ئىجادىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلەش ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلار ھەم ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار ھەققىدىكى تەتقىقاتتا ئومۇمەن يۈكسەك بىر سەۋىيە يارىتىلغان. كىتابتا مۇشۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى چۈشەندۈرۈش، بايان قىلىشتا، ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىش ۋە باھالاشتا، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش - خۇلاسىلەشتە، شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىشتە ئومۇمەن يېڭىچە نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر، نەزەرىيىۋى قاراشلار ئاساس قىلىنغان. ھەر خىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىشتا ۋە باھالاشتا يېتەكچى قىلىنغان نەزەرىيىلەرنى «يېڭىچە» دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. بۇ كىتابتا مۇنداق يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلىنىشى ۋە خۇلاسىلىنىشى بىر تەرەپتىن بۇ كىتابنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئۈلگە بولغان، شۇنداقلا ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئازات سۇلتان كىتابتا يالغۇز يېڭىچە نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن، بەلكى يەنە يېڭىچە تەتقىقات - تەنقىدچىلىك ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشنىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. تەتقىقات - تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىنىڭ كونىلىقى، بىر خىللىقى ۋە نىسبەتەن ئاددىيلىقى - نۆۋەتتىكى ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا گەۋدىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئازات سۇلتان بۇ كىتابىدا كونا، قاتمال، بىر خىل، ئاددىي تەتقىقات - تەنقىدچىلىك ئۇسۇلىدىن دادىللىق بىلەن ھالقىپ چىقىپ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بويىچە، كۆپ خىل نۇقتىدىن چىقىپ تەھلىل - تەتقىق قىلغان، باھالىغان ۋە شەرھىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ھەر خىل يوشۇرۇن مەنىلىرى، قىممەت قاتلاملىرى نامايان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ھەقىقىي رەۋىشتە نامايان قىلىنغان. بۇ ئارقىلىق ئوبيېكت تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە ماھىيەتلىك تەتقىق قىلىنغان، تەتقىقاتنىڭ سەۋىيىسىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. قىسقىسى، بۇ كىتابتا ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى جەھەتتىكى كۆپ خىللىقى، چەكسىز مۇمكىنچىلىكلىرى ۋە نەزەرىيە جەھەتتىكى يېڭىلىقلىرى مۇناسىپ دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

داڭلىق ئەدەبىياتشۇناس ئۆتكۈر ئەپەندى ھايات ۋاقتىدا بۇ كىتاب ھەققىدە توختىلىپ: «كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ئىلمىي، سىستېمىسى پۇختا ۋە جانلىق. يەنى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانى كىتاب قۇرۇلمىسىدا ماكرولۇق غول لىنىيە، ھەر بىر ژانىر ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەر مىكرولۇق يانداش لىنىيە قىلىنىپ، غول لىنىيىگە كىرىشتۈرۈلگەن. شۇڭا، قۇرۇلمىدىكى مەنتىقچانلىق ۋە پۇختىلىق كىتابخانلاردا روشەن تەسىرات پەيدا قىلالايدۇ» دېگەنىدى. دەرۋەقە، كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، كىتاب ھەم ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ھەققىدە بىزگە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىدۇ، ھەم مەشھۇر يازغۇچىلار ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر ھەققىدىكى تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىكىدە زامانىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى، مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، تەتقىقاتچى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى كونكرېت نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا، جۈملىدىن يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا ۋە ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەسەرلەرنى تەھلىل - تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرگەن. تەتقىقاتچىنىڭ تەتقىقات مۇددىئاسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتى، ياراتقان يېڭىلىقى، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئەدەبىيات گەۋدىسىگە قوشقان تۆھپىسى ئاساسىدا كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشقان. ئەسەر ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندىمۇ تەتقىقاتچى بۇ مۇددىئاسىغا ناھايىتى ئۇتۇملۇق يەتكەن.

«بۇگۇنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابنىڭ يەنە بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى، ئالاھىدىلىكى ۋە داغلىق ئەسەرلەر ھەققىدىكى تەھلىل - تەنقىداتلار ۋە باھالار ھەقىقەتەن ئوبيېكتىپ، چوڭقۇر ۋە يىغىنچە بولغان. تەنقىدچى بۇ ئەسىرىنىڭ «ئىجادىيەت تەنقىداتى» قىسمىدا ئۇيغۇر بۇگۇنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە مۇۋەپپەقىيىتىگە ھەقىقەتەن چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئىجادىيىتى پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىدە ياكى مەلۇم ژانىردا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان يازغۇچى - شائىرلارنى ھەم ئۇلارنىڭ مۇھىم، ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ئاساسلىق تەنقىدات ئوبيېكتى قىلغان. تەنقىدچىنىڭ تەنقىدات ئوبيېكتىنى بۇنداق تاللىشى بۇ تېمىنىڭ قىممىتىنى ۋە زۆرۈرىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ھەقىقەتەن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەنقىدچى بۇ ھەقتىكى تەنقىداتىنى ئاساسەن دېگۈدەك تەنقىدات قىممىتىگە ئىگە بولغان، تەتقىق قىلىش زۆرۈر بولغان ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ۋە مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان. تەنقىدات تېمىلىرى، مەزمۇنلىرىنى ئەدەبىيات رېئاللىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تاللىغان ھەم بېكىتكەن. ئۇلار ئۈستىدىكى تەھلىل - تەنقىدات ۋە باھالارمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئوبيېكتىپ بولغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى، يازغۇچى - شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدىكى تەنقىدات خېلى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك ۋە يىغىنچە بولغان. كىتابتا داغلىق ئەدىبلىرىمىزگە ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىگە يىغىنچاقلىشىپ شۇنداقلا ماھىيەتلىك باھالار بېرىلگەن، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى، تۆھپىلىرى، قىممىتى ۋە يېتەكلىگۈچىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋردىكى ئەدىبلىرىمىزگە، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە بېرىلگەن باھالاردا بۇ نۇقتا تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاپتور، باغراشنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىسىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق ئومۇملاشتۇرغان: «باغراشنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت مۇساپىسىگە نەزەر سالساق، ئۇنىڭ ئەنئەنە - يېڭىلاش - ئالاھىدە مەنىدىكى يۇكسەك ئەنئەنە ۋە مىللىي روھتىن ئىبارەت بۇ ھالقىسىمان قۇرۇلما ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. باغراش مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك سىياسىي بوھران نەتىجىسىدە چارچىغان، يېڭى بىر روھىي پارلاقلىققا تەقەززا بولۇۋاتقان، ئۇچۇر ۋە رىقابەت ئېتىكى كۈچەيگەن يېڭى بىر تارىخىي دەۋردە ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلدى ۋە بىر سەنئەتكارغا خاس بەدىئىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەدرىجىي ھالدا ئادەتتىكى «ياخشى - يامان» تامغىسى بېسىلغان ئادەملەرنى يېزىشتىن، ھەقىقىي «گۆش ۋە ئۇستىخىنى» بار بولغان ئادەملەرنى يېزىشقا؛ بىر خىل قېلىپقا چۈشكەن كونا شەكىلدىن ئۆزگىچە، قېلىپى بۇزۇلغان بەدىئىي شەكىللەرگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. ‹ئوبرازلىق تەپەككۇر› ۋە ‹تېپىك مۇھىت›نى تارلاشتۇرۇۋالىدىغان ئەنئەنىۋى رامكىلارنى بۇزۇپ، ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان، بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن پەلسەپىۋى تەپەككۇرنى ئورگانىك ھالدا باغلىغان يىغىنچە مۇھىت ياراتتى. مىللىتىمىزنىڭ ئەپسانە توقۇش دەۋرىدىن قېپقالغان ئىپتىدائىي، تەبىئىي ئېتىقادى ۋە مىللىي ئۇدۇملىرىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە ئېلىپ كىرىپ، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى زامان مەنىۋى كېسەللىكلىرىگە مەلھەم ئىزدىدى» . دېمەك، ئاپتور بۇ قىسقا باياندىلا باغراشنىڭ ئىزدىنىش - يېڭىلىق يارىتىشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مۇشۇ جەھەتتە ئۇيغۇر پروزىچىلىقىغا قوشقان يۇقىرىقىدەك تۆھپىسىنى بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەر ئارقىلىقلا ناھايىتى ئىخچام، ئوبرازلىق مۇئەييەنلەشتۈرگەن، شۇنداقلا باغراش ئەسەرلىرىنى مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ تەھلىل - تەتقىق قىلغان، باھالىغان. بۇنداق تەنقىدات ۋە باھالار كىتابتا ئومۇمىيلىق بولۇپ، ھەر بىر يازغۇچى - شائىر ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىگە مۇناسىپ تەرىپلەر بىلەن تەرىپلەنگەن، باھالار بىلەن باھالانغان.

ئازات سۇلتان بۇ كىتابىدا يەنە يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى ھەم ئالاھىدە ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھېسابلىنىدىغان «گۇڭگا شېئىرلار» بىلەن «ئىزلەنمە ھېكايىچىلىق» قىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. كېيىنكى يىللاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا نۇرغۇن مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولغان بۇنداق يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە قارىتا تەنقىدچى يېڭىچە ئەدەبىيات قارىشىدىن چىقىپ مۇئامىلە قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبلىرىنى، تەرەققىي قىلىپ بېرىش جەريانلىرىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرگەن، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى، ياراتقان يېڭىلىقلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان، شۇنداقلا «گۇڭگا شېئىرلار» ۋە «ئىزلەنمە ھېكايىلەر»نىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەت - ئالاھىدىلىكلىرىنى خۇلاسىلەپ چىققان. مۇشۇ ئاساستا «گۇڭگا شېئىرلار» بىلەن «ئىزلەنمە ھېكايىچىلىق»نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېقىنقى تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس مۇۋەپپەقىيەت - ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى ۋە بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گەۋدىسىدە مۇھىم، ئىجابىي ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. يېڭىچە ئەدەبىيات ھادىسىلىرى، يېڭىچە خاھىش - ئۇسلۇب، يېڭىچە بەدىئىي ئۇسۇل - ماھارەتلەر ھەققىدىكى بۇنداق تەنقىداتلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئىلھام بېرىش، يېتەكلەش روللىرىنىمۇ ئوينايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئازات سۇلتاننىڭ «بۇگۇنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا» ناملىق بۇ يىرىك ئىلمىي ئەسىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدە يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەيدانغا كەلگەن زور نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزنىڭ ئەدەبىيات رېئاللىقىغا ھەقىقىي رەۋىشتە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس، سىستېمىلىق تەنقىدات ئېلىپ بېرىشقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئازات سۇلتاننىڭ بۇ ئىلمىي ئەمگىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن، جۈملىدىن تەنقىدات - تەنقىدچىلىك ساھەسى ئۈچۈن ناھايىتى ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ۋە يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## چەت ئەل شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

# ئون ئىككى

(داستان)

### ئالېكساندىر بلوك [روسىيە]

ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** شائىر ئالېكساندىر ئالېكساندىروۋىچ بلوك (1880 - 1921) روسىيە شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى گىگانت شەخسلەرنىڭ بىرى.

ئۇ پېتىربورگتىكى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئەۋزەل ئائىلىۋى شارائىت ئاستىدا سۈپەتلىك تەربىيە كۆرگەن. 1898 - يىلى پېتىربورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1901 - يىلى شۇ مەكتەپنىڭ تارىخ - تىلشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ ئوقۇغان. 1906 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن.

بلوك «ئاياللارنىڭ مېھرىبانلىقى ئاستىدا قوپال، ياۋايى تۇرمۇشتىن خالى» چوڭ بولغاچقا، نازۇك خاراكتېر ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى زىل روھىيەت ھادىسىلىرى بىلەن كۆپرەك باغلانغان، سەنئەت جەھەتتە ئىستېتىزم، رومانتىزم، سىمۋولىزم خاھىشلىرىنى نامايان قىلغان. شائىر مەشھۇر خىمىك مىندىلېفنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن باقىيانە شېئىرىي نازاكەتنىڭ سىماسى دەپ قارىغان، ئۇنىڭغا بېغىشلاپ نۇرغۇن لىرىك شېئىرلارنى يازغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇھەببەت، ئۈمىد، ئازاب، تەنھالىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىگەن.

بلوك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن رېئاللىققا يۈزلىنىپ، بىر قىسىم لىرىكىلارنى يازغان. ئۇنىڭ «ئون ئىككى» ناملىق داستانى مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۈلگىسى. ئەسەردە شائىر سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا ئەينى دەۋردىكى ئىنقىلاب بىلەن كونا دۇنيا، ئۇرۇش بىلەن مۇھەببەت، نامراتلىق بىلەن ھۆرلۈك ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتلەرنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

كىتابخانلىرىمىز روسىيە سىمۋولىزم شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى سۈپىتىدىكى بۇ داستان ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا تىل، مۇرەككەپ قاتلام، ئۆتكۈر رېئال تۇيغۇدىن تەركىب تاپقان شېئىرىيەت ئۇسلۇبىدىن مەنپەئەتدار بولغۇسى.

1

قارا ئاخشام.
ئاپئاق قار.
شامال، شامال!
ئادەملەر تۇرالماي يىقىلار.
شامال، شامال -
يەر - جاھاننى بىر ئالار.

ئاپئاق قارنى،
شامال توزۇتار
قار ئاستىدىكى مۇز
كۆرۈنۈپ قالار.
ھەر بىر يولۇچى
تېيىلىپ كېتىدۇ
ھەي بىچارىلەر.
بىنادىن بىناغا،
تارتىلغان ئارقان
ئۇنىڭغا پىلاكات ئېسىلغان:
«ھوقۇق مەنسۇپ قۇرۇلتايغا»①
موماي ھەسرەتتە

تاشلىدى يىغلاپ
ئىشىنىڭ ۋەجىنى
بىلەلمەي ئويلاپ
نىمە قىلار پىلاكاتنى
ئىسراپ قىلىپ
شۇنچە كۆپ رەختنى؟
چىقاتتى باللارغا پايپىما قانچە
يالىڭاياغ،
يالىڭاچ يۈرەر بارچە.

مېڭىپ موماي توخۇدەك
كولتوك قاردىن ئۆتىدۇ نەستە.
- ئاھ، باش پاناھىم
مەريەم ئانا
- بولشېۋىكلار ئادەمنى
كۆممەكتە مانا.
قاتتىق شامال!
ئەزۋەيلىدى قەھرىتان!
ياقىسىغا تىقىپ
تۇمشۇقىنى
بىر بۇرژۇئا

دوقمۇشتا تۇرىدۇ ئاران
كىم ئۇ؟- چاچلىرى پاخپايغان
دەيتتى بىراۋ پىچىرلاپ
- سانقىنلار!
- بەربات بولدى روسىيە!
يازغۇچىمىكىن ئۇ -
ناتىقمىكىن- يا!
كىيگەن ئۇزۇن تون -
كېتىپ بارغان بىر چەتتە يۈرۈپ
خۇشال ئەمەس نېمىشقا شۇتاپ
يولداش پوپ؟

ئېسىڭدىمۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن
قورساق سۆرەپ چىققاننىڭ ئالغا
قورسىقىڭدا كىرىست

---

① بۇ 1918 - يىلى يانۋاردا روسىيىدىكى ھەرقايسى بۇرژۇئا سىياسىي پارتىيىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئەكسىلئىنقىلابىي شوئار بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلار بولشېۋىكلارنىڭ «ھاكىمىيەت سوۋېتلىكلەرگە مەنسۇپ» دېگەن شوئارىغا قارشى تۇرغان.

چاقناپ كۆرۈنەتتى يۇقراغا؟

خۇرۇم پەلتۇ كىيگەن بىر خېنىم.
يەنە بىر خېنىمغا
قالدى دوقۇرۇپ
- بىز يىغلىدۇق، قاقشىدۇق...
تېپىلدى
ھەم گۆپپىدە يىقىلدى!

ھەي، ھەي!
قوپ، بولمىسا ئۆمىلە!
كەپسىز شامال
تېرىكتۇرەر، خۇش قىلار.
ئېتەكلەرنى قايرىپ تۇرار
ئادەملەرنى يىقىتار
تىتىلىپ يىرتىلار،
پوملىنار
ئاشۇ يوغان پىلاكات:
«ھوقۇق مەنسۇپ قۇرۇلتايغا!»

ئېلىپ كېلەر
شامال مۇنۇ سۆزلەرنى: ①
... بىزدىمۇ قۇرۇلتاي...
... مانا مۇشۇ بىنادا...
... كېڭەش قىلدۇق -
چىقاردۇق قارار:
سائىتىگە ئون يۈەن،
بىر كېچىگە يىگىرمە بەش...
ئۈنىڭدىنمۇ كەم بەرسە -
ھېچكىممۇ ئالماس...
... نېمە قىلىمىز ئۇخلىماي...

يېرىم كېچە.
كوچا قۇپقۇرۇق
بىر جاھانساز
تۇرار مۆكچىيىپ
شامال تۇرار ھۇشقۇتۇپ...
ئەي، بىچارە!
كەل، سۆيۈشەيلى...

بولكا!
كېيىن قانداق بولار؟
مېڭىڭلار!

قارا، قارا تۈننىڭ ئاسمىنى.
شۇملۇق، ئاھۇ - زارغا
تولغان شۇملۇقلار
يۇرۇقلايدۇ كۆكۈلدە...
قارا شۇملۇق،
مۇقەددەس شۇملۇق...
يولداش! ئىخلاستا
ئاۋايلاپ قارا.

2

شامال قىيغىتار،
قارلار پىرقىرار،
ئون ئىككى ئادەم
ئىلگىرىلەپ ماڭار.

مىلتىقلاردا قارا تاسمىلار،
ئەتراپلاردا يانىدۇ ئوتلار...

ئېغىزدا تاماكا،
مىجىلغان شەپكە،
يەلكىلەرگە غىشىنىڭ تۈزى
كەشتىلەنسە! ②

ئەركىنلىك، ئەركىنلىك
ھەي، ھەي، كرىستىسىز بولسا③

تىرا - تا - تا.

سوغ - ھە، بۇرادەرلەر،
بەكلا سوغ!
- ۋانكا بىلەن كاتكا قاۋاقتا...
ئايالىنىڭ پۇلى بار پايپاقتا!
- بېيىپ قالدى ۋانيوشكا شۇتاپ...
- بىزنىڭ ئىدى،
ئەمدى ئۇ بولۇپتۇ ئەسكەر!

- ھەي، ۋانكا دېگەن بۇرژۇئا،
ئىتنىڭ بالىسى
سۆيەلەمسەن،
سىناپ باق مېنىڭكىنى!

ئەركىنلىك، ئەركىنلىك
ھەي، ھەي، كرىستىسىز بولسا!

كاتكا بىلەن ۋانكا ئالدىراش
نېمىگە ، نېمىگە؟...

تىرا - تا - تا!

ئەتراپلاردا يانىدۇ ئوتلار...
مىلتىق تاسمىسىنى
ئاسقىن مۈرىگە...
ئىنقىلاب سېپىدە بولۇڭلار مەردان!
تىنىمسىز دۈشمەنلەر
ئۈگدىمەس ھامان!

بۇرادەر، ئال قورالنى،
قورقما ھەرگىز!
مۇقەددەس روسىيىگە
ئوقنى تەگكۈز -
ئاشۇ مەزمۇن،
ئاشۇ قىشلاق.
ئەشۇ قوپال روسىيىگە!

ھەي، ھەي، كرىستىسىز بولسا.

3

كەتتى بىزنىڭ بالىلار
گۋاردىيىگە خىزمەتكە -
جاننى قۇربان ئەتمەككە.

ئاھ، سەن ئازاب سۇلتانى،
شېرىن ھايات ئارمانى!
جۇل - جۇل شىنىل،
ئاۋستىرىيە قورالى! ④

جاپا تارتسۇن بۇرژۇئا،
ئوتتا قالسۇن كەڭ دۇنيا،
دۇنياۋى ئوت تومۇردا -
مەدەت بەرگىن، ئەي، خۇدا! ⑤

4

قار پىرقىرار، ھارۋىكەش تووۋلار،
ۋانكا بىلەن كاتكا ئۇچار -
چوقايدا كىچىك پانار...
ھاي، ھاي، يولنى بوشتىڭلار!...

كىيىپ ئەسكەر چاپىنى
ئوخشىغان ئۇ مەتۇغا.
قولى بىلەن
تولغاپ قارا بۇرۇتنى
قىلار ھەزىل پاراڭنى...

قاراڭلار، ۋانكىغا
- يەلكىسى كەڭ!
قاراڭلار، ۋانكىغا
سۆزگە بەك چېچەن!
قۇچاقلاپ
كاتكا دېگەن ئەخمەق قىزنى
ئېيتىدۇ
شېرىن - شېكەر سۆزلەرنى...

---

① دوقمۇشتىكى پاھىشىلەرنىڭ سۆزى.

② قىزىل غىشىنىڭ تۈزى - ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى، ئېغىر جازا بېرىلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ دۈمبىسىگە شۇ شەكىلدىكى قىزىل لاتا تىكىپ قويۇلاتتى.

③ دىنسىز دېگەن مەنىدە.

④ سۇپىتى ناچار كونىچە قورال.

⑤ ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن قوشاقلاردىن ئېلىنغان.

كاتنكا بېشىنى
ئەگدى كەينىگە،
چىشلىرى كۆرۈندى
ئوخشاپ ئۈنچىگە...
ھەي، كاتىيە، مېنىڭ كاتيىم①
يۈزى قېلىن كاتىكا...
5

ئەي، كاتىيە بوينۇڭدا،
تېخى تولۇق پۈتمەپتۇ يارا.
كاتىيە،
كۆكسۈڭدە بار يېپيېڭى يارا!
ھەي، ھەي كېلىپ ئۇسسۇل ئوينا!
بۇدرۇق پۈتۈك تولغاندۇر تازا!

ماڭدىڭ كېيىپ گۈللۈك ئىچ كۆڭلەك
ماڭغىن، يەنە مېڭىۋەر!
ئوينىدىڭ سەن ئوفىتسېر بىلەن -
ئوينا، ئويناپ يۈرىۋەر!

ھەي، ھەي، راسا ئويىنغىن!
تېپچەكلىسۇن يۈرىكىڭ!

شۇ ئوفىتسېر، كاتىيە
قۇتۇلالماس تىغىمدىن...
ئېسىڭدىمۇ، جەللىگۈر؟
چىقاردىڭمۇ يادىڭدىن؟

تۇتقىن ئېنىق ئېسىڭدە،
ئىككىمىز ھەمىشەم
بولايلى بىللە!

كېيىپ كۆلرەڭ كالاچىنى،
يېدىڭ
«ئېزىتقۇ قىز» ماركىلىق شاكىلات،
ئوفىتسېر بىلەن ئويناپ -
ئەمدى قالدىمۇ سولدات؟

ھەي، ھەي ئوينا،
پاتقىن گۇناھقا!
كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ شۇندا!
6

... يەنە شۇ ھارۋا،
ھارۋىكەش تېزلىتەر تۇۋلاپ...
توختا! ياردەم قىل ئاندىرۇخا!
كەينىمدىن كەل، پېتىرۇخا!...

تىرا - تىرارا - تا - تا - تا!

قارلار ئۇچار ھاۋادا.
ھارۋىكەش
ۋانكا بىلەن قېچىپ كەتتى!...
يەنە بىر رەت باسقىن تەپكىنى!...

تىرا - تىرارا! بىلدىڭمۇ مانا،
غەيرىي قىز بىلەن
بولۇشنى ئاشنا!...

قاچتى ئۇ ئەبلەخ!
توختا، خەپ توختا،
ئەتىلا ساڭا سالىمەن نۇقتا!

كاتىكا قەيەردە
ئۆلدى، ئۆلدى!
ئوق كېلىپ ئۇنىڭ
بېشىغا تەگدى!

خۇشالمۇ سەن، كاتىكا؟
كەلمىدى سادا...
جەسىتىڭ تېپتىنچ
يېتىپتۇ قاردا!...

ئىنقىلاب سېپىدە
بولۇڭلار مەردان!
تىنىمسىز دۈشمەنلەر
ئۇگدىمەس ھامان!
7

كەلمەكتە يەنە
ئون ئىككى ئادەم،
ئۆشنىسىگە ئېسىلغان قورال.
پەقەت شۇ بىچارە قاتىلنىڭ
چىرايى تاتارغان
ئەھۋالى ئۇسال...
قەدەمنى تېزلەتتى
يولنى قىلغانچە داۋام
ئۇنىڭ بويىندا شارپا،
ئەمەس كۆڭلى شاد - خۇرام.

- يولداش، نېچۈن ھالىڭ پەس؟
- بارمۇ سەندە ئەندىشە؟
- پېتىرۇخا، نېچۈن بېشىڭ پەس؟
كاتىكادىن دەرد - ئېسە؟

ئەي، سۆيۈملۈك يولداشلار،
سۆيگەن ئىدىم بۇ قىزنى...
ئۆتكۈزگەنتۇق تالايلاپ
قاپقاراڭغۇ، گۈزەل كېچىنى...

- ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزىدە،
يانار ئىدى جەسۇرلۇق
ئوق مۇرىسىدە ئۇنىڭ
قىپقىزىل مەڭ يالقۇنلۇق،
ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم مەن كالۋا،
ئاچچىقىمغا پايلىماي
بىردەمدىلا... ئاھ!

- ھەي، يارامسىز، ۋالاقلىما
خوتۇن كىشىمۇ سەن،
پېچكا؟②
- يۈرىكىڭنى بىرەمتىڭ يېرىپ؟
شۇنداق قىل، قېنى!
- غۇرۇرۇڭنى ساقلا!
ئۆزۈڭنى تۇت، لەقۋا!

- نەدە تۇرۇپتۇ ۋاقىت،
تىلەيلى دېسەڭ بەرداش!
ئۆشنىمىزدە يۈكىمىز ئېغىر.
سۆيۈملۈك يولداش!
ئىلدام قەدەمنى
ئاستىلاتتى پېتىرۇخا...

كۆتۈرۈپ قەددىنى،
تېتىكلەشتى...

ھەي، ھەي،
كۆڭۈل ئېچىش ئەمەستۇر گۇناھ!
ئۆيگە ئوبدان قاراڭلار
كىرىپ قالار بۇلاڭچى!

- ئامبارلارنى ئېچىڭلار -
كەمبەغەللەر كىرىپ ئوينىسۇن!
8

ئاھ، سەن ئازاب سۇلتانى!
ئەڭ ئېغىر ھەسرەت،
ئەجەللىك زېرىكىش!
ھامان بىر كۈنى
ئويناپ كۆلەرمەن...

دائىم بېشىمنى
قاشلايمەن، قاشلايمەن...

ھەمىشە پەلەس
چاقىمەن، چاقىمەن...

قەلەمتۇراچ بىلەن
سېنى تىلىمەن!...

---

① كاتېرىنانىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.
② پېتىرۇخانىڭ ئەركىلەتمە نامى.

كاپىتالىست، سەن قوچقاچ
بولۇپ ئۆچ
قىنىڭنى ئىچمەن
قارا قاشلىق دىلبىرىم ئۈچۈن.

ئەمىن قىل
ئاجىزەڭ روھىنى، خۇدا...
بۇرۇقتۇرمىلىق!
9

ئاڭلانمايدۇ شەھەر شاۋقۇنى،
نىۋا سائەت مۇنارى جىمجىت،
ژاندارما ئاۋازى ئاڭلانماس ئەمدى -
باللار، مەيسىزمۇ
ئويناپ ناخشا ئېيت!

دوقمۇشتا تۇرىدۇ بىر بۇرژۇئا
ياقىسىغا تىقىپ بۇرنىنى.
تۈكلىرى ياتغان لالما ئىت
تىترەيدۇ تىقىپ قۇيرۇقىنى.

بۇرژۇئا تۇرىدۇ
ئېچىرقىغان ئىتتەك
ئۇن - تىنسىز تۇراتتى
خۇددى سوئالدەك
كونا دۇنيا
لالما ئىتنىڭ سىياقىدا،
قۇيرۇق قىسىپ
تۇرىدۇ ئارقىسىدا.
10

ئەزۋەيلىدى شىۋىرغان،
ئاھ، شىۋىرغان، شىۋىرغان!

تۆت قەدەم ئارىلىق تۇرسىمۇ ئاران،
بىر - بىرىنى كۆرمەيدۇ ئاۋام!

قار قۇيۇندەك چۆرگىلەيدۇ،
قار تۈۋرۈكتەك ئۆرلەيدۇ...

- ھەي، نېمانچە شىۋىرغان،
خۇدا قىلسۇن ئامان!
- پېتىكا، ھەي، ئېيتمىغىن يالغان!
مېھراپ ئالدىدىكى زەرباب
قالالىدى نېمىدىن ئاسراپ؟
سەن ھەي
ئۆزىنى سورىمىغان ئادەم

دۇرۇس سۆزلە ھەم ئويلان
كاتىكانى دەپ قوللىرىڭنى
سەن ئەمەسمۇ قىلغان قان؟
- ئىنقىلابنى قەتئىي
قىلىڭلار داۋام!
دۇشمەنلەر يېنىڭدا،
ئۇخلىماس ھامان!

ئالغا، ئالغا، ئالغا،
مېھنەتكەش ئاۋام! ②
11

... مۇقەددەس نامى يوق
ئون ئىككىسى ③
كېتىپ بارار يىراققا،
ئۇلار تەييار ھەممىگە.
ئۆكۈنمەس ھېچ نېمىگە...

پولات مىلتىقلىرى
تەڭلىنەر قايسىسىدۇ دۇشمەنگە...
تار كوچىلاردا،
قۇترىماقتا شىۋىرغان...
ئاقفۇ پەيلىرىدەك
قار دۆۋىسىدە -
پاتقان ئۆتۈكۈڭنى
چىقىرالمايسەن...

قىزىل بايراق
چېلىقار كۆزگە.

ئاڭلىنىدۇ رەتلىك
قەدەم تىۋىشى.

- ياۋۇز دۇشمەن
ئويغاندى مانا...

ئاچۇرمايدۇ كۆزنى شىۋىرغان
كېچە - كۈندۈز
تاپمايدۇ ئامان...

ئالغا، ئالغا
مېھنەتكەش ئاۋام!
12

... مەغرۇر قەدەم بىلەن
بارار يىراققا...
- قايسىڭ ئۇ يەردە؟
چىققىن بۇ ياققا!

شامال قىزىل بايراق بىلەن
ئىشرەت قىلار ئالدىدا...

ئالدىدا سوغ قار دۆۋىسى،
دۆۋىدە كىم بار، كەلگىن بېرى!...
ئېچىرقىغان بىچارە ئىت
ئاقسىغانچە چىقىپ كەلدى...

- يوقال، سەن ئۆلگۈر،
نەيزەمدە
ئۇچۇقداپ قويىمەن بىكار!
كونا دۇنيا ئوخشايدۇ لالما ئىتقا،
نېرى كەت
تۆشۈك ئاچىمەن سەندىن بىكار!
ھىجىيىدۇ چىلبۆرە
قويرۇق قىسىپ ئەگىشىدۇ
توڭلاپ كەتكەن، ئىگىسىز ئىت
كېلىشۋاتقان كىم ئۇ، ئېيت؟

- كىم ئۇ قىزىل
بايراق لەپىلدەتكەن؟
- قارىغىنە، نەقەدەر زۇلمەت!
- كىم ئۇ، ئۇ يەردە يوگۇرگەن
تاملارنىڭ كەينىدە
بولۇپ پىنھان؟

- سېنى ھامان تۇتۇۋالىمەن
ياخشىسى تىرىك
پېتىڭ چىق ئالدىمغا!
- ھەي، يولداش، يەتتى ئەجىلىڭ،
چىق، چىقمىساڭ ئاتىمىز مانا!

تا - تا - تات! - ئەكس سادا
ياڭرايدۇ تاملار ئارا
كولتوك قارنىڭ ئۈستىدە
شىۋىرغان كۈلەر ئۇدا...
تا - تا - تات!
تا - تا - تات!
ئۇلار مەغرۇر كېتىپ بارار -
لالما ئىت ئەگىشىپ بارار،
ئالدىدا قىزىل ئەلەم بىلەن
شىۋىرغاندا كۆرۈنمىگەن،
ئوقتىن زەخمە يېمىگەن
شىۋىرغان ئۆزرە
ئۇ بارار يەڭگىل قەدەم بىلەن
قار يىرقىرار، چاقناپ ئۈنچىدەك
تاقىغان ئۇ
ئايئاق گۈلچەمبەر -
ئالدىدا بارىدۇ ئەيسا پەيغەمبەر.

---

① كاپىتالىست بىلەن قوشقاچ بولۇپ ئۆچ!
② بۇ ئىككى مىسرا روسىيىدە ئەينى ۋاقىتتا تارقالغان ئىنقىلابىي ناخشا «ۋارشاۋا ئىنقىلاب كۈيى» دىن كەلگەن.
③ ئون ئىككى گۋاردىيىنى كۆرسىتىدۇ. خىرىستوس ئەيسانىڭ ئون ئىككى مۇرىدىغا تەققاسلانغان. بۇ ئون ئىككى نەپەر گۋاردىيە جەڭچىسى يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئەلچىسىگە سىمۋول قىلىنغان.

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

△ تەھرىر بۆلۈمىمىز يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن ئىگىلىشىچە بۇ يىل تۆۋەندىكى بىر يۈرۈش كىتابلار نەشىردىن چىقىدىكەن. ياش يازغۇچى پەرھات تۇرسۇننىڭ ئىنچىكە پسىخىك تەسۋىرلەر ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ روھىي دۇنياسى قېزىلغان، مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي مۇھەببەتلىك كەچۈرمىشلەر ئارقىلىق ھايات، مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم قاتارلىق مەڭگۈلۈك تېمىلار ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى تۇنجى قېتىم بىنورمال جىنسىي پسىخىكا تەسۋىرلەنگەن «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» رومانى؛ ئامانئۇر ئابدۇرۇسۇلنىڭ 40 - يىللاردىكى ئۈرۈمچى ۋەزىيىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدە ئۈرۈمچى رايونىدا گومىنداڭغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب تەسۋىرلەنگەن «تاڭ ئالدىدا تۇغۇلغانلار» رومانى؛ ھاجى مىرزايىت كەرىمىنىڭ نۇرنىسانىڭ چەت ئەلدىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ھاياتى تەسۋىرلەنگەن «جۇدالىق» (2 - كىتاب) رومانى؛ مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ئاۋات شەھىرىنىڭ يېڭى پۇقراسى» رومانى؛ مۇھەممەتجان سادىقنىڭ رۇستەمنىڭ تۇرمىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى يېزىلغان ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەسۋىرلەنگەن «زۇلپىقار» رومانىنىڭ 3 - قىسمى؛ توختى ئايۇپنىڭ ئىنسانىيەت، ھاياتلىق ۋە تەبىئەت توغرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن ئەنئەنىۋى رېئالىزم ۋە سېھرىي رېئالىزم ئۇسۇلى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن «بۆرە ئانا» رومانى؛ تۇرسۇن لېتىپنىڭ دەۋرىمىز سودىگەرلىرىنىڭ يېڭىچە ئوبرازى يارىتىلغان «سەپەر» رومانى؛ يازغۇچى مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان «ئالتۇن چىشلىق ئىت»، «چوشقىلارغا بايرام» ناملىق بىر قاتار ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ھېكايىلەر توپلىمى؛ ياش يازغۇچى ئەركىن ئەمەتنىڭ «مازار چاشقىنى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى؛ غەيرەت ئاسىمنىڭ «قىزىل ئاسمان» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى؛ تۇرسۇنجان مۇھەممەتنىڭ «كۈيىقاپتىكى تەبەسسۇم» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى؛ جالالىدىن بەھرامنىڭ «دانۇر تاغا» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى؛ ياش نەسرىچى ئەنۋەر تاشتۆمۈرنىڭ «تەنھا قىز» ناملىق نەسرلەر توپلىمى؛ ئوسمان قاۋۇلنىڭ «ئەپيۇنگۈل» ناملىق نەسرلەر توپلىمى؛ شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش»، مۇختەر بۇغرانىڭ «تىرىلگەن ماتەم» ناملىق شېئىرلار توپلىمى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە مەتتىمىن شىپەنىڭ «ئاخىرقى ئۆتۈنۈش»، سۇلتان ھاشىمنىڭ «يىلانلىق قورۇق» ناملىق پوۋېستلار توپلاملىرى؛ چوپاننىڭ «ئاخىرقى تەبەسسۇم»، ئابدۇۋەلى قادىرنىڭ «لەۋ سۇرۇقنىڭ سىرى»، مۇھەممەت لېتىپنىڭ «قوش گۈمبەز»، ئېزىز سېيىتنىڭ «رىشتىمىز باغلانغان يوللار»، مۆمىن مۇھەممەتنىڭ «چايخانىدا»، روزى ھوشۇرنىڭ «قەھرىماننىڭ ئوغلى» ناملىق ھېكايە - پوۋېستلار توپلاملىرى؛ ئالىمجان ئىسمايىلنىڭ «ھەر كاللىدا بىر خىيال»، تۇرسۇن قاسىمنىڭ «بۇلۇڭ - پۇشقاقتىكى ئىشلار»، ئۇلپەتنىڭ «ھارام مۇشت» ناملىق ھېكايىلەر توپلاملىرى؛ مەشرەپنىڭ «شاھ مەشرەپ غەزەللىرى»، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەرنىڭ «قۇربانلارنىڭ يۈرەك ساداسى»، مۇھەممەت روزىنىڭ «ئاتەش قەلبلەر»، ياسىن زىلالنىڭ «مۇھەببەت» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى؛ مۇھەممەت پولاتنىڭ «ساداقەت زېمىنىدا ساقلىنىدۇ»، «ئەدەبىيات - چىنلىق ۋە گۈزەللىك زېمىنى»، پازىل قادىرنىڭ «يازغۇچى ۋە ئۇنىڭ بۇرچى» ناملىق ئوبزور - ماقالىلەر توپلىمى ھەمدە چەت ئەل پوۋېستلىرىدىن جەۋھەرلەر بولغان لاۋرېنسنىڭ «تۈلكە»، كاۋاباتا ياسۇنارى، بالزاكلارنىڭ «ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال» قاتارلىق چەت ئەل پوۋېستلىرى توپلاملىرىمۇ بار ئىكەن.

△ شائىر قۇربان باراتنىڭ «قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق بەش توملۇق كىتابى يېقىندا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شائىر قۇربان بارات بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تەسىرى زور شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «يېشىل ھايات»، «ئاق روماللىق پەرىزات»، «قار گۈلى» ناملىق توپلاملىرى، «بوستان»، «م. يۇ. لېرمونتوۋ - داستانلار»، «ئا. س. پوشكىن - شېئىرىي چۆچەكلەر»، «مىس چەۋەنداز»، «ئاكا - ئۇكا قاراقچىلار»، «ئىسمىربەگ» ناملىق شېئىر - داستان تەرجىمە كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. يەنە ئۇ نەشرگە تەييارلىغان «سەددىي ئىسكەندىرىي»، «12 مۇقام تېكىستلىرى»، «دىۋات زوھۇرى» ناملىق كلاسسىك ئەسەرلەر كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. ئۇ ژۇرنالىستلىق ھاياتىدا تەھرىرلىگەن 300 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل مەزمۇندىكى كىتابلار نەشر قىلىپ تارقىتىلغان.

«قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ناملىق بەش توملۇق كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى شائىرنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىكى بىر قېتىملىق يەكۈنلەش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا نەشرىياتلاردا شېئىر توپلاملىرى بارغانسېرى ئاز نەشر قىلىنىۋاتقان ئەھۋالدا بۇنداق يىرىك شېئىرلار توپلاملىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى قانداقلا بولمىسۇن ئەدەبىياتىمىزدىكى مۇھىم بىر ئىش.

# مەرھابا يېڭى ئىستېمال

**مۇھەررىردىن:** ئۆتكەن زامان كىشىلىرىگە قارىغاندا بىز .شۇنىڭ ئۈچۈن تەلەيلىككى يېڭى ئىستېمال مۇھىتىگە ئىگە بولۇپ ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك، سۈپەتلىك ياشاۋاتىمىز. زامانىمىزنىڭ ئۈچۈر دەۋرى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەۋجۇت يېڭى ئىستېماللاردىن ناتونۇش ياشىساق بولماس. شۇ مەقسەتتە زامانىۋى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىپ ئېلان ئەدەبىياتى سەھىپىسى «مەرھابا يېڭى ئىستېمال» سەھىپىسىنى باشلىدۇق. بىز بۇ سەھىپىنى بىز بىلەن ھامكارلىق ئورناتقان بىرنەچچە گېزىت ۋە ژۇرنال سەھىپىلىرىدىمۇ ئېلىپ بارماقچىمىز.

## ساغلاملىق ۋە جياجياگەي

ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كەلگەن بىر خەنزۇ قېرىنداش بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا بىللە ساياھەتكە بارغىنىمدا ئۇ ماڭا شۇنداق دېدى: « سىلەر ياۋروپالىقلا ئوخشاش چىرايلىق كېلىدىكەنسىلەر» . مەن پەخىرلىك تۇيغۇ بىلەن ئەتراپىمغا قارىشىم بىلەنلا بۇ تۇيغۇم ئۇزاققا بارمىدى، مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ تەن ساپاسى زادى قانداق بولۇپ كېتىپ بارىدۇ، ئانچە - مۇنچە قاۋۇل، زەبەردەست كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يەنە پاكار، ۋىجىك، تاقىر باش، روھسىز، جانسىز. . . كىشىلەرنى كۆپ ئۇچراتتىم. بىزگە ئەسلى قاۋۇل، غەييۇر، گۈزەل تەن ئاتا قىلىنغانغۇ! بۇ ھەقتە كۆپ ئويلىنىپ كەتتىم.

ئەي ئاقىل ئېيتچۇ، مۇنۇ ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ تەن ئەيىبلىرىنىڭ سەۋەبكارى تەقدىردىنمۇ ، ئېرسىيەتتىنمۇ، ئۆزىدىنمۇ، ياكى. . .

«ھەممە سەۋەبنى ئۆزۈڭدىن ئىزدە» دەيدۇ بىر ئاقىل. راست، تەنمۇ پەرۋىشكە موھتاج. ئۇ خۇددى مايسىغا ئوخشايدۇ، قانداق پەرۋىش قىلساڭ شۇنداق يېتىلىدۇ، تەنمۇ بىر ئالەم، ئۇنىڭدىمۇ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا ئوخشاش تەڭپۇڭلاشقان ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەۋجۇت.

تەن، ئۇ روھنىڭ جېنى، ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھاياتنىڭ ماددىي شەكلى، ئۆزلۈكنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، گۈزەللىكنىڭ تاجى . . . تەندىكى قۇدرەت ئوزۇقلۇقتىن كېلىدۇ.

ئادەم زېمىندىكى مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي، ئەڭ ئەقىللىق ھەم بارغانسېرى ئەقىللىقلىشىۋاتقان جانلىق، ئىپتىدائىي ئىنسانلار يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىشنى ئۆگەنگەندىن باشلاپ يېڭى دەۋرگە، يەنى ئادەملىك دەۋرىگە قەدەم قويغان، زامانىمىزدىچۇ؟

يۇقىرى تېخنىكا ئىنقىلابى يەنە ئوزۇقلۇق ئىنقىلابىنىمۇ بارلىققا كەلتۈردى، سۈنئىي يېمەكلىكلەر، جەۋھىرىي ئوزۇقلۇقلار، ئىستىخىيىلىك قارىغۇلارچە ئوزۇقلىنىشتىن ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ئادىتىگە ئۆتۈش بۇنىڭ مىسالى. ئەي زاماندash، سىنىڭ تېنىڭ نوقۇل ئۆزۈڭگىلا تەۋە ئەمەس، ئۆز تېنىگە يۈز كېلەلمىگەن ئادەم باشقا مەجبۇرىيەتلەرگە يۈز كېلەلمەيدۇ، ھېچبولمىغاندا پەرزەنتلىرىڭنىڭ تەن پەرۋىشىگە مەسئۇل بولۇشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇما، شۇ چاغدىلا ئۆزۈڭگە، جۈملىدىن خەلقىڭگە يۈز كېلەلەيسەن.

ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك تويغۇچە ئوزۇقلىنالماسلىقنى كۆرسەتمەيدۇ، ئۇ بەدەنگە كېرەكلىك ماددىلارنىڭ كەملىكىنى كۆرسىتىدۇ، ساغلاملىقنىڭ سەۋەبى بەدەن قوبۇل قىلغان ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ تەڭپۇڭلاشقان مۇناسىۋەت نەتىجىسىدىن ئىبارەت. شۇڭا زامانىمىزدا پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بەدەن ساپا ئۆلچىمى تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىشىشىغا ئەگىشىپ كىشىلەر ئوزۇقلىنىشتا ئىلمىي ئۇسۇلغا ۋە زامانىۋى ئوزۇقلۇقلارغا ئېتىبار بېرىدىغان بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوزۇقلۇق كەملىكىدىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەر گەۋدىلىك، ئوزۇقلۇق كەملىكىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىسى نۆۋەتتە كالتسىي يېتىشمەسلىك بولماقتا، كېسەللىككە قارشى كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشىشى، ئىشتىيى تۇتۇلۇش، كۆپ تەر-

لەش، راھەت كېسەلى، ماغدۇرسىزلىق، جىسمانىي يېتىلىشتىكى كەمتۇكلۇك، چاچ چۈشۈپ تاقىر باش بولۇپ قېلىش، بالدۇر قېرىش. . . قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم سەۋەبى كالتسىي كەملىك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى، ھەربىر كىشىنىڭ كۈنىگە 800 مىللىلىتىردىن كالتسىي ئىستېمال قىلىشى كېرەك دەپ بەلگىلىگەن. ھالبۇكى، ئېلىمىزدە يېمەكلىكلەرنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىۋاتقان كالتسىي ماددىسى 500 مىللىلىتىرغىمۇ يەتمەيدۇ. سەھىيە تارماقلىرىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى ئارقىلىق ئېلىمىزدە ھازىر كالتسىي ماددىسىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان كېسەللىك 50 خىلدىن ئاشىدىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى تاماقلىنىش ئادىتىدە كالتسىي مىقدارى يۇقىرى بولغان پۇرچاق تېپىدىكى يېمەكلىكلەر ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئاز بولۇش سەۋەبىدىن كالتسىي تېخىمۇ كەم بولۇۋاتماقتا. ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆزىنىڭ تەن ساپاسىنى ئاشۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك، ئوزۇقلىنىشتا يېمەكلىكنى ئىلمىلاشتۇرۇش مۇھىم، يەنە بىر مەسلىھەت: بەدەندىكى كالتسىي كەملىكنى پەقەت جياجياگەي سۈيۇقلۇقىغا ئوخشاش ئوزۇقلۇق دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىقلا تولۇقلىغىلى بولىدۇ. ساغلام بەدەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختىنىڭ ئاساسى. بالىڭىز، ئاتا- ئانىڭىز، ھەمراھىڭىز، ئاكا - ئۇكا، ھەدە- سىڭىللىرىڭىزغا ۋە ئۆزىڭىزگە سىزدىن ئەڭ ياخشى سوۋغات جياجيا- گەي، چۈنكى بۇ دورىنىڭ ئەكس تەسىرى يوق، داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى، كالتسىي كەملىكنى تېز يوقىتىدۇ.

بۇ مەھسۇلات ئۆز دىيارىمىزنىڭ، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي ئىنستىتۇتى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتكە داڭلىق مەھسۇلاتى، ئۇ مەملىكەتلىك سۈپەتلىك تەربىيىلەش جەمئىيىتى ئانا - بالىلارنىڭ كالتسىي ئالمىشىشىنى تەتقىق قىلىش خىزمەت كومىتېتى تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن پۈتۈن مەملىكەتتە كالتسىي تولۇقلاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىردىنبىر مەھسۇ- لات.


《天尔塔格》文学双月刊
1998年 第3期

Tangritag TwoMonthly Literature
Journal In Uygur Language


«تەڭرىتاغ»
1998 - يىل 3 - سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：2818897，2819490 邮编：830002
印刷：新疆《工人时报》印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司（782信箱）
国内统一刊号：CN65 — 1012/1
邮局代号：58 — 83
零售价：4.40元


ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58_83
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن




ريستوراننىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى



ريستوراننىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى



ريستوران خىزمەتچىلىرى



سانجى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ھاشىم
ريستوراننىڭ ئىچىدە مۇرسەمەد


ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەشرەپ
ۋە مېھماندوستلۇق ئەنئەنىسى زامانىمىزدا


ريستوران مەدەنىيىتى ئارقىلىق نامايان بولماقتا. دوستلار، قېرىنداشلار خىزمەتتىن ھېرىپ - چارچىغاندا ريستورانلاردا جەم بولۇپ ئېسىل نازۇ - نېمەتتىن ئېغىز تېگىش بىلەن بىرگە يېقىملىق ناخشا - مۇزىكىغا تەڭكەش بولۇپ ھاردۇقىنى چىقارماقتا، ئۇيغۇرچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ريستورانلارنىڭ تاماقلىرى تەملىك ھەم ئەرزان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ريستورانلارنىڭ يېمەكلىكلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاندىن سىرت ناخشا - ساز ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ زامانىۋى مەشرىپىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەچكە شىنجاڭغا قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمانلار ئۇيغۇر ريستورانلىرى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مەشرەپ مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. يىپەك يولىنىڭ ھەم ھازىرقى قاتناشنىڭ مۇھىم ئۆتەڭى سانجى شەھىرىدە يېقىندا ئۇيغۇر ئالاھىدىلىكى بويىچە تۈنجى بولۇپ قۇرۇلغان ريستوران — «كارۋان ريستورانى» زامانىمىز كارۋانلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك بائالىيەت سورۇنى. باش دىرېكتور بەرھات ئەپەندى بارلىق زامانداشلارنىڭ «كارۋان ريستورانى» غا كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

قانۇنىي ۋەكىل: ئابلىمىت ياتتاق
ئادرېسى: سانجى شەھىرى ئوتتۇرا ئاسىيا سودا شەھىرى
تېلېفون نومۇرى: (0994) 2337748
چاقىرغۇ: 7901488 _ 126

# ئاسمان شاھى چېڭدۇ ئاسمىنىدا



سچۈەن خەلق[illegible]ەدلى قىز[illegible]ارشى ئالدى



ئادىل پولات سىمدىن يۈرمەكتە




ئادىل مەنزىلگە غەلىبىلىك يېتىپ باردى




[illegible]رباھە زاتلار ئادىلنى قىزغىن قوللىدى

3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئادىل هوشۇر سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھىرىدە ئىككى بىنا ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر، يەر يۈزىدىن بولغان ئېگىزلىكى 95 مېتىر كېلىدىغان پولات سىم ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىپ سىچۇەن خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇردى.



ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ساقچى تەرتىپ ساقلىماقتا



[illegible] ئارتۇق ئامما بۇ پائالىيەتنى كۆردى



ئاسمان شاھى بىلەن ئاسمان شاھزادىسى [illegible] ئايدا شاڭخەيدە ئۇچراشتى





مۇخبىرلار ئادىلنى [illegible]ت قىلماقتا